# BULAK



# بۇلاق

2

1993

زهی تخت جاه سکوه بر پایه چرخ    نی پایه کیم اول پایه غه سایه چرخ    خدالی تاج قدریکه کوهر خورباش
نی کوهر صدق وین مخبر قوباش    الا تا جهان مجره کوک سنغی ایرور    اولوس تقد عمری انکا اوقی ایرور
تنکی مجره سی جانا قوشی غه هنا    تن جانکا اوقی اولسون آله

بو مقدمات دین سونکرا حقایق اهلیغه روشن و دقایق خیلی غه مبرهن بولا ایرکین کیم حق سبحانه وتعالی باوجود اول کیم عالم نظامی و بنی آدم انتظامی دا ممدغه و زبید و معاون غه حاجتمند ایماس ایردی حکمت الهی کیم سر سیرین هیچ مخلوق جانبغه اثر و هیچ مدرک کونکلیکا خبر تو قتور ور مقتضی اول بولدی کیم عالم اهلی و بنی آدم خیلیغه عالیمقدار خلفا حکم روان و خلافت شعار سلاطین نافذ فرمان بولغایلار بولار غه خود دیانت مددکاری جاره و کفایت تیغ و زیردین نی کبر بولا الغای ایردی بس آینه کیم سلطنت کارخانه سیده داغی مناصب دین هر موجبه کا لایق فراست آیین هوشمند لارنی و هر حرکاکا موافق کیاست ترین خرد پیوند لارنی سلطنت امور یغه متعلق ایش لارکا تیتی اوچون سایر ناس دین تا تلاب و عامه خلق دین منتخب امارت نوروزی سی بیله سرافراز و وزارت زلیوجه او زره معامله پرداز قیلدی لار و بولار بیرکه جزوی کلی اشیکا کلی جزوی کیشی نی تعیین اتتی لار تا بو فرخنده زمان و بو خجسته دور کیم بو جمشید جناب قران سلطنت تحسین الدی و بو خورشید جوهر افشان عالم اهلی بکشتیغه سایه ترحیبین سالدی بو قدر رفق ته کور و بو رواق ستور بولغاندیک کلی مناسب نینک کلیاتی دین جزوی امور نینک جزویاتی غه دیکینچه منتظم و مکمل بولور دیکیل

ایلکاواجب

ایلکاواجب و لازم بولدی چون زمان نینک عظیم الشانی ... دوران نینک کریم الخلق فضلاء و علماسی و تموری نژاد شهزاده لار و بر... اسم بیک صدر نشین لار و ترخان رسم لیک عیش کزین لار و قنات ... مکرات حسب لیق متمکین لار و ابغوری صفات بخشی لار وایغور ... ادبغو رهبر ... وجوه لی نینک بیا بانی واجان سپار لیق قبلقان جانداز لار و بایری لیغی ایالی دا غند فشکار لیق جان سپار لار و جلایر ... و قوادجلین علاالاسی موجود ایردی و هر موجودیغه بر نوع مقصود پادشاهانه عنایت ترفاسی نی بر مناصب منصب بر له سربلند و خسروانه تربیت سربرسی نی موافق عمل غه شغل سوند قیلدی. بری صندلیغی مقام ایلادی سنکا مسند او زره خرام ایلادی بری زر و دیوانیده آشتی مهیر بری سر تب دیوانیغه ... بری رسمی بولدی صدارت مآب بری اسمی بولدی وزارت ایاب بری کامنیا اولدی مهر ... بری کام جوی اولدی پروانه دین برسی توشون سماری جکتی رقم بری سی تو ... ادی علم بری تابتی داروغه لیق حز تین بری اوزی سرخه ساری بوتین قنقتی بری ... عموم ایلیه بری اکتفا قیلدی رسوم ایلیه اگر خود زلیل ایردی کر ار قبند باری بولدی اوز کا نیغه بهره مند اگر چه بو خاکسار نینک آتا و بو کام اول حضرت نینک ابا و اجدادی خدمت لار یده اکیم هر بری سلطنت کانی نینک کوهری و شجاعت بیشه سی نینک غضنفری ایردی لار اول نوع مراتب غه سزاوار نینک مناصب غه کامکار بولغان ایردی لار اما بو حقیر هیچ نوع خدمت قه اوز قابلیتم نی جهنا ماکان جهت دین و هیچ تورلوک شغل قه اوز قوتیمنی انکلا ماغان سببدین بارچه مناصب نا ارانکیدین یوز و مکانه رودس و جمیع مدعالار ایوابین املایم کا مسدود قیلیب ایردیم

وه نه خوش شور اولکا او معنو تیدین بر نوش ایجار    هیت لیکیدین جمای ارتبه نرجه بوش ...
فرداو لنواکی جماد دین او زلو کیدین زر خوش ایتار    اعتقاد بر مولی عشق اراکیم خوش ایتار

کونکلوم اوتی بر له یاز و ساقی آهیم بر له قیش

غفلتیدین کینکاریغه علم عمل دین قیل صابون    تا که دانا لار رشیدا بولماغای سین کسر نکون
جهل ترکین توت کشی لیکه ایها تاکه اب ابت فنون    کیشی فنجی بنی جاهل کتیه تا نکه قی اوزه کون

کیم جعاریش دو کشی لیکدین اذه سینجاب کیش

عالم ایجره کیمکا تور لوک قیلدی یاکیم ایکر بیدور    باقی الغ جا بیغه اخ کلدی یاکیم ایکر بیدور
جوایاق اهیتا قالدی بو ریاکیم ایکر بیدور    تو زیول اوقو بیک کو تیلار سیین اوج یاکیم ایکر بیدور

دور هر بر کوشه دین بو غز بیوسالمیش دور کیرش

عشقینکا ر یوز د رغم د دینی تا رتا ر کونکلومه    هجر وابلا بر ده جانمنی بر تا ر کونکلومه
باوه ایتماس بن هجره دسیام کرفا یتار کونکلومه    ای نوایی دم اول ای مهر اتار کونکلومه


کرچه بیل لار دور کرا اول ترک محبت ایلامیش

کلی رخسار نینک ورارینه نمود شبنم کیبی قود    صفوای عکس ... کلکون یا شیم دریا کر خالی دور
یوز نینک دا هتیه اینی بیتی آتی تصور تیتی لام    بلوین کوز کوا و زره قطره افغان ذلالی دور
بنا کو شونکمه ا کیدو لار نی تشبیه ایلام اتا نکیوق    تا لون ای دو یده هر کیجه بر دین اتصالی دور
بلنینک یادی بیله بیچاره کونکلوم قالیو تا ریکیدین    انکا کل نخچه نینک یاره بو غلیتی کمالی دور
مسلسل ایکی زلفونک یاندین سیجاب ایلادی    کمند و ریکه عاشق لار نی بیدا تما اکه دالی دور
قدینکنی باغ ارا سرو رد انوا و خفته تب نوایی بس    کرجا او ترا اسید اکویا الف دیک تو سر حالی دور
کیجه کوندوز سیو تماین کر یانک اتقو ... تیغلار ...    بو سبکلیغ در دیم باعث دل ارایم جمالی دور
نوا بوجمن ای انکار یم ... جالیغه رحم املای    بایکی نیو شنی بیله ترکو مانکا اینک و بالی دور

نما ... ارابیل بار ره دو کیم غم کا تالیب مین
وصالینکا تا بجایین مجرو نیغه شاد او لماقی مجالی دور

تاریخ قد ربغه اوج یوز اون بش خرکوش بیل ما رجب نینک بیته ی ازینه کونی دا
بو واد النجات کتاب ثمانیه سیکان تمت الکتاب بعون الملک الوهاب
... کتابت ... تنی ... نی ... دان کرمن ... هرکم خوانده ی ...

www.uyghurkitap.com


بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى
14- يىل نەشرى
ئومۇمىي 43- سان
1993

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەت تۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتنەمىن يۇسۇپ، مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# 1993 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ۋەقفنامە........................ئەلشىر نەۋائى (6)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇھەببەتنامە........................موللا يۇنۇس (66)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سابىر ھاجى
مەھزۇن شېئىرلىرىدىن........................ (100)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت ئوسمان
ياۋا توشقان........................نورۇز ئاخۇن زىيائى (116)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھەمىت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەختۇمقۇلى شېئىرلىرىدىن........................ (117)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا........
........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (124)

## مەشھۇر كلاسسىكلار

ئۇلۇغ تۈركمەن شائىرى — مەختۇمقۇلى ........ قادىر ئەكبەر (143)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

غېرىپ - سەنەم (داستان) ........ (146)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەجنۇننىڭ قويۇل بولۇشى (چۆچەك) ........ (183)

جازانىخورنىڭ ۋاپاسىزلىقى (چۆچەك) ........ (186)
رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن

ساندۇقتىن چىققان ۋەسىيەتنامە (چۆچەك) ........ (189)
رەتلىگۈچى: يۇنۇس سەمەت

لەتىپىلەر ........ (191)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىمىتىپ رازىق

ھېكمەتلەر ........ (196)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مېھرىگۈل تۇرسۇن

بېيت - قوشاقلار ........ (198)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مويىدىن سايىت

يېڭى خەۋەرلەر ........ خاسىيەت روزى (208)


* *

رەسسام: ئىسمائىل ئىبراھىم.
خەتتات: قەييۇم مۇتەللىپ.
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچېڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: 1991 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىنغان قىستۇرما رەسىم. [رەسسام: ھۈسەيىن بېھزاد (ئىران)]

2 - بېتىدە: يۇقىرىسىدىكى «ۋەقفنامە» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت؛ تۆۋەندىكىسى مەھزۇن شېئىرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت؛

3، 4 - بېتىدە: پېشقەدەم شائىر، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر. (قەييۇم تۇردى، ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى)

# ۋەقفنامە

## ئەلىشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«ھاياتى بىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈرنىكى بولغان» ① مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) يالغۇز ئۇلۇغ ئەدىب بولۇش بىلەنلا قالماي، «ئۆمرىنى بۈيۈك ۋە گۈزەل ئىشلارغا بېغىشلىغان تەدبىرلىك ۋە ھەيۋەتلىك بىر دۆلەت ئەربابى ئىدى»②. ئۇنىڭ يازغان ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ③. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نەۋائى مىراسلىرى غايىۋى مەزمۇن، ئەخلاقىي پەزىلەت، بەدىئىي ئىستىل ۋە باشقا جەھەتلەردە ئەسىرلەردىن بېرى ئۈلگە بولۇپ كەلدى. «ۋەقفنامە» بولسا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىلىم-پەن ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى يولىدا كۆرسەتكەن غايەت زور پىداكارانە روھىنىڭ يەنە بىر تىپىك نەمۇنىسىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مۆھۈردار، دىۋان بېگى، ۋالىي، ئەمىر ۋە نائىب (پادىشاھنىڭ ۋەكىلى) قاتارلىق ئەمەللەردە بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىن سىرت، خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، خەلق تۇرمۇشىغا ۋە دۆلەتنىڭ تىنچلىقى، مۇستەھكەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجىر-مېھنەتلىرى ئۆز زاماندىشلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك باھالىرىغا ئېرىشكەن. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە: «پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە ھۈنەر ئىگىلىرىگە ئەلىشىر بەگدەك باشپاناھ بولغان ۋە مەدەت بەرگەن يەنە بىر ئادەمنىڭ كۆرۈلۈپ باققانلىقى زادى مەلۇم ئەمەس» ④ دېگەن. مەشھۇر تارىخچى خاندەمىر (ھىجرىيە 880 — 941) ئۆزىنىڭ «خۇلاسەتۇل-ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىلىم-ئىرپان ۋە ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلىرىگە قىلغان تەربىيە ۋە غەمخورلۇقلىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختالغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان ئىستېدات ئىگىلىرىدىن نەچچە ئونلىغان كىشىلەرنى مىسال كەلتۈرگەن⑤. نەۋائى بۇ خىل ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ شەخسىي مال-مۈلكىدىن چىقىم قىلغان، دۆلەت ھېسابىدىن ھېچ نەرسە ئالمىغان، ئۆزىمۇ

www.uyghurkitap.com

دۆلەتتىن ئىش ھەققى ياكى مائاش ئالمايلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت چىقىملىرى ئۈچۈن كۆپىنچە ئۆز مەبلىغىنى سەرپ قىلغان. بۇ ئەھۋال «ۋەقفنامە» دىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. «بابۇرنامە» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان⑥.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاۋام خەلق ئۈچۈن، بولۇپمۇ پەقىر - مىسكىنلەر ئۈچۈن، ئىلىم - ھۈنەر ئەھلى ئۈچۈن قىلغان خەيرىلىك ئىشلىرى ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ بىر تېما. «ۋەقفنامە» بولسا بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى بىر كىچىك مەنبەدىنلا ئىبارەت. چۈنكى بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغىنى پەقەت «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ۋە «خەلاسىيە» خانىقاسىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇننىڭ نەزىر - چىراق، خەير - ساخاۋەت ۋە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن ۋەقپە ئۇسۇلى بىلەن مەڭگۈلۈك مەبلەغ قىلىپ قالدۇرغان بىر قىسىم مال - مۈلۈكلەرلا خاتىرىلەنگەن. بۇ سېخىي ۋە ھىممەتلىك ئىنساننىڭ يەنە سانسىزلىغان ياخشى ئىش - ئىزلىرى ئىچىدىن بىر - قەدەر يىرىكرەكلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. «خۇلاسەتۇل - ئەخبار» دا ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز مەبلىغى بىلەن قۇرغان نەچچىلىگەن مەدرىسىلەر، مەسچىت - خانىقالار، ئاممىي يوللار، رابات - ۋەتەڭلەر، كۆۋرۈكلەر، ھامماملار، جامائەت بىنالىرى، مۇساپىرخانىلار، شىپاخانىلار، ۋەدا ئورۇنلىرى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ئىمارەتلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئورنى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن⑦. دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى (تەخمىنەن 1435—1495)نىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «ئەنە شۇنداق ئورۇنلارغا قىلغان ۋەقپىلىرى مۇئامىلىدە يۈرگۈزۈلگەن پۇل ھېسابىدا بەش يۈز تۈمەن كېپەكىينى ‹1› تەشكىل قىلىدۇ»، «ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ قىلغان خەيرىلىك ئىشلىرى بىرمۇ بىر ھېسابلىنىدىغان بولسا، قىسسە سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن» دېيىلگەن⑧. بابۇرمۇ بۇ ھەقتە: «ئۇنىڭ قىلغىنىدەك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ئاز كىشى مۇۋەپپەق بولغان بولغىيدى»⑨. دېگەن. بۇنداق مەزمۇنلار نەۋائىغا زامانداش تارىخچىلار ۋە كېيىنكى دەۋر تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ ئەكس ئەتكەن.

دېمەك، «ۋەقفنامە» ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەيرلىك ئىشلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەسەر، بۇ ئەسەر نەۋائىنىڭ خەلقچىللىق - مەرىپەتپەرۋەرلىك، مۇرۇۋۋەتلىكلەر بىلەن تولغان گۈزەل قەلب دۇنياسىغا نەزەر سالىدىغان كىچىككىنە كۆزنەك. ئۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەرجىمىھالى، سىياسىي، ئىلمىي پائالىيىتى، غايە - ئىستەكلىرى، ھەرخىل پەنلەرگە، جۈملىدىن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە پەنلىرىگە دائىر ئىلمىي كۆز قاراشلىرى، سېخىي ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك مەنبە. «ۋەقفنامە» ھىجرىيە 886 - (مىلادى 1481 — 1482) يىلى يېزىلغان. ئۇ ئاددىي ھالدىكى بىر ۋەقپە ھۆججىتى بولماستىن، بەلكى ھەر تەرەپلىمە پىشقان بىر ئەدەبىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر

‹1› كېپەكىي — ئۆز دەۋرىدە قوللىنىلغان بىر خىل پۇل.

«ۋەقفىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان تەرجىمىسىدىن بىر نەچچە قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان. بىزدە ھازىر تەپسىلىرەك نۇسخىسىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. ئەمما پارسچە نۇسخىسى بىزدە ھازىرغىچە تېپىلمىدى، تۈركىي «ۋەقفنامە» بولسا خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا «ۋەقفنامە»نىڭ ئەلىشىر نەۋائىي تەرەپ دىۋانلىرىدىن بىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. بۇ نۇسخا ھىجرىيە 1205 - (مىلادى 1790 - 1791 -) يىلى كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، خوتەندىن تېپىلغان. بۇ قول يازمىنىڭ فورماتى 23 × 15 سانتىمېتىر. كىتابخانىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بېرىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىزاھاتلىرى بېرىلدى.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى دىنىي مەزمۇنلارغا ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي شارائىتى ۋە ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇش لازىم.

## «ۋەقفنامە»نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى

ئۇلۇم ھەقايىقى، بەلكى ھەقايىق ئۇلۇمىنىڭ فەسىھ كەلاملىق ۋە سەھىھ ھەدىسلىق مۇدەررىسلەرىنىڭ كەششاف تەبئى قۇياشى مۇتالىئەدىن مەئانى تەۋالىئىنى بەيان لەۋامىئى بىرلە رۇبئى مەسكۇن مەئمۇرەسىنىڭ مۇردىبەد ھۇجرىلەرىداغى مەۋزۇن ئەدالىغ ۋە مەتبۇئ لەقالىغ تالەبەسىنىڭ زىمىرلەرى مىشكاتىغە ۋە خەياللارى مىسباھىغە ئىزاھ قىلائالماقلارىنىڭ باءىسى ئول بولغايكىم، بىدايەت ئەدا ئەۋراقلارى بىدايەتىن ۋە ئايەت ئاسا سەبەقلەرى نىھايەتىن ئول ئالەم كىتابى ھەمدى ۋە جەۋاھىرى شۇكرى بىلە مۇلەخخەس ۋە مۇنەۋۋەر قىلمۇرلاركىم، ئادەمنى سەلەۋاتۇللاھ ئەلەيھى «ۋەلەقەد كەررەمنا بەنى ئادەمە» ئىكرامى بىلە مۇكەررەم قىلىپ، «ۋەئەللەمە ئادەمەل - ئەسمائە كۇللەھا» تەشرىفى بىلە مۇشەررەف ئېيتىپ، مەلەكۇت ئالەمىنىڭ مۇقەررەبلەرى تاقلىق مەدرەسەسىدە كەررىزبىلەر ئىفادە ۋە ئىستىفادەسى ئۈچۈن ئىجلاس قىلدى. «سۇبھانەكە لائىلمەلەنا ئىللا مائەللەمتەنا ئىننەكە ئەنتەل ئەلىمۇل - ھەكىم».

ئاگا ھەمدكىم، ئىلمى لارەيىب ئېرۇر،
ئوشۇل ئىلم ئىلە ئالىمۇلغەيىب ئېرۇر.
ئەلىمكى ئىلمىدە بىر زەررە فاش،
بىدايەت سىپىھرىدە يۈزمىڭ قۇياش.
ھەكىمكى بىر زەررەئى ھىكمەتى،
تۈزەتتى مۇھىتۇ فەلەك ھەيئەتى.
دەبىستانى فەسلىدە قونغاچ كۆڭۈل،
ئۆزىن تىفلى مەكتەپ كۆرۈپ ئەقلى كۆل.
شەبىستانى ئىلمىدە جىننۇ مەلەك،
ئۇچۇپ كۆڭگۈ لال ئۇيلەكىم شەپپەرەك.
نې ئۇممىكى سۇرگەچ شەرەف خامەسى،
قىلىپ ئانى كەۋنەين ئەللامەسى.
نې ئالىمكى ئىلمىغە مەغرۇر ئېتىپ،
قەبۇل ئەھلىدىن ئانى مەھجۇر ئېتىپ.

www.uyghurkitap.com

جەھان مەدرەسىن تۆرت تاق ئەيلەبان،
ئانگا كۆكنى توققۇز رەۋاق ئەيلەبان.
تاشىدا مۇھەندىس زۇھەل پەيكەرى،
ئىچىندە مۇدەررىس 〈 1 〉 بولۇپ مۇشتەرى.

تەئالەللاھ، ئول قادىرۇ زۇلجەلال،
كى ھەم لەمىيەزەل كەلدى ھەم لايەزال.
ئەيان ئولچە مەۋجۇدۇ مەئدۇم ئانگا،
ئەزەل تا ئەبەد ئىلمى مەئلۇم ئانگا.

جەلل سۇبھانەھۇ ۋە ئەزىمى سۇلتانەھۇ ۋە لائىلاھە غەيرۇھۇ.

ۋە فۇنۇن دەقايىقى ۋە مۇلكى دەقايىق فۇنۇنىنىڭ مۇتەۋەل مەئانىسىنىق ۋە مۇختەسەر بەيانلىق مۇھەددىسلەرى نىقاد زىھىن بەدرى مەشارىقىدىن ئەھادىس مەسابىھىنى ئىفادە شەمائىلى بىرلە سىپىھرى مەدرەسەسى تاقى ئاستىنداغى ۋە دەھر خانىقاھى سۇنئەسى ئۇستۇندەكى «ئۇتلۇبۇل - ئىلمۇ ۋەلەۋبىسسىن» ئەمرى بىلە سەئيى قەدەمىن تەلەب بادىيەسىغە قويۇپ، ئۇمىد ئەجزاسىن فەقىر جۇزۋىدانى سالىپ، تەجەررۇد كۇتۇبىن تەھەممۇل ئارقاسىغە كۆتەرىپ، بىر كۈن بىر مەنزىل ۋە بىر ئاي شەھەر مەراھىلىن قەتئ قىلغان مۇبتەدىلەر؛ «ئەلئۇلەمائ ۋەرەسەتۇل - ئەنبىيائ» الى مۇرائى بىلە مەشەققەت تونلارى، ئەفتادە تەرساكلارىن فەلاكەت بورىياسىغە يۇپ، سەبر قۇلاقلارىن شىكەستەلىك ئىگەكىگە سىتون ئېتىپ، زەئىف دىماغىن ھۇدا چىراغى دۇدى بىرلە مۇشەۋۋەش ئېتىپ، جەھد كۆزىن ئەمەل ۋەرەقلەرىغە تىككەن مۇنتەھىلەر تەفەھھۇم ۋە تەئەللۇمىغە مۇۋەففەق بولۇر ئۈچۈن سەبەب بۇ بولغايكىم، بەلاغەت جەۋاھىرى بىرلە مۇرەسسەئ لۇغاتلارىن ۋە فەساھەت زەۋاھىرى بىلە مۇكەللەل نۇكاتلارىن ئول مەھبۇبى ئاقىبەت مەھمۇد نەئتى بىلە مۇزەييەن ۋە مۇھەللا قىلۇرلاركىم، ئۇلۇۋۋى دەرەجەتىدىن ئۇلەمائ ئۇممەتىگە «ئەنبىيائى بەنى ئىسرائىل» تەرانەسى بىرلە تەرەننۇم تۈزدى ۋە سۇمۇۋۋى رىفئەتىدىن «فەزلۇل - ئالىم ئەلەل - ئابىدى كەفەزلى ئەلا ئەدناكۇم» فەسانەسى بىرلە تەكەللۇم كۆرگۈزدى.

لى مەئەللاھىنىڭ سەرئەفرازى،
قابە قەۋسەيىنى مەھرەمى رازى.
تەخت ئاستىدا فەرشى ئەۋئەدنا،
تاج ئۇستىندە دۇررى مائەۋھا.
ساچى تابىندە لەيلەتۇلمىئراج،
شامى مىئراجى چەرخ باشىغە تاج.
ئول شەھى جىننۇ ئىنس خەيلى ئانىڭ،
بەلكى كەۋنەين ئۇلۇپ تۇفەيلى ئانىڭ.

قايسى تىل بىرلە، يا نەبىيۇللاھ،
سېنى تەئرىف ئېتەي مەنى گۇمراھ.
مەدھى زاتىڭدا ھەق دەبان لەۋلاك،
لەمىيەكۇن زاكىرۇل ئۇلۇۋۋى سەۋاك.
ھەم مەگەر ئۇشبۇ تەۋر ھىيلە بىلە،
مەدھى زاتىڭنى دەر ۋەسىيلە بىلە؛
ئەيتا ھەم ئالماسام سىفاتىڭنى،
قىلغامەن زىكرى تىلگە ئاتىڭنى.

---

〈 1 〉 ئەسلى قول يازمىدا «مۇھەندىس» يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «مۇدەررىس» ئېلىندى،

ۋەسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئەلا ئالىھىت ـ تەييىبىن ۋە ئەسھابىھىت ـ تاھىرىن ۋەمىن تەبىئەھۇم ئەجمەئىنە ئىلايەۋمىددىن.

ئەمما ھەمدۇ سەنا ۋەزايىفى ۋە نەئىتۇ دۇئا شەرائىتىدىن سوڭرە، جان مەرزە-ئەسىن ۋە كۆڭۈل ھەدىقەسىن ئۈلۇم تەلەبىغە ۋەفق ئەتكەن ۋاقىفلار ھەزرەتىدە ۋە بۇ مەرزەئە ۋە ھەدىقە مەھسۇلىن فۇنۇن كەسبىدە سەرف ئەتكەن سارىفلار خىزمەتىدە مەئرۇز ۋە مەرفۇئ ئولكىم، ئەزەلى ئازالداكىم مەۋجۇدات رەئنالارى ئەدەم شەبىستانى-دىن ۋۇجۇد گۈلىستانىدا جىلۋە ساز بولمايدۇر ئىردىلار.

ئەدەم شامىدا، يوقلۇق خىلۋەتىدە،
ئانىڭدەك ئۈيقۇ مەستى ئىردى ئادەم.
كى ئايىنى ھەياتى كىرمەس ئىردى،
تۈشىگە، بەل ئاڭا يوق ئىردى تۈش ھەم.

كۈنىنىڭ خوتەنى ئۈزار سىپاھى تۈنىنىڭ زەڭگى شىئار چىرىكى شەبىخۇنىدىن فارىغ ۋە شامىنىڭ مۇشكبۇي سىياھ جەردەلەرى سۇبھىنىڭ مۇغۇلچەبىن چابۇكسەۋارى تۇركتازىدىن ئەمىن، نى فەلەك بىنەفشەزارىدا كەۋاكىب ژالەلەرىغە قۇياش ئوتى ھەرارەتىدىن گۇداز، نى بۇلبۇلنىڭ غۇنچەدەك قانلىق كۆڭلىدە گۈل ئىشقى خارخا-رىدىن ئەسەر ۋە نى پەرۋانەنىڭ ئوتلۇق جانىدا شەۋقى شەرارىدىن خەبەر، نى كۆك ئىدى ۋە نى كۆك ئىچرە، نى يەر يۈزىدە مۈلك، نى مۈلك ئىچىندە دىيار ۋە نى ئول دىياردا يار. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ھىكمەت بالىغە ۋە قۇدرەت شايىئەسى «ئىننەما ئەمرۇھۇ ئىزا ئەرادە شەيئەن ئەنيەقۇلۇ لەھۇ كۇن فەيەكۇن» ئىشارەتى بىر-لە جەمىئ مەخلۇقاتنى غەيب شادۇرۋانى كۈھەنىدىن شەھادەت مەيدانى فەزاسىغە سۈردى. «كۇنتۇ كەنزەن مەخفىيەن فەئەھبەبتۇ ئەن ئۇئرەفە فەخەلەقتۇل خەلقى» بىشارەتى بىلە ئانداغ زاھىر بولدىكىم، مەۋجۇدات قابىلىيەتى قەددىغە ۋۇجۇد كىسۋەتىن سالماقدىن مەقسۇد ئىنسان ۋۇجۇدى ئىردىكىم، «خەممەرتۇ تىينەتە ئادەمە بىيەدىيە ئەر-بەئىنە سەباھەن» بۇ مەئنىغە مۇشئىردۇرۇر. «ئىننا ئەرەزنەل-ئەمانەتە ئەلەس-سە-ماۋاتى ۋەلئەرزى ۋەلجىبالى فەئەبەينە» بۇ دەئۋاسىغە شاھىد. ئەمما، نىچۇككى ۋەھھاب-لىغى تەقازائى بۇ نەۋئ مۇھىببەت ۋە جەمالىيەت قىلدى، قەھھارلىغى داغى بۇلار-نىڭ ئەكسى مۇقتەزائى قەھرۇ جەلالىيەت بولدى. ھەر ئايىنەكىم. «خەلەقەل-ئىنسانى مىن تەفاۋۇت» ئەمرىلەرى لازىم كەلدى. ئانداقىكى، مۇسا سەلىۋاتۇررەھمان ئەلەيھى ئىلكىدەكى قۇياش ئۇقتۇرۇسىدا فىرئەۋن تىيرەلىكى زۇھۇرىغە كەلدى. ھەزرەتى مۇھەم-مەد ئەرەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلمى ئەبۇلھەيانىڭ مۇقابىلەسىدە ئول [ئەبۇ] جەھل زۇلۇماتى جىلۋە ۋە زۇھۇر قىلدى.

دېھقانى ئەزەلكى تۈزدى بۇ تۈرفە چەمەن،
قىلمادى ئانىڭ بارچە نەباتىنى ھەسەن.
بىر سارى ئەگەر ئەكتى گۈلۈ سەرۋۇ سۈمەن،
ئۈزگە سارى ئىكتى خەسۇ خاشاكۇ تىكەن.

ئەمما، كارخانە ۋۇسئەتىدىن مۇتەنەۋۋىئ خەلايىق غايەتسىز ۋە خەلق كەسرەتىدىن مۇختەلىف فىرقە نىھايەتسىز ۋە فۇرۇق ئىختىلافىدىن شىيئە-مەزاھىب بىسيار ۋە مەزاھىب شىيئەتىدىن قەبىھ ئەفئال بىشۇمار مۇتەسەۋۋىر ئۈچۈن، ھېكمەتى ئىلاھى ۋە ئىنايەتى نامۇتەناھى جەھالەت زۇلمەتى تۈشكەن گۇمراھلار ئالىغە ھىدايەت شەمئىن تۇتۇب، تۈز يولغە رەھنەمايلىق قىلماق ئۈچۈن ۋە زەلالەت كۇدۇرەتىدە قالغان نامە سىياھلار ئايلانىگە ئىنايەت مەشئەلىن يارۇتۇپ، سىراتىن مۇستەقىم كۆرگۈزمەك ئۈچۈن، بەئزە مەسئۇد فاتىھەلىق سەئادەت پەيۋەندلەر ۋە مەھمۇد خاتىمەلىق دەۋلەتمەندلەرنىڭ فەرخۇندە فۇرۇقلارىغە نەبۇۋۋەت تاجىن قويۇپ، شەرەف ئىگىنلەرىگە ھىدايەت خىلئەتىن سالىپ، مۇبارەك بەللەرىگە رىسالەت كەمەرىن باغلاپ، بۇ خەلايىق ئاراسىدا سەرئەفراز ۋە مۇئجىزە پەرداز قىلدىكىم، ھەق جەللە سۇبھانە ئەۋامىرىن «جەننا تۇن تەجرى مىن تەھتىھەل-ئەنھارۇ» ۋەئدە ۋە ئۈمىدى بىرلە ۋە نەۋاھىسىن «ئىننا جەئەلنا فى ئەئناقىھىم ئەغلالەن» ۋەئىدە ۋە بىيىمى بىرلە ئالارغە ئىرسال قىلغايلار. ھەركىم تەسلىم يۈزىن قەبۇل تۇپراغىغە قويۇپ ئالارنىڭ ئەمرۇ نەھيىغە ئىمان كەلتۈرۈپ تائەتلەرىغە ئەمەل قىلسا، «ئىننەللەزىنە ئامەنۇ ۋە ئەمىلۇسسالىھاتى فەلەھۇم ئەجرۇن غەيرۇ مەمنۇن» ھەدايا ۋە نىئمەتىدىن بەرخوردار بولغاي ۋە ھەركىم شەيتان ۋەساۋۋۇسى نەفسانى «ھۇۋە ئەھسەنە ئەلەيھى»سىدىن دەلىل تىلەمەككە دەلىل ۋە بۇرھان ئىستەمەككە ئەلىل بولسا، ئالار كۇنەسىدىن رەۋشەنراق مۇئجىزە بابىدا يەدى بەيزا كۆرگۈزگەيلەر ۋە «يەسبەھۇس-سۇكۇت» ئىئجازى زۇھۇرىدا ئايەنى بولغايلار.

نې ئايەتۇ نې كەلامىكى ئەھلى فەزلۇ كەمال،
ئىبرۇر ئانىڭ كەبى بىر ھەرفىنىڭ ئەداسىدا لال.

ئانداقكى كەرىمەئى «فەئتۇ بىسۇرەتىن مىن مىسلىھى» ئاندىن خەبەر بېرۇر ۋە ئەگەر جەھلىلەرى بىمارلىغى بۇ نەۋئ شافى مۇئالىجەلەر بىلە شىفا تاپسا ۋە سەۋدالارى مۇددەئاسى بۇ تەۋر كافى مۇئامىلەلەرى بىلە كىفايەت بولسا، بىززەرۇرەت ئالارنىڭ قىبلەئى ئىقبال ۋە كەئبەئى ئامالىدەك رىسالەتلەرى دەرگاھىغە باقغايلار. ئۈمىدكى «مەن قەرئە بابەن ۋەلەججە ۋەلەج» ھۆكمى بىرلە يۈزلەرىگە مەقسۇد ئىشىكى ئاچىلغاي ۋە باشلارىغە مۇراد گەۋھەرى ساچىلغاي. ۋە ھەركىم بۇ خىلئەت ناپاكلىغى باۋۇجۇدى بۇ نەۋئ سادىق ۋە سىدق رەسائىل مۇستەقىم سەبىل ۋە راست ۋە رىسالەت گەن-

جى مەھرەملەرىنىڭ رازى ۋە نەبۇۋۋەت سىرى ھەمدەملەرىنىڭ ئىئجازى، ئەمما سەھ-
باسىدىن سەرخۇشراق ۋە ئىستىكبار ھەۋاسىدىن سەركەشراق بولۇپ، رەسۇل خەۋارى-
قىن سىپىرغە تۇشۇرسە ۋە ئەنبىيا مۇئجىزاتىن ئىرادەت بىلە شۇئبەدەغە ئىندۇرسە،
«ئەششەقىيۇ شەقىيۇ فى بەتنى ئۇممىھى» دەلىلى بىلە دۇنيادە شەقاۋەتى مۇخەللەد ۋە
ئۇقبادا ئەزابى مۇخەللەد بولغاي. «فەئۇلائىكە ئەسھابۇننار، ھۇم فىيھا خالىدۇن».

خۇدايىكى سۇنئ ئاشكار ئەيلەدى،
كى يوقدىن خەلايىقنى بار ئەيلەدى.
چۇ تىينەتلەرىن قىلدى تەخمىر ئۆزى،
يامان-ياخشىسىن داغى تەقدىر ئۆزى.
بۇ بىر گەر سەۋاب ئەتسە، ئول بىر تەباھ،
ئارادە بۇلارغە نى ئىركىن گۇناھ.
كىم ئول بىرنى ئۆرتەر جەلالىيەتى،
بۇ بىرنى سەۋەرغاي جەمالىيەتى.
كىشى بۇيلە ناگەھ سۇئال ئەتمەسۇن،
سۇئالىن مۇۋەججەھ خەيال ئەتمەسۇن.
كى سىررىلئىلاھىنى بىلمەس كىشى،
كىشى فەھمىدىن تاش ئىرۇر ھەق ئىشى.

كىرەك بۇيلە سۆزنى خەفا ئەيلەمەك،
بۇ مەئنى بىلە ئىكتىفا ئەيلەمەك.
كى تەڭرىگە چۇن مەۋج ئۇرۇب بەھرى جۇد،
جىنسىنى خەلايىقغە بەردى ۋۇجۇد.
غەزەب ھەم ئەيان قىلدى، رەھمەت داغى،
ياراتتى تامۇغ داغى، جەننەت داغى.
غەزەب- رەھم، ئۇچماق- تامۇغ خىلئەتى،
قىلۇردىن بۇ ئىردى ئىكىن ھىكمەتى:
كى قەھر ئىلە رەھمەت تاپىپ ھەل ئارا،
تۇلا ئەيلەگەي ئىككى مىھمان سەرا.
نەۋائى سۆزۈڭدىن مەلۇل ئولدى ئەل،
ئۇزۇن سۆزنى قوي، ھەرف باشىغە كەل.

ۋە ئەيزەن باۋۇجۇدى «ئىننەللاھە ئەلا كۇللى شەيئىن مۇھىت»كى، ھىچ زەررەئى
زەرراتدىن ۋە ھىچ شەي ئاشيادىن ئەمەسكىم ھەق جەللە سۇبھانە بىر لەھزە بەلكى تۇرفەتۇل-
ئەين ئالارنىڭ سىررۇ ئەلانىيەسىدىن ۋاقىف بولماغاي. ئىبراھىم سەلىۋاتۇررەھمان ئەلەيھى-
نىڭ ۋۇجۇدى گۇلبۇنىغە يانار ئوتىنى گۇلزار، بەلكى گۇلنار قىلدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسەلامنىڭ
زاتى گەۋھەرىغە دەريا قەئرىن بەلكى بالىق قورساغىن سەدەف ئەتتى. نەمرۇدنىڭ بىل-
ئاسا دىماغىدىن ھەيبارلىغ فاسىد مادەسى دەفئىغە پەششەنىيشىن ئەتتى. ئاد قەۋمى-
نىڭ شەمئى جەھالەتىن ئۆچۈرگەلى، بەلكى خىرمەنى ھەياتىن ساۋۇرغالى يەل خەيلىن
تەبرەتتى. بۇ نەۋئ ئەدل ۋە ئىنتىقام بولا تۇرغاچ، باۋۇجۇدى ئەنبىيا ۋۇجۇدى ۋە
رەھنەمايلىغى يانە ئالەم نىزامى ۋە خەلايىق ئارامى ئۈچۈن ئالىجاھ سەلاتىن ۋە ئەنە-
جۇم سىپاھ خەۋاقىننى ئالەمدە قەھرەمان ۋە خەلايىقغە ھۆكم رەۋان ئەتتى. «ۋە ئەتىئۇللاھە
ۋە ئەتىئۇررەسۇلە ۋە ئۇلۇلئەمر مىنكۇم» ئەمرى بىلە ئۇلۇھىيەت ۋە نۇبۇۋۋەت مىرئاتىدىن
سوڭرە سەلتەنەت مەرتىبەسىغە تەرتىب بەردى. تا ھەر قايسى ئۆز زەمانى پەيغەمبەرى-
نىڭ دىنى رەۋاجىدە ۋە ئۆز ئەھدى نەبىسىنىڭ شەرئى تەقۋىيەتىدە سەئيى تەمام
ۋە ئىھتىمامى مالا كەلام كۆرگۈزگەيلەر ۋە جىھاد كەمەرىن ئىجتىھاد بىلىگە باغلاپ ئول
شەرئى كەفەرەسى ۋە ئول ئىسلام فەجەرەسى دەفئىغە كۆشىش قىلغايلار ۋە ئەدل سۇ-
ۋى بىرلە مۇلك بوستانىغە نۇسرەت بەرگەيلەر ۋە سىياسەت قىلىچى بىلە كىشۋەر

ھەرەمىندىن فىتنە ۋە ئاشۇب شىخسىنىڭ بويىنىن ئۆرغايلار، تا سايىرى رەئايا ئەمىن ۋە ئەمان مىھادىدا مۇرەففەھۇ ئەسۋال ۋە كافەئى بەرايا لۇتف ۋە ئىھسان ئەۋتانىندە فارىغۇلبال بولغايلار.

ئەلمىننەتۇلىللاھى تەئالا ۋە تەبارەككىم، بىزگە يېتىشتى. بۇ سىفەن مەنسەبى ۋاھالاكىم، تەگىرلىككە ئول خالىقنى پۇرسىتىش قىلغۇر بىزكىم، ھەرزەمان ئىبلى مۇرەببىنىكىم «تەگرى» دېيدىلەر. مىسىل كۈنەس، ۋە ئوت ۋە بۇت ۋە گۇساله ۋە غەيرە بارچە ئانىڭ مەخلۇقىدۇرۇر. ۋە ئەنبىيادىن ئول نەبى دىنىدەدۇرۇر بىزكىم، بارچە رۇسۇل شەرىئەتىغە قەلەم تۇتماغان ئىلكى بىلە بۇتلان رەقەمى چەكتى ۋە كىتابەتلەرىغە نەسىخ خەتى تارتتى. ۋە سەلاتىندىن ئول سۇلتانى سۇلتان نىشان زەمانىدا، بەلكى ئاستانىدا قۇللۇققە مەشغۇل بىزكىم،

بارى شاھلار ئىچرە زاتى ئانىڭ،
شەھەنشەھلەر ئىچرە سىفاتى ئانىڭ.
مەلائىك ئارا كەلدى «رۇھۇل-ئەمىن»،
رۇسۇل خەيلىدە «سەييىدۇل-مۇرسەلىن».

سۇلتانىكىم، «ئەسسۇلتانۇ زىللۇللاھۇ فىلئەرزىينە» جەۋاھىرى بىلە سۇنئى ئىلكى ھۇمايۇن فال چەترى ھاشىيەسىن مۇرەسسەئ قىلدى. خاقانىكىم «ئەبۋابۇل-مۇلۇكى ھاجات» كاشىسى بىلە قەدەر مىئمارى ئالى دەرگاھى كىتابەسىن مۇزەييەن ئەتتى. ساھىب قىرانىكى، تۇغرا پەيكەر لەۋاسىنى «ئىننا فەتەھنا لەكە فەتھەن مۇبىنا» گۇلىستانىدىن ئەسكەن نەسىمدىن ئۆزگە نىمە مۇتەھەررىك قىلا ئالماس. كىشۋەرىستانىكى، فەتھ جەۋھەر قىلىچىنى «ۋە يەنسۇرەكەللاھۇ نەسرەن ئەزىزا» زورخانەسىدە ۋەرزىش تاپقان قولىدىن ئۆزگە قول چېكە بىلمەس. تاج بەخشىكى، ئالى قەرد تەختىن نەججارى «ئەسلۇھا سابىتۇۋ ۋە فەرئۇھا فىسسەمائ» شەجەرەسىدىن تەركىب باغلادى. ۋە تەختگىرىكىم، ھۇمايۇن فال تاجىن ۋە سۇنئ زەردۇزى «ۋەششەمسى ۋەزۇھاھا» زەر رىشتەسى بىرلە تەرتىب بەردى. خىلافەت پەناھىكى، «ئىننى جائىلۇن فىلئەرزە خەلىفە» ئايەتىدۇرۇر ئانىڭ بابىدا ھاسىل. سىپېھر قەدرىكىم، خۇتبەئى مۇنبەردىن، «ئىننەللاھە يەئمۇرۇ بىلئەدلى ۋەلئىھسان» رەۋائىھى مۇشتەرىنىڭ ئالتى پايەلىغ مۇنبەرىغە يەتكۇردى. ئەنجۇم سىپاھىكى، سىككەئى ئەختەران «ۋە ئەممەسسائىلە فەلا تەنھەر» رەۋنەقى بىلە سەۋابىتنىڭ توققۇز فەردەلىق مەنزىرىدىن ئاشۇردى.

شەھى شەھرياران جەھان خۇسرەۋى،
فەلەك رىفئەتى، مۇشتەرى پەرتەۋى.
مەمالىكدە جەمشىدى فەرخۇندەئى،
نى جەمشىد، خۇرشىد رەخشەندەئى.

فەلەك شەئنى رايى مۇنيىرى ئانىڭ،
مەلائىك چىراغى زەمىرى ئانىڭ.
سۆزى مەخزەنى رازى گەنجىنەسى،
يۈزى خىلۋەتى زاتى ئايىنەسى.

جەماليدا شەمسۇز-زۇھا جىلۋەگەر،
ھەدىسىدە رۇھۇل-قۇدۇسىدىن نەسەر.
جەبىنىندە ئەنۋارى شاھەنشەھى،
كەلامىدا ئېھيائى رۇھۇللەھى.
بىيىك قەسرىدۇر توققۇزۇنچى فەلەك،
ئۇل ئەتلەسكە يايىغلار ئەل فەرىسدەك.
ئۇرۇب كۈنگۈرى مېھردەك تابلار،
مەلەك خەيلىغە تۇرفە مېھرابلار.
فەلەك باغى چاھىدا نىلۇفەرى،
بولۇپ ئاندا ھەر ژالە بىر ئەختەرى.
چۇ ئالتۇن ساچىپ ئىلكى ئانداقكى بەرق،
ھەيادىن بولۇتلار بولۇپ تەركە غەرق.
فەۋاكىھ چېكەر تاس تىلىن قەدەھ،
كۇرۇمىدا تەر باستى قەۋسى قۇزەھ.
ھىلال ئىشىكى ھەلقەسىدىن نىشان،
ۋەلي ئاندا زەنجىر ئولۇپ كەھكەشان.
مەگەر بەرق گام ئەشھەبىدۇر سىپېھر،
ئاڭا ئاھە كۆزگۈسى رەخشەندە مېھر.
فەلەكدىن ئىتىكرەك خىرامى ئانىڭ،
قىلىپ بەرقنى تىيرە گامى ئانىڭ.
ئىگەرمەكدە يوق چەرخى دەۋۋاردەك،
كى بىر قەترە دەۋرىندە پەرگاردەك.
يوگۈرمەكدە چۇنكىم بولۇپ پويە سەنج،
نەزەر پەيكى قالىپ تۇتۇپ ئانى رەنج.
بار ئىشدا نې دەي، ۋەزىبېدىن سەرگۇزەشت،
فەلەك تەۋسەنىدىن چىقىپ ھەشتى دەشت.
ئۆزى دىۋۇ دىۋانەۋەش پەيكەرى،
نەزەردە پەرى چېھرە، بەلكىم پەرى.
بۇ دىۋۇ پەرى ئۇزرە سولتانى مۇلك،
نې سۇلتانكى ئەلھەق سۇلەيمانى مۇلك.
كى جۇد ئىلكىنىڭ بەھرى ئانداق ئەمىق،
كى يۆز ھاتەمى تائى ئاندا غەرىق.
ياروق راھىنىڭ مېھر ئانداق مۇنىر،
كى ئالىندا خۇرشىد بىر قورسۇ قىر.
فەلەك قەدرىلەرنىڭ نىيازى ئاڭا،
فەلەكدىن لەقەب شاھى غازى ئاڭا.
دېمە ئەينى ئىنسانكى، ئىنسانى ئەين،
ھەم ئىنسانۇ ھەم ئەينى سۇلتان ھۇسەين
زىبى تەختى جاھىڭغە بىر پايە چەرخ
نې پايەكىم، ئول پايەغە سايە چەرخ.
خەد، ئەي، تاجى قەدرىڭغە گەۋھەر قۇياش،
نې گەۋھەر، سەدەفدىن مەھەققەر قۇياش.
ئەلا، تا جەھان ھۇجرە، كۆك سەقف ئېرۇر،
ئۇلۇس نەقدى ئۇمرى ئاڭا ۋەقف ئېرۇر.
تېنىنىڭ ھۇجرەسى جان قۇشىغە پەناھ،
تەنۇ جانىڭا ۋەقف ئولسۇن ئىلاھ.

بۇ مۇقەددىماتدىن سوڭرە، ھەقايىق ئەھلىغە رەۋشەن ۋە دەقايىق خەيلىغە مۇبەرھەن ئېركىنكىم، ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا باۋۇجۇد ئولكىم ئالەم نىزامى ۋە بەنى ئادەم ئىنتىزامىدا مۇمىدغە دەربەند ۋە مۇئاۋىنغە ھاجەتمەند ئەمەس ئېردى. ھىكمەتى ئىلاھىكىم، سىررىدىن ھېچ مۇھەققىق جانىغە. ئەسەر ۋە ھېچ مۇدەققىق كۆڭلىگە خەبەر يوقتۇرۇر. مۇقتەزا ئول بولدىكىم، ئالەم ئەھلى ۋە بەنى ئادەم خەيلىغە ئالىي مىقدار خۇلەفا ھۇكم رەۋان ۋە خىلافەت شىئار سەلاتىنى نافەز فەرمان بولغايلار. بۇلارغە خۇد دىيانەتلىك مەدەدكارەدىن نې چارە ۋە كىفايەتلىغ ۋەزىردىن نې گۇزىر بولا ئالغاي ئېردى. ھەر ئايىنەكىم، سەلتەنەت كارخانەسىداغى مەناسىبدىن ھەر مۇۋەججەھگە لايىق فەراسەت ئايىن ھۇشمەندلەرنى ۋە ھەر جەرگەگە مۇۋافىق كىياسەت تەرىن خىرەد پەيۋەندلەرنى سەلتەنەت ئۇمۇرىغە مۇتەئەللىق ئىشلار كىفايەتى ئۇچۇن سايىرى ناسدىن تانلاب ۋە ئامەئى خەلايىقدىن سۇھۇبي ئەمارەت نەۋرۇزىسى بىلە سەرەفراز ۋە ۋەزارەت زىلۇچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سى ئۆزرە مۇئامەلە پەرداز قىلدىلار ۋە بۇ ئەمرىنىڭ جۇزۋى ۋە كۇللى ئىشىگە جۇز-
ۋى كىشىنى تەئيىن ئەتتىلەر.

تا بۇ فەرخۇندە زەمان ۋە بۇ خۇجەستەئى دەۋرانكىم، بۇ جەمشىدى ساھىب قى-
ران سەلتەنەت تەختىن ئالدى ۋە بۇ خۇرشىدى جەۋاھىر ئەفشان ئالەم ئەھلى باشىغە
سايەئى مەرھەمەتىن سالدى، يۇقارىراق مەزكۇر ۋە بۇرۇنراق مەستۇر بولغانىدەك كۇللى
مەناسىبىنىڭ كۇللىياتىدىن جۇزۋى ئۇمۇرىنىڭ جۇزئىياتىغىچە مۇتەزەددىن ۋە
مۇتەكەففىل بولۇردەك ئەلگە ۋاجىب ۋە لازىم بولدى. چۈن زەمانىنىڭ ئەزىمۇش-شان
سەئادات ۋە فۇزەلاسى ۋە دەۋرانىنىڭ كەرىمۇل-خۇلۇق قۇزات ۋە ئۇلەماسى «تۆز-
رى» نەژاد شەھزادەلەر ۋە «بارلاس» نىھاد مىرزادەلەر ۋە «ئارلاتى» ئىسمەلىك
سەدرنىشىنلەر ۋە «تارخان» رەسىملىك ئەيشكۈزىنلەر ۋە «قانات» نەسەبلىق مۇتە-
ئەييىنلەر ۋە «قۇڭرات» ھەسەبلىق مۇتەمەككىنلەر ۋە «ئۇيغۇرى» سىفات باخشىلار
ۋە «ئۇيغۇر» جەرگەلىك ياخشىلار ۋە «چۆلى» لىك بەيابانىدا جان سىپارلىق قىل-
غان جاندارلار ۋە «بايرى» لىق ئەييامدا خىزمەتكارلىق قىلغان جان سىپارلار ۋە
«جەلايىر» غەۋغاسى ۋە «قاۋچىن» ئەلالاسى مەۋجۇد ئىردى ۋە ھەر مەۋجۇدقە بىر
مەقسۇد ۋە پادىشاھانە ئىنايەت، ھەرقايسىنى بىر مۇناسىب مەنسەب بىرلە سەر بەلەند
ۋە خۇسرەۋانە تەربىيەت، ھەر بىرسىنى مۇۋافىق ئەمەلغە شۇغل پەيۋەند قىلدى.

بىرى سەندەلىينى مەقام ئەيلەدى،
بىرىك مەسنەد ئۆزرە خىرام ئەيلەدى.
بىرى تۆرك ئايۋانىدا ئاستى مۇھر،
بىرى سارت دىۋانىدا باستى مۇھر.
بىرى رەسمى بولدى سەدارەت مەئاب،
بىرى ئىسمى بولدى ۋەزارەت ئىياب.
بىرى كامياب ئولدى مۇھرانەدىن،
بىرى كامجوي ئولدى پەرۋانەدىن.

بىرىسى قوشۇن سارى چەكتى رەقەم،
بىرىسى تۇمەن سارى ئۇردى ئەلەم.
بىرى تاپتى دارۇغەلىق ئىززەتىن.
بىرى ئۇردى سەرھەد سارى نەۋبەتىن
قىنىقتى بىرى رىشۋەتى شۇم ئىلە،
بىرى ئىكتىفا قىلدى مەرسۇم ئىلە.
ئەگەر خۇد زەلىل ئىردى گەر ئەرجەمەند،
بارى بولدى ئۆز كانىغە بەھرەمەند.

ئەگەرچە بۇ خاكسارنىڭ ئاتا ۋە بوبۇكام ئول ھەزرەتىنىڭ ئابا ۋە ئەجدادى
خىزمەتلەرىدەكىم، ھەربىرى سەلتەنەت كانىنىڭ گەۋھەرى ۋە شۇجائەت بىيشەسىنىڭ
غەزەنفەرى ئىردىلەر. ئول نەۋئ مۇراتىبغە سازاۋار، بىرىك مەناسىبغە كامكار بولغان
ئىردىلەر. ئەمما، بۇ ھەقىر ھىچ نەۋئ خىزمەتقە ئۆز قابىلىيەتىدىنى
چېھنەمەگەن جىھەتىدىن ۋە ھىچ تۈرلۈك مەشەققەتغە ئۆز قۇۋۋەتىمنى ئاڭلاماغان سەبەب-
دىن بارچە تەمەننالار ئىشىكىن يۈزۈمگە مەدرۇس ۋە جەمىئ مۇددەئالار ئەبۋابىن
ئىملايىمگە مەسدۇد قىلىپ ئىردىم. خەيالىم بۇكىم، چۈن ئالەمنىڭ خەيالەتى ۋە ئالەم
ئەھلىنىڭ دىيانەتى رەۋشەن ۋە جەھان ئىشۋە نەما ئەجۇزەسىنىڭ ۋەفاسىزلىغى ۋە
ھەياتىنىڭ رۇھ ئەفزا مەھبۇبەسىنىڭ بەقاسىزلىغى مۇئەييەندۇرۇر.

ھەمۇل ئەۋلاكى دەفئى ئەيلەپ ئەلەمنى،
تەجەررۇد كويىدا قويسام قەدەمنى.
فەنا كۇنجىنى مىژگاندىن سۈپۈرسەم،
ھەمول مىژگان سىردشكىدىن سۇ ئۇرسەم.
قىلىپ مەسنەد قەنائەت بورىياسىن،
كىيىپ دىبا كەبى ئۇزلەت فەلاسىن.
نې كۆككە نې قۇياشقە ئىنسە باشىم،
بۇزۇق ئۆي بولسا كۆك، رەۋزەن قۇياشىم.
ئەگەر نەفس ئەتسە مەيلى لالەۋۇ باغ،
يۈزىن «نۇن» نۇقتەسىدىن ئەيلەسەم داغ.
ئەگەر كۆز قىلسا ھەردەم ئەشكىنى ئال،
تىلەپ كافۇر گۇن يۈز ئەنبەردىن خال.
سۇۋاسام ئانى كۆرمەي دەپ بەلاسىن،
گەجۇ ئاھاك قىلىپ ئاقۇ قاراسىن.
قۇلاققە بولسا گەردان خەلق ئوچۇن فىكر،
ئىشىتتۇرسەم سەدائى ھەلقەئى زىكر.
ئاغىز شاخى شەكەر ئىستەرنى بىلسەم،
ئانى مىسۋاك ئىلە خۇرسەند قىلسەم.
دىماغىم زەئفىغە ئەشك ئەتسە ھاسىل،
يۈزۈم ئۈزرە فەنا گەردىنى كەھگىل.
تەرەب سىنجابىدىن تەن ئىستەسەكام،
ئاڭا مىھنەت كۆلىدە بەرسەم ئارام.
ئاياققە ئەيلەسەم زەنجىرى مانەند،
مۇسەللا دەۋرىنىڭ زەنجىرىسىن بەند.
ھەۋاغە جىسمى تۇپراغىن ساۋۇرسام،
كۆڭۈل مۇلكىدە دەۋلەت تەختىن ئورسام.
گەھى قىلسام تەۋافى گۈلشەنى قۇدس،
گەھى بولسام مۇقىمى رەۋزەئى ئۇنس.
خەلايىقدەك تىلەپ زاھىر ھۇزۇردىن،
جەھاننىڭ چەكمەسەم جامى غۇرۇردىن.
تۇتۇب بىر شۇغلدىن دۇنيادا گۇشە،
مۇھەييا ئەيلەسەم ئۇقباغە تۇشە.
ئەجەل پەيكى قاچانكىم يەتسە فىلھال،
ۋەدىئەتنى دېگەچ تاپشۇر، دېسەم ئال.

رۇبائىيە:

مەن جان ۋەرەقىدە بۇيلە ئەيلەپ تەھرىر،
ئول سەھفەدە بۇ نەقشنى ئەيلەپ تەسۋىر.
تەغيىر ئېتەر ئېرمىش ئانى كىلكى تەقدىر،
تەقدىر ئىشىگە، رەفىقلار، نې تەدبىر (1).

كىم، ناگاھ سەلتەنەت گۈلشەنىدىن ئېنايەت نەسىمى ئېسە كىرىشتى ۋە خىلافەت بارگاھىدىن ھىدايەت قاسىدى يېتىشتى ۋە دەۋلەت مەنشۇرىن ئىلكىمگە بەردى ۋە ئول مەنشۇر مەزمۇنى بۇ ئېردىكىم:

كى ئەي فەزل جەھاننىڭ سىپىھرى،
يوق-يوقكى ئۇشول سىپىھر مېھرى.
تەبئىگە دەمى بولۇرنى ۋاردۇر،
يۈز يىل بىتە ئالمايىن ئەتارىد.
سەن گەرچە گۇھەر دۇكانى ئاچتىڭ،
لېكىن بۇ گۇھەرنى ئەلگە ساچتىڭ.
فىكرىڭ چەمەنىدە كۆپ رەياھىن،
لېكىن بولۇپ ئاندا خەلق گۈلچىن،
نەزمىڭ دۇرىدىنكى دەھر تولدى.
دېگىلكى ساڭا نې بەھرە بولدى.
لەفزىڭدىن ئۇلۇسقە ۋەجدۇ ھالەت،
يەتمەي ساڭا بەھرە جۇز مەلالەت.

(1) ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «تەقدىر» يېزىلىپ قالغان مەنە ئېتىبارى بىلەن «تەدبىر» دەپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

سەن قان يوتۇپ، ئەل بولۇپ قەدەھكەش،
ئۇيلە ساڭا يەتمەيدۇ دەمى خەش.
سەن ئەل باشىغە بولۇپ گۆھەر پاش،
بىر پاك گۆھەر دېمەيكى، شاباش.
ئەمدىكى تەرەب زەمانى يەتتى،
دەۋراندىن ئەلەم نىشانى كەتتى.
ئالدى قولۇمىز جەھان دىياردىن،
ئاچتى كۆچۈمىز فەلەك ھېساردىن.
ئاي-كۈننى نەقارە قىلدى دەۋلەت،
چالدى بىزنىڭ ئاتىمىزغە نەۋبەت.
ئالەمنى بىزنىڭ قۇياش ياروتتى،
ھەق مەركەزىدە قەرار تۇتتى.
بۇ دەمكى تەرەبقە قالمادى سۆز،
بەختىمىزغە ئاچىلدى ئۇيقۇدىن كۆز.
بەم سۇبھى ئۇمىدىنىڭ ئولدى لامىئ،
بەم مېھرى مۇرادىنىڭ ئولدى تالىئ.
چۈن ساقىيى دەۋر جامى ئىشرەت
تۇتتى، يانا چەكمە زەھرى مېھنەت.
تەۋقىئ يېتىشكەچ ئەيلە لازىم،
كىم جان بىلە بولغاسەن مۇلازىم.
تا لۇتف تېگىمىزگە تۇشۇب مەۋج،
قىزتغاي بارى ئىشىڭ ئول سىفەت ئەۋج.
كىم ئاي ئۆزە قويغاسەن قەدەمنى،
كۈن لەۋھىغە چەككەسەن رەقەمنى.
مېھر ئالتۇنىدىن قەزا قىلىپ ھەل،
ئول سەفھەنى ئەيلەگەي مۇجەدۋەل.
ھەر بەيتنى مېھرى گەۋھەر ئەفشان،
ئەنجۇم بىلە ئەيلەگەي زەرەفشان.
نېچە بىيىك ئەيلەسەك سۆزۈڭنى،
ئاندىن بىيىك ئەتكەبىز ئۆزۈڭنى.
يوقتۇر ساڭا ۋەقت گۆشە تۇتماق،
ئىشرەت گۈلىن ئاھ ئىلە ياروتماق.
چۈن ھۆكمنى ئاڭلادىڭ دەم ئۇرمە،
بەلكىم دەم ئۇرارغە داغى تۇرمە.
قۇللۇقتە كۆڭۈلنى چۈست باغلا،
خىزمەتغە بېلىڭنى رۇست باغلا.
ھەرنېچە بۇ سۆز دېمەك كېرەكمەس،
چۈن راستدۇرۇر كېرەك-كېرەكمەس.
چۈن خاست بۇ نەۋئ ئىدى، قەزا ھەم،
مەن خەستەئى زار بىنەۋا ھەم.
قۇللارغە ئۆزۈمنى ھەمدەم ئەتتىم،
قۇللۇقغە بېلىمنى مەھكەم ئەتتىم.

ئەگەرچە دەرياغە قەترە مەدەدكارلىقىدىن سۇدى ۋە بەيزاغە زەررە ھەۋادارلىقىدىن مەقسۇدى مۇمكىن ۋە مۇتەسەۋۋىر ئېرمەس. ئەمما ئول قەدەر خىزمەتدەكىم بۇ خەستەغە قۇۋۋەت ئېردى ۋە ئول مىقدار مۇلازىمەتدەكىم، بۇ شىكەستەغە تەگرى تاقەت بەردى. جانسىپارلىق رەسمىنى ئۇنۇتمادىم ۋە ئېھمال ۋە تەساھۇل رەۋا تۇتمادىم. چۈن نىيەتىم گۈلىستانىدا زەرق ۋە رىيا خاشاكى ناياب ئېردى ۋە خىزمەتىم بوستانى سىدق ۋە سەفا سەھابىدىن سېيراب. ھەر ئايىنەكىم، ھەرسابەت روزگارىم دىماغى ئۆزگە نەۋئ نەسىمى فەيزىدىن مۇئەتتەر ۋە ھەرلەھزە ئۇمىدىم چىراغى ئۆزگەچە تەربىيەت مەشئەلى نۇرىدىن مۇنەۋۋەر بولا باشلادى. تا ئاز فۇرسەتدە ئول ھەزرەتنىڭ ۋەھى ئەسەرلىق سۆزى ۋە ئىلھام خاسىيەتلىق ۋەئدەسىدەك سۆزۈمگە پاك مەئانى گەۋھەرى (1) تاج ۋە ئۆزۈمگە پاك گەۋھەرلىق ئەھلى مەئانى مۇھتاج بولدى. خىزمەتىمدە ئازادەلەر ئىشى بەندەلىك ئىزھارى ۋە ئىملائىمدا سەرئەفرازلار دەئبى سەرئەفكەندەلىك ئەتۋارى.

(1) ئەسلى قىل يازىمدا بۇ سۆز ئىككى قېتىم يېزىلىپ قالغان، بىرى ئېلىندى.

ئىقبال مۇتىمئۇ بەخت ياۋەر بولدى،
خۇرشىد رەھمىيۇ سىپپىھر چاكەر بولدى.
ئالەم ئەھلىدىن كىمگە مۇقەررەر بولدى.
بۇ مەرتەبەكىم ماڭا مۇيەسسەر بولدى.

بۇ ئىنئايەتلەر مۇقابىلەسىدە خىزمەتنى تاپاي دەپ، دەستۇپا ئۇرماق مۇشكىل ۋە بىدەستۇ پالاردەك باقىپ تۇرماق ئاندىن مۇشكىلرەك.

مۇشكىلىمدۇر ئىشقدىن ھەردەم ماڭا مۇشكىل ئارا.

بۇتەھەييۇردىن مۇتەفەككىر ۋە بۇ تەفەككۇردا مۇتەھەييىر ئىبردىمكىم، خىرەد پىرى بەدھاللىغىم بىلدى ۋە خۇشاللىق يۈزدىن ئاغاز قىلدىكىم.

نەۋائى، نې بەلا ئەندۇھ ئىبرۇر بۇ،
ئۆزۈڭنى سالماغىڭ مۇنداق بولۇرمۇ.
ئاڭا ھەم ئەقلۇ ھىممەت يار بولغاي،
بۇ نەۋئ ئىشلار قاچان دۇشۋار بولغاي.
قۇياشدىن تەربىيەت گەر تاپسا خارا،
قىلۇر يەئقۇت ئىلە لەئل ئاشكارا.
بۇلۇتدىنكىم بولۇر سىيراب تۇفراق،
مۇلەۋۋەن گەر بىبرۇر مىنايى يافراق.
كىشىلىكدىن نېچۇك ئۆزگەي كىشى دەم،
بولۇب تۇفراغ بىرلە خارەدىن كەم.
شەھىكىم ئەختەر ئۇلسا دۇررى تاجى،
دۇئا ۋىردىغە كۆپتۇر ئىھتىياجى.
رەسۇلىكىم، رۇسۇلنىڭ سەرۋەرىدۇر،
سىپپىھرى ئافەرىنىش ئەختەرىدۇر.
ئەگەر سىددىق بولغاي يارى غارى،
ھەم ئۇلدى ئەنكەبۇتى پەردەدارى.
كۆلىكىم، تىيرە بولمىش گۈلخەن ئاندىن،
ئىبرۇر كۆزگۈ جەمالى رەۋشەن ئاندىن.
نەچە ئىزھارى ئەجزۇ ناتەۋانلىق،
گۇمان قىلدىڭ بۇئىشنى نۇكتەدانلىق.
قويۇپ بىكارلىغ، فەرزانە بولغىل،
ئىلىك ئۇر ئىشكە، مەردانە بولغىل.

چۇن خىرەد بۇلبۇلى بۇ نەۋالار تۈزدى ۋە تەۋفىق تۇتىسى بۇ نەغمەلەر كۆرگۈزدى. مەنى ھەقىر ناتەۋان داغى ئەقل گىرىھكۇشايلىغى ۋە تەۋفىق رەھنەمايلىغى بىلە ئۇل ھەزرەتنىڭ قۇللۇغىدا نەچچە نەۋئ خىزمەتكىم، دۇنيا سۇدى ئاندىن پەيدا ۋە ئاخىرەت بىھبۇدى ئاندىن ھۇۋەيدا بولغاي، ئۆزۈمگە لازىم تۇتتۇم. ۋە نەچچە نەۋئ ئىشكىم، خەلايىق دۇئاسىغە بائىس ۋە خالىق رىزاسىغە سەبەب بولغاي، قاشىدا مۇقەررەر قىلدىم. ۋە تەڭرى ئىنايەتى بىرلە ئۇل ئىشلار بارىچە مۇيەسسەر بولدى.

ئەۋۋەل بۇ ئىبردىكىم، كۆڭۈل كىشۋەرىدىن ئۇل ھەزرەتنىڭ غەيرىنىڭ خەيالىن ئەزل ئىبتىپ، بەلكى ئىخراج قىلىپ، سىدق بۇلۇتىدىن سەفا ياغىنى بىلە ئۇل كىشۋەرنى غەيرى گەردىدىن يۇپ، ئۇل ھەزرەتنىڭ خەيالىن بۇ تەختىگاھدا سەلتەنەت مەسنەدىغە ئولتۇرتۇپ، ھۇمايۇن ئاتى ۋە رۇزئەفزۇن ئەلقابىغە دۇئايى خەيردىن خۇتبە ئوقۇپ ۋە مۇھەببەت داغلارىدىن سىككە ۋە مۇزەييەن قىلىپ، بۇ ئىقلىمنى ئانىڭ سۇلتانى بىخەيالىغە مۇسەللەم تۇتتۇم.

www.uyghurkitap.com

هەركىمكى بىراۋ ئىشقىغە بولسە دىلبەند،
جان رىشتەسىدىن قىلسا كېرەك يۈز پەيۋەند.
گەر غەير خەيالى كۆڭلىگە تۈشسە پىسەند،
قىلماق كېرەك ئول كۆڭۈلنى يۈزمىڭ پەركەند.

يانا ئول ئېردىكىم، ئول ھەزرەتنىڭ دەۋلەتىدىن باۋۇجۇد ئولكىم، جەمئى تەنەئ‌ئۇماتى جىسمانى، مۇراداتى نەفسانىغەكىم، دەست رەسىم، بەلكى ھەۋەسىم بار ئېردى. ئەمما ئانىڭ كىشۋەرى گۈلىستانىنىڭ ھەرەمى ئەترافىدا ۋە مۇلكى بوستانىنىڭ چەمەنى ئەكنافىدا كۆرمەس نېمەدىن كۆزۈمنى نەرگىس كۆزىدەك كور ۋە ئىشتمەس نېمەدىن قۇلاغىمنى بىنەپشە قۇلاغىدەك كەر ۋە تۇتماس نېمەدىن ئىلكىمنى چىنار ئىلكىدەك شەل ۋە بارماس يەردىن ئاياغىمنى سەرۋى ئاياغىدەك لەڭ ۋە ئايتماس سۆزدىن، بەتەخسىس مەخفى ئەسرارىكىم گۈل خۇردەسى مىسەللىك غۇنچەدەك كۆڭلۈمدە ئەمانەت تاپشۇردى، ئىفشادىن تىلىمنى سەۋسەن تىلىدەك گۇڭ قىلدىم.

كورۇ كەر، لەڭۇ شەل كېرەكتۇر ھاسىل،
شەھ خىزمەتىغە بىراۋكى بولغاي مايىل.
ئەسرارىنىڭ ئىفشاسىدىن گۇڭ ئەيلەسە تىل،
بۇ مۇشكىل ئېرۇر، بارچەسىدىن بۇ مۇشكىل.

يەنە ئول ئېردىكىم، ئول ھەزرەتنىڭ قۇللۇغىدىن ئېرتىكاب قىلۇردا ھېچ نەۋئ ئۆز غەرەز ۋە مەسلەھەتىم مۇتەسەۋۋەر ئېرمەس ئېردى، بەلكى خەۋاس تەگرىلىك ئۈچۈن، داغى ئۆزىنىڭ مۇبارەك خاتىرى ئۈچۈن، داغى مۇسۇلمانلار مەسلەھەتى ئۈچۈن ئېردى. بۇ جىھەددىن خىرەد ھاكىمى بىلە راستلىق سىياسەتگاھىدا غەرەز ئوغرىسىنى فەنا دارىغە ئاسىپ، ئىنساق دارۇلقەزاسىدە ھېرس قاراقچىسى بويىنىن قەنائەت قىلچى بىلە ئۈزۈپ، ۋۇجۇد شەھرىدە مۇددەئا قەسرىدىن رىيازەت يامغۇرى بىلە يىقىپ، نەفسانىيەت باغىدا ئارزۇ نىھالىنى ئىنقىتائ ئىلكى بىلە قۇتقارىپ، ئەمەل مەزرەئېدە تەۋەققۇئ خىرمەنىن فەقر ئوتى بىرلە كۆيدۈرۈپ، ئول خىرمەن كۈللەرىن فەنا يەلىگە ساۋۇردۇم.

تا ھېرسۇ ھەۋەس خىرمەنى بەرباد ئولماس،
تا نەفسۇ ھەۋا قەسرى بەرئەفتاد ئولماس.
تا زۇلمۇ سىتەم جانىغە بىداد ئولماس،
ئەل شاد ئولماس، مەملەكەت ئاباد ئولماس.

يانە ئول ئېردىكىم، ئەگەرچە ئول ھەزرەتنىڭ رەۋشەن زەمىرى كۆزگۈسى ھەز-

ھەرى تەجەللىياتى ئىلاھى ۋە ھۇمايۇن خاتىرىنىڭ قۇياشى مەترەھى تەئەييداتى نامۇتەناھىيدۇرۇر، پاك خەيالى دىن تەقۋىيەتىغە سادىق ۋە ساف زىھنى شەرئى مۇبىن تەمشىيەتىغە مۇۋافىقدۇرۇر. غايەت رىئايەتى ۋە نىھايەت ئىھتىياتى بۇ ھۆكمگە مۇقتەزىي بولدىكىم، نەئۇزۇ بىللاھ، ئەگەر بەشەرىيەت تەغافۇلىدىن شەرىف روزگارى ھەۋاسىدا زۇلم بولۇت [لارى] ئەدل قۇياشى نۇرىدىن ياپاردەك بولسا، بۇ قول زەررەئى ئەرزىغە يەتكۈرگەي. تا ئول بۇلۇتلارنى نەدامەت ئاھى سەرسەرى بىلە ئالەمدىن چىقارغاي. ۋە پاكىزە ئەۋقاتى شەبىستانىدا ئەگەر بىدئەت نەسىمى شەرىئەت شەمئىغە زەرەر يەتكۈرۈردەك بولسا، بۇ ناتەۋان پەرۋانە بولغاي، تا ئول شەمئىنى مۇھافەزەت ھۇللەرىدىن فانۇسغە كىيتۇرگەي. بىھەمدىللاھكى، ئول تەۋر‹1› ئەمر ھادىس ۋە بۇ نەۋئ ئىش ۋاقىئ بولمادى، ئەمما، بولدى ئىرسە ھۆكمىدىن تەجاۋۇز قىلمادىم ۋە ئۆزۈمنى ئارادە كۆرمەيىن ئول ئىش ئاراغە سالدىم.

تەقرىرىم ئەگەر ياخشى ئىدى، يوقسە تەباھ،
ئەلفازىم ئەگەر يامان ئىدى، گەر دىلخاھ.
ئەرز ئەتمەكنى چۇ ھۆكم ئەيلەپ ئىدى شاھ،
شاھ ئاڭلاماسا بۇ خىزمەتىم نىتكەمەن، ئاھ.

يانە ئول ئىردىكىم، مەمالىك ھەرگىز، چۇنكى زۇلم يەلى مەزلۇم چەراغىغە مۇشەۋۋىش بولماقدىن ۋە تەئەددى ئوتى ئاسايىش خىرمەنىغە زەرەز يەتكۈرمەكدىن خالى بولمايدۇرۇر. ھەر زالىمىكى جەببارلىغ تاغىدا بىدادى قاپلانىنىڭ ھەر ھالىدىن بىر كۆز تىكەركىم، مەزلۇم فەراغەتى كىيىكىن قايدا كۆرگەي، دەھر جاڭگالىدىن نىچە ستەم قۇللابى مۇھەييا قىلۇركىم، ئانى نىچۇك سەيد قىلغاي ۋە ھەرتىشىدىن بىر نىشى زەھر ئالۇد ئىترۇركىم، ئانىڭ جان ئىلتىمەكى مۇمكىن بولغاي. تا ئول نامۇراد كىيىك ئەئزا ۋە ئەھشاسىدىن نەفسى ئەممارە سەبۇئىغە كام ۋە سەبۇئىيەت ئىشتىھاسىغە ئارام بەرگەي. ۋە بۇ مۇقەددىمەغە زالىم بىلە مەزلۇم ھالىدىن كىنايەت ۋە بىدادگەر بىلە دادخاھ ئەھۋالىدىن ھىكايەتدۇر. ئىلكىمدىن كەلگەنىچە زۇلم تىغىنى ئۇشاتىپ، مەزلۇم جەراھەتىغە ئىنتىقام مەرھەمىن قويدۇم ۋە ئىلكىمدىن كەلمەگەنىنى ئول ھەزرەت ئەرزىغە يەتكۈردۇم، تا زۇلم پەلەڭى تىبرەسىدىن كىيىك سۇرئەتلىك بادەپالار غاشىيەسىغە زىينەت بەردى ۋە مەزلۇم جانى كىيىكى كوزىگە ئەمنىيەت مەرغزارىدا قاپلان داغلارى ئورنىغە لالە داغلارى كۆرگۈزدى.

شەھ ئەدل ئۆيىنى ئەيلەيىن دەپ مەئمۇر،
سەئيى ئەيلەدىم ئول قەدەركىم، ئىردى مەقدۇر.

‹1› ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «تەۋل» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «تەۋر» دەپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



هەرنېچەكىم، تەگىردىن يېتەر شەممىغە نۇر،
پەرۋانە ئېرۇر جانى كۆيەردىن مەئزۇر.

يانا ئول ئېردىكىم، ئۇلۇس ئارا ئەكابىرى ئىزامدىن سايىرى ئەۋامغەچە ۋە سىپاھى ئارا ئەمارەت مەسنەدىدە بەزم تۈزگەندىن مەزەللەت كەپەنەكىدە ئەجز كۆرگۈزگەنگەچە ۋە رىئايا ئارا تەۋانگەرلىك جۇيبار ۋە دەشتىنى سىپپىھر مەزرەئەسىدەك كۆكەرتىپ، تەمەۋۋۇل مەھسۇللاردىن ھاسىل قىلغاندىن، سىپپىھردەك ئىككى پۇكۇلۇپ خۇشە تەرمەكتە ئاقشامغەچە روزگارى كەفافىغە پەرۋىنىدەك بىر ئاۋۇچ دانە تەگەنگەچە ۋە ياساغلىق ئارا بايلىق مەرغزارى ئىچرە بىر سۇرۇك قويىدىن يىلدا ھەمەلدەك مىلك قوزىغە قانىئ بولماغاندىن، يوقسۇزلۇق شىراملارىدا قوي كۇتۇپ يىلدا جەدىيدەك بەش ئۈچكۇ مۇزد ئالغانىنى غەنىمەت بىلگەنگەچە كىشى ئاز تاپىلغايكىم، بۇ ناتەۋان بىلە ئىشى تۈشمەمىش ۋە ئۇ ھەزرەت دەۋلەتىدە جىددۇ سەئيىمدىن ئول ئىش پۈتمەمىش بولغاي. بۇ ئىشلار مۇقابەلەسىدە مۇزد تىلەپ مىننەت قىلمادىم، بەلكى مۇزد بېرۇرگە مىننەت داغى تۈتتىلار، قەبۇل ئەتمەدىم.

ئەلدىن ماڭا گەرچە غەيرى رەھمەت يوق ئىدى،
ئەيب ئېرمەس ئەگەر مۇزد ئىلە مىننەت يوق ئىدى.
ئەل بەردىلەر، ئەمما ماڭا رىغبەت يوق ئىدى،
شەھ دەۋلەتىدىن بۇلارغە ھاجەت يوق ئىدى.

يانە ئۇ ئېردىكىم، ئول ھەزرەت ھۆكمى جىھەتىدىن ۋە تەكلىفى سەبەبىدىن مەئاش مەزرەئەسى يابىس قالماسۇن دەپ، بىرەر نېمە زىرائەتغە ئىشتىغال كۆرگۈزدۈم. چۈن ئول ئىشىمدا قىلا ئالغانچە شەرئىيەت جانىبى مەرئي ۋە ئىنساف تەرەفى مەلھۇز ئېردى. تەگىرى ئېنايەتىدىن كۆپ مەھسۇللار ھاسىل ۋە غەنىمەتلەر ۋاسىل بولا كىرىشتى. بۇ جۇملەدىن ئۆز مەئاشىمدىن سايىر ئەۋامدىن بىرىنىڭ مەئاشى ئۆتكۈنچە ئىسىغ-ساۋۇغ دەفئى ئۈچۈن بىر تۇرمە تون داغى مۇڭا مۇناسىب يېمەككە قانىئ بولۇپ، قالغانىنىڭ بەئزىسىن ئول ھەزرەتنىڭ مۇلازەمەتى مەسلەھەتى ئۈچۈن، كېلىش-بارىشىغە ۋە نەۋكەر ۋە مۇتەئەللىقلەر ئۇلۇفەسىغە ۋە چەرىك ياراغىغە سەرف قىلدىم. ۋە بەئزىنى ئانىڭ سەباتى دەۋلەتى ئۈچۈن دۇئا ۋە دەۋامى سەلتەنەتى ئۈچۈن تائەت قىلغۇر مۇستەھەقلەرغە كىم — شامدىن سەھەرغەچە سىپپىھردەك رۇكۇئدا خەم بولۇپ، ئەنجۇم كەبى تەسبىھ ئېۋەرۇرلەر ۋە تاڭدىن ئاقشامغەچە ئالەمدەك ياخشى-يامانىنىڭ ناملايىملىغىن كۆرۈپ، قۇياشدەك بىر قۇرس بىلە مەئاش ئۆتكەرۇرلەر — تېگۇردۇم. ۋە بەئزىنى مەزكۇن جەمئ مەئۇنات ۋە بارچە تەكلىفاتدىن ئارتتى — بىقائى خەير بەنا قىلدىم. ۋە مەزكۇر بولغان جەمئى خەيرات ۋە مەبراتىنىڭ ھەسەنە ۋە سەۋابىن ئول ھەزرەتنىڭ رىسالەرى ۋە تۇفەيلى قىلدىم ۋە ئانىڭ خۇجەستە ئەۋقاتى ۋە ھۇمايۇن روزكارىغە كەچتىم

ۋە بۇ دەئۋامەئناسىغە قازىيۇلهاجات ھەزرەتى ۋە قەزاۋۇ قەدەر مەھكەمەسىدە ۋە ئەنبىيائى مۇرسەلىن ۋە مەلائىكى مۇقەررەبىنىنى تانۇق تۇتتۇم.

مەقسۇد چۇ شاھى دىن پەناھ ئولدى ماڭا،
ئۇقبا سارى ھەرنې زادى راھ ئولدى ماڭا.
مەجمۇئىنى قىلدىم ئانىڭ ئالىندا نىسار،
بۇ ھۇججەت ئۇچۇن تەڭرى گۇۋاھ ئولدى ماڭا.

ۋە ئول بىقائى خەير جۇملەسىدىن بىرى بۇدۇرۇركىم، تەئرىخ سەككىز يۈز سەكسەن بىردەكىم، ئول ھەزرەت كۇشكى مۇرغانى يانىندا بۇ فەقىرغە سەرا ۋە ھويلى ياساغالى يەر ئىنايەت قىلدى ۋە بۇ فەقىر ئانىڭ ئىمارەتىغە مەشغۇل بولدۇم. ۋە ئەلھەق ئول يەرىدۇرۇر، ھىرات دارۇس-سەلتەنەسىنىڭ رەۋزەئى ئىرەم زىبەتلىق ۋە بەيتۇل-ھەرەم مەنزىلەتلىق بەلەدەئى فاخىرەسىنىڭ شىمالى ھەددىدەكىم، گازۇرگاھىنىڭ ئۇششاغ لەئل كانى ۋە گەۋھەر ئۇممانىغە تەنناز ۋە قارا تۇفراغى مۇشكى ئەزفەر ۋە تەبلەئى ئەنبەزغە تەئنساز تاغى ۋاقىئدۇرۇر، ئانىڭ ئىتەكىندەكىم، جەنۇبى ھەددى بولغاي، بۇ تاغ مەئمۇرەئى مەزكۇرەنىڭ مابەينىدە ۋاقىئدۇرۇر. ئول يەرنىڭ ھەۋاسى رۇھپەرۋەرلىقدە جەننەت ھەۋاسىدىن نىشانە ئايتۇر ۋە يەلى ھەيات بەخشلىقدە فىردەۋس نەسىمىدىن نەمۇنە كۆرگۈزۇر. ۋە تاغ جانىبىدىن جۇيى نەۋرۇزى ئۆتەركىم، سەداسى غۇلغۇلەسىدىن لەب تەشنەلەر قۇلاغىغە مۇژدەئى ھەيات تەرانەسى يېتەر ۋە شەھەر جانىبىدىن ئىنجىل سۇيى ئاقاركىم، «ئەينەن تۇسەممى سەلسەبىلا» زۇلالىدەك تەبىئەت كامىغە ياقار. مازى سەلاتىنىدىن ئول يەردە باغ ياسارغە ئىمارەت سېيتىن سالغان ئەمىرزادەلەر، بەلكى سەلتەنەت كۇسىن چالغان شەھزادەلەر ئارزۇ نىھالىن تىكىپ، مەقسۇد مېيۋەسى تاپىلغان ۋە تەمەننا گۇلبۇنىن ئېكىپ، قەبۇل گۇلى ئاچىلغان. ھاسىل، بۇ فەقىر ئول يەردە ئوتتۇز جەرىب يەرنى دىۋار تارتىپ، سەراي ئىمارەت قىلىپ، باغچەسىغە ھەر تۇرلۇك ئەشجار بىلە سەفا ۋە نەزرەت ۋە چەمەنىغە ھەر نەۋئ رەياھىن بىلە زىيىب ۋە زىينەت بەردىم ۋە ئانىڭ تەئرىفى مۇندىن ئۆتمەسكىم، ئول ھەزرەتنىڭ مەۋكىبى گەردۇن سايى نەچچە قاتلا ئول مەنزىلنى غەيرەتى بىھىشت بەرىن ۋە مەقدەمى فەلەك فەرسايى نەچچە نەۋبەت ئول مەئمەننى رەشكى نىگارخانەئى چىن قىلدى. ۋە ئۇمىدىم بۇ دۇرۇركىم، ھەمىشە ئول يەر بۇ دەۋلەتغە سازاۋار ۋە مۇدام بۇ خاكسار ھەم بۇ ئىنايەتدىن بەرخوردار بولغايمەن، ئىنشائەللاھۇ تەئالا.

ۋە بۇ مۇرغانى كۇشكى بۇ ھويلى مۇھەۋۋەتەسىنىڭ ھەددى جەنۇبى بىلە ھەددى غەربىسىنىڭ مابەينىدە ۋاقىئ ئېردى. ۋە ئول ئىمارەتى ئېردى، بۇرۇن چاغدا تەرھ سالغان ۋە قەدىمدە ياسالغان، بىناسى تاشدىن ئېردى، ھەماناكى ئول تاشنى مىھنەت تاغىدىن تاشىپ ئېردىلار ۋە دىۋارى خام كىرپىچىنى ئەندۇھ تۇپراغى ۋە

ھەسرەت سۆيىدىن قويۇپ بېردىلار. تەرھى ئىككى ئاشام بېردى، قۇيىغى ئاشامى تىيرەلىكدىن فىراق شامى ۋە ئاندا نۇھۇسەت بۇملارى بىلە زۇلمەت خەففاشلارىنىڭ ئارامى، يوقارىغى ئاشامى بۇزۇغلۇقدىن فىراق ئەھلى كۆڭلى ئۆيىدىن نىشان ۋە ئاندا نەۋمىدلىك چۇغزەلەرى بىلە ماتەمى لىباس كەبۇتەرلەر ئاشيانى.

يېقىپ ئەيۋانىنى سېلى زەلالەت،
ياغىپ دىۋارىدىن گەردى مەلالەت.
قاراڭغۇ سەھنى ئانداغ شامى دەيجۇر،
كى خۇرشىد ئاندا كىرسە تاپماغاي نۇر.
بولۇپ مۇتەۋارىلار ئارامى ئاندا،
فۇجۇرۇ فىسق ئەھلى كامى ئاندا.
كۆڭۈلگە كىردى بۇكىم: گەر بىرۇر دەست،
ئانى قىلماق كېرەك تۇپراق ئۈزە پەست.
بىنائى تەرھ قىلماقكىم، ھەممىشە،
ئەل ئەتكەي شەھ دۇئاسىن ئاندا پىشە.

چۈن بۇ مۇۋەججەھ خەيال كۆڭۈلدە ئۇستۇۋار بولدى ۋە بۇ مەقبۇل ئەندىشە خاتىردە قەرار تۇتتى. ئول بىنائى دەير پەيۋەندنى ھەمۋار قىلىپ، ئورنىدا مەدرەسە بەنا قىلىندى ۋە ئول ئەساسى كەلىسا مانەندنى بۇزۇپ، يەرىدە مەسجىدى تەرەھ سالىندى.

شەھ دەۋلەتىدىن ئىتتى بۇ دەيرۇ كەلىسا،
ئورنىدا بولدى مەدرەسەۋۇ مەسجىد بىنا.

ۋە مەدرەسە ئىشىكىدىن كىرگەچ مەسجىد ئانىڭ ھەددى غەربىكى، قىبلەسى سارى بولغاي، ۋاقىپ بولدى. ۋە خۇشخان ئىمام ۋە خۇش ئاۋاز مۇقرى مۇقەررەر بولدىكىم، سەلاتى خەمسەنى مەھەللە ئەھلى بىلەن قايىم تۇتۇپ، ئول ھەزرەت دۇئاسىغە مەشغۇل بولغايلار. ۋە مەدرەسەنىڭ تۆردەكىم، ھەددى شىمالىدۇرۇر ‹1›، كۈنبەزى ياسالدىكىم، [سۇرەئى] قۇرئانى ۋە ئاياتى فۇرقانى ئەداسىدا قىرائەت گۈلشەنىنىڭ ئىيسەۋى نەفەس ئەندەلىبى خۇشئەلھانلارى ۋە تەجۋىد رەۋزەسىنىڭ داۋۇدى نەغمە، فاتىھەئى شىرىن ئەدالارى ھەر كۈن ھەزرەتى رىسالەت پەناھ مۇتەھھەرى روھانىيەتى ئۈچۈن، بىر سىپارە كەلام ئوقۇپ، ئول ھەزرەت دۇئاسى بىلە خەتم قىلغايلار. بۇ كۈنبەزنى «دارۇل-ھۇففاز» دېيىلدى. ۋە مەدرەسەنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سۇففەسىدە ئىككى مۇدەررىس، بىرسى فىقھ ئۇسۇل ۋە فۇرۇئى، ۋە بىرسى ھەدىس فۇرۇئ ۋە ئۇسۇل ئايتقايلار ۋە ھەر دەرس ھەلقەسىدە ئون بىر تالىبى ئىلمىكىم، — مۇۋەززەف بولغايلار، — تەئيىن قىلىندى. ۋە بۇ مەدرەسەغەكىم، خۇلۇسى ئىخلاسدىن ياسالدى، «ئىخلاسىيە» ئات قويۇلدى.

ۋە بۇ «ئىخلاسىيە» مەدرەسەسىنىڭ جەنۇبى ھەددىنىڭ تاشىدىنىكىم، ئىنجىل ئارىقى ئاقار، ئول ئارىقنىڭ جەنۇبى ھەددىكىم، قىبراغى بولغاي، شارىئى ئامدۇركىم،

‹1› ئەسلى قول يازمىدا «شىمالى» دېگەن سۆز تەكرار ئىككى قېتىم يېزىلغان، بىرسى ئېلىندى.

ئۇل ھەزرەت بەنا قىلغان مەدرەسەدىنكىم، ھەر تاقى ئۇلۇۋۋى رەفئەتىدىن سىپېھرى مۇقەرنەس رەۋاقىغە كۈنگۈرە يەتكۇرۇپدۇرۇر ۋە ھەر گۇنبەزى سۇمۇۋۋى مەنزىلەتىدىن فەلەكىنىڭ كۆك گۇنبەزىدىن باش ئۆتكەرىپدۇرۇر. ھەر مۇدەررىسى قاشىندا مۇشتەرىكىم، ئالتىنچى ئەيۋان دانىشمەندىدۇرۇر، ئامى ۋە نادان. ۋە ھەر تالىبى ئىلىم ئالىندا ئەتارىدكىم، ئىككىنچى سۇففە مۇستەئىددىدۇر، تىفلى ئەبجەدخان. ۋە خادىمەلارى سۇفرەسىدە ئاي گىردەسى ۋە قۇياش قۇرسى ئىككى فەتىر ۋە تەباخلارى تەھىيەسىدە كەھكەشان شەكلى ئۇن سەپكەن بىر زۇلە خەمىر.

بۇ بۇقئەكى تابىناسى بۇنياد ئولدى،
ئەل ھاجەت ئىلە فەقردىن ئازاد ئولدى،
دەرۋىشۇ غەنى نىئمەتىدىن شاد ئولدى،
بۇ ۋەجھىدىن ئاتى «نىئمەت ئاباد» ئولدى.

بۇ شارىئى ئام بۇ «نىئمەت ئاباد» جانىبىدىن كېلىپ، كۆۋرەك يول ئىنجىل ئارىقى ياقەسى بىلە مەھدى ئۇليا ۋە بىلقىسى ئۇزما گەۋھەرشاد ئاغە (نەۋۋەرەللاھۇ مەرقەدەھا) مەدرەسەسى سارىكىم، — كاشىسى گىرىھكارلىغىدىن ئەقل مېئمارى ھەيران ۋە شەمسەسى زەرنىگارلىغىدىن خىرەد مۇھەندىسى سەرگەرداندۇرۇر، — بارۇر.

ۋە بۇ «ئىخلاسىيە» مەدرەسەسى مۇقابىلەسىدەكىم، مەزكۇر بولغان شارىئىنىڭ جەنۇبى ھەدى بولغاي، خانەقاھى بىنا قىلىندىكىم، ئۇل ھەزرەتنىڭ دەۋامى دەۋلەتى، سەباتى سەلتەنەتى ئۈچۈن، قويىراق مەشرۇت بولغان دىستۇر بىلە ھەر كۈن فۇقەرا ۋە مەساكىنگە تەئام بەرگەيلەر ۋە ھەر يىل ئېھتىياج ئەھلىگە كىيگۈلۈك يەتكۇرگەيلەر.

ۋە بۇ خانەقاھ تۈرىدەكىم، جەنۇبى تەرەفى بولغاي، گۇنبەزى بىنا قىلىندىكىم، بۇ مەھەللە ئۇل ھەزرەت دەۋلەتىدىن مەئمۇر ۋە ئەل داغى قالىن مەسرۇر بولۇپتۇرۇر ۋە بۇ جەمائەت بىلە مەسجىدى جامېئلار ئاراسىندا جۇزئى مۇسافەتى يار. قىشدا بەئزى ساۋۇغ ۋە پالچىغ ئۇزرى بىلەن ۋە يازدا بەئزى گەرد ۋە ئىسسىغ بەھانەسى بىلە «يا ئەييۇھەللەزىنە ئامەنۇ ئىزا نۇدىيە لىسسەلاتى مىن يەۋمىلجۇمۇئەتى فەسئەۋ ئىلا زىكرىللاھى ۋەزەرۇلبەيئ»[52] كەرىمەسى بىرلە ئەمردىن غافىل ۋە ئانىڭ سەۋابىدىن ئاتىل ئېردىلەر. مۇقەررەر قىلدىمكىم، ئۇل خانەقاھ بىلە گۇنبەزدە جۇمئە نەمازى قىلغايلار. شايەد ئۇل جەمائەت بىر نەۋئ نامەسمۇئ ئۇزر بىلە ئۇل دەۋلەتىدىن مەھرۇم ۋە بۇ سەئادەتىدىن بىبەھرە قالماغايلار. داغى خەتىب ۋە مۇقرى ۋە ئىمام ۋە ئۇلچە بۇ ئەمردە زەرۇرەتدۇرۇر، مۇئەييەن بولدى.

ۋە «ئىخلاسىيە» مەدرەسەسى ئۇترۇسىدا بۇ خانىقاھىغەكىم، ئىمارەتى ھەرنەۋئ رەيا ۋە غەشدىن خالى ئېردى ۋە خاتىرغە كۆپ تەرەددۇددىن خەلاسى بەردى. «خەلاسىيە» ئات قويدۇمكىم، «لا خەلاسە ئىللا بىلئىخلاس» مەزمۇنى سەئادەتىغە مۇشەررەف بولدىلار. ۋە ھىرات دارۇس-سەلتەنەتەسىدە ۋە تەگرەسىدە ھەرنى مۇستە-

www.uyghurkitap.com

غەل ۋە دەكاكىن ۋە باغ ۋە يەر ۋە كارىزكىم، ئول ھەزرەت ئەۋانى دەۋلەتىدە بۇ
فەقىرنىڭ مۈلكى ئىردى ۋە ئۇلارنىڭ بەيئى ۋە شىراسىدا شەرئى قەۋائىدىن كۆپ
مەرئى تۇتۇلۇپ ئىردى ۋە بەھالارىدىن بىر دىرەم مەۋقۇف قالمايدۇر ئىردى. ئانداق-
كىم، بۇ مەئنىغە ئەئىممەئى ئىسلام، بەلكى خەۋاسۇ ئەۋامدىن
كۆپى ۋاقىفدۇرۇرلار ۋە بۇ بابدا تەھسىنلەر قىلىپ، ئىنسافلار بىرۇرلار، ۋە مۇددەت-
لەر بۇ فەقىرنىڭ تەسەررۇف قەبزە ۋە تەملىك ئىلكىدە ئىردى. بۇ بىقائىغە ۋەقف
سەھىھ شەرئى قىلدىمكى، بۇ ئىككى بۇقئەنىڭ ئىمارەتى ۋە سەكەنەسىنىڭ ۋەزايىفى
بىلە بارچە مەئۇنەتى ئاندىن ھاسىل بولۇپ، شەرت قىلغان دەستۇر بىلە سەرف
بولغاي.

يانە ئول ھەزرەتىنىڭ فەلەك مەرتەبە دەرگاھىدا ۋە سىپىھر مەنزىلەت بارگا-
ھىدا ئەرزداشتىم بۇدۇرۇركىم، تىرىكلىك بوستانىدىنكىم ئەدنا نىھالۇفەرىن سىپىھرى
ئەخزەر بىلە تەڭ تۇتسا بولماس ۋە ھەيات گۈلىستانىدىنكىم جۇزۋى سارىغ گۈلبۇن
ۇرشىدى خاۋەرغە ئوخشاتسا بولماس. غەرەز يىگىتلىك چەمەنىنىڭ گۈلبۇنى خۇجەس-
ەسى ۋە مەقسۇد شەباب گۈلبۇنىنىڭ تازە گۈلدەستەسىدۇرۇر. بنەھەمدىللاھى ۋەلمىننە-
ى، مېنىڭ بۇھەياتىم گۈلبۇنىنىڭ گۈللارى ئول ھەزرەتىنىڭ خىزمەتى بەھارىدا
ئاچىلدى ۋە يىگىتلىكىم ئەشجارىنىڭ شىكۇفەلەرى داغى ئول ھەزرەت مۇلازىمەتى
ھەۋاسىدا ساچىلدى. ئول گۈللاردىن مۇراد رايىھەسى روزگارىم مەشامىغە يەتتى،
بۇ شىكۇفەلەردىن كۆپ مەقسۇدلار نەۋبادەسى ھەياتىم كامىن بەھرەمەند ئەتتى.
ئۈمىدىمكىم، ھەياتىم گۈلشەنىنىڭ بەھارى خەزانغە يېتىشتى ۋە بۇ گۈلشەندە ئاچىل-
غان يىگىتلىك گۈللارى تۆكۈلە كىرىشتى؛ سەبزەسى تەبىئەت ھەۋاسى بۇرۇدەتىدىن
ئاقاردى ۋە لالەسى كۆھۇلەت ساۋۇغ نەفەسلەرىدىن سارغاردى؛ سۇنبۇلى سىيرابى
مەرغۇلەلەرىدىن تاب كەتتى ۋە نىھالى سەربەلەندى ئەجەل سەرسەرىدىن فەنا تۇفرا-
غىغە يىقىلورغە يەتتى. ئول ھەزرەتىنىڭ مۇئەببەد دەۋلەتىدىن ۋە رەفىئ ھىممەتى-
دىن كۆڭلۇمگە كەچمەگەن كاملارگە كامكار بولۇپ‌ەن ۋە تۇشۇمگە كىرمەگەن
مەقاسىدغە ئىقتەدار تاپىپمەن. ئىككى ئارزۇ رىشتەسىدىن ئۈزگەكىم، گىرەھى كۆڭ-
لۇم پەردەسىدىن يېشىلمەدى ۋە ئىككى مۇراد غۇنچەسىدىن باشقاكىم، تۇگۇنى جانىم
گۈلشەنىدىن ئاچىلمادى. ئەمما، ئۈمىدىم ئولدۇرۇركىم، بۇ ئىككى ئۈمىدىم
مېۋەسىدىن داغى بەرۇمەند ۋە مۇرادىم بۇ دۇرۇركىم، بۇ ئىككى مۇرادىم گەۋھە-
رىدىن داغى سەربەلەند بولغايمەن ۋە بۇ ئارزۇ خارخارىنىڭ تىكەنى كۆڭلۈمدە
سىنماغاي ۋە بۇ مۇراد گەۋھەرىنىڭ ياغىنىن قەترەدەك تۇپراقغە ئايمەگەيمەن.

بىرىسى بۇ دۇرۇركىم، كىشىگە ئەبەدى دەۋلەت ۋە سەرمەدى سەئادەت ۋە ھەيات
چەشمەسىنىڭ نەۋىدى ۋە نىجات مەنزىلىنىڭ ئۈمىدى ئىسلامىنىڭ بەش سىتونلۇق
زاتۇل-ئىمادىن كىرمەگۈنچە مۇمكىن ئىرمەس. ۋە بۇ خەمسۇل-مۇبارەك پەنجەسىغە
ئىلىك ئۇرماغۇنچە ھېچ ئىش نەتىجە بەرمەس. ئەۋۋەل كەلىمەئى تەۋھىددۇر.
شۈكركىم، ئانى ئەلفدەك جانىم ئاراسىدا نەقش ئىتىپمەن. ئىككىنچى سەلات خەم-

سەدۇر. بەھەمدىللاھكىم، ئانى ھېيدەك زېھنىم ئارا سەبت قىلىپ ئەن. ئۈچۈنچى رەھمە-
زان ئوتتۇز كۈننىڭ رۇزىسىدۇرۇر. شۈكر لىللاھكىم، ئانى لامىدەك قەلبىمدە ياشۇ-
رۇپمەن. تۆرتۈنچى زەكاتتۇرۇر. جانىم نەقدى ئول تەگرىگە زەكاتكىم. كۆڭلۈمگە
نىسابغە يەتكۈنچە مال زەخىيرە قىلماغى مەيلىن سالمادى ۋە نىسابغە يەتكەن مال
زەكاتىن ئايرىغۇنچە ئىلكىمدە قالمادى. بەشىنچى ھەجدۇرۇر ۋە ئول بىئۇزر مۇيەس-
سەر بولمايىن، — ھەماناكى، ئىسلام شەخشى بىر كىشىگە ئوخشاركىم، ھەۋاسى خەمە-
سەدىن تۆرتى بار ۋە بەشى مۇقەررەردۇركىم، بەشەلەسى ھەۋاس كىمدەكىم بولماسا،
مۇجىبى نۇقسانى بولۇر، — ۋە بۇ مەزكۇر بولغان ئىككى ئارزۇدىن بىرى بۇ مۇبارەك
سەفەردۇرۇر. ئۇمىدىم ئولكىم، ئىسلام شەخسى بەش ھىسسىدىن بىرىنىڭ ئۆكسۈكلۈكى
جەھەتىدىن ناقىس بولماغاي ۋە مۇسۇلمانلىغىم پەنجەسى بىر بارماق يوقلۇغى سەبە-
بىدىن مەئلۇل قالماغاي. ئول سەئادەت ئايىن قافىلەكىم، ئول بادىيە سارىكىم — شاھ
راھى جۇيبارىدا سەراب ھەيئەتى چەشمەئى ھەيات زۇلالى ۋە ئول زۇلال ئەتىرافىدا
ھەر مۇغىلان بوتەسى گۈلشەنى نەجات نىھالىدۇرۇر— ئەزىمەت قىلسا، ئەگەر قافىلە
سالارلىق چەترى سايەسىدا يەر تاپماسام، يەر يۈزىدە سايە كەبى جىسمىم بەندىدىن
ۋە ئۆزلۈك قەيدىدىن قۇتۇلۇپ، ئول قافىلەنى ئەرەشسەم ۋە ئەگەر بىر ھاجىلىق
مەھمىلى ھەرەمدە ھۆكمى رەۋان بولائالماس، جەرەسدەك چاك كۆكسۈم ۋە ئىز-
تىرابلىق كۆڭلۈمدىن فىغان تارتىپ، ئول مەھمىلى تۇفەيلى مەقسەدغە يېتىشسەم.

مېنىكىم بۇ سەۋدا نىزار ئەيلەدى،
ھەۋەس ئىلكىدە بىقەرار ئەيلەدى.
نې ئىمكانكى تاپقاي قەرارۇ سۈكۈن،
بىراۋكىم بۇ فكر ئەتكەي ئانى زەبۇن.
ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە گام،

كى بولغاي مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇ كام.
ئەگەر بولسە بۇ يولدا ئۆمرۇم تەلەف،
چۇ بۇ يولدادۇر ئول ھەم ئېرۇر شەرەف.
ۋەگەر بولسام ئۆز كامىمە بەھرەمەند،
زىھى مۇلك جاۋىدۇ بەختى بەلەند.

ۋە بۇ مۇقەددەماتدىن غەرەز بۇكىم، ئول سىدرەئى سىپېھر تىمسال دەۋرىدە
سۇھا كىرداز ۋە ئول قۇببەئى خۇرشىد مىسال تەۋفىدە زەررەۋار ئۆيرۈلۈردە فىراق
زەنجىرى ۋە ئىشتىياق سىلسىلەسى ھەلقى بولغان قەددىمنى تۆزەتىپ، ئول مەقسۇد
ئىشىكى ھەلقەسىغە ئىلكىمنى قۇللاب قىلىپ، ئول ھەزرەتنىڭ قىبلەئى ئىقبال ۋە
كەئبەئى ئامالىدەك دەرگاھىنىڭ سەباتى دەۋامى ئۈچۈن دۇئا قىلغايمەن.
ۋە ئىككىنچى مۇرادىم ئولكىم، ئول ھەزرەتنىڭ غايەتسىز ئېھنايەتلەرى ۋە
نىھايەتسىز شەفقەتلەرى مۇقابىلەسىدە يۇقارى مەزكۇر ۋە سەدرىدە مەستۇر بولغان
خىزمەتلەردىن بۇ فەقىرى شىكەستە ۋە بۇ ھەقىرى دىلخەستەغە مۇناسىب-راق ئول
ئېردىكىم، زۇبدەئى ئەۋقاتىم ۋە خۇلاسەئى ھەياتىمنى ئول-ھەزرەتنىڭ مەدھى زاتى
ۋە تەئرىفى سىفاتىدا سەرف قىلسام ئېردى ۋە ئول بابدە غەررا قەسىدەلەر ۋە رەڭ-
گىن غەزەللەر ۋە مەتبۇئ مەسنەۋىيلەر ۋە مەسنۇئ ئىنشالار، بەلكى ھەر نەۋئ نەزم

ۋە نەسىردىن كىتابلار تەسنىف قىلسام ئېردى ۋە مۇجەللەدلەر تەرتىب بەرسەم ئېردى، تا ئول ھەزرەتىنىڭ فەرخۇندە ئاتى بۇ ۋەسىلە بىلە كۆپ يىللار روزىگار سەھىفەسىدە مەزكۇر ۋە ھۇمايۇن زاتى بۇ ۋاستە بىرلە كۆپ قەرنلەر روزىگار ئەھلى تىلىدا مەزكۇر بولسا ئېردى.

ئەمما، بۇ جىھەتدىنكىم، ئول ھەزرەتىنىڭ بەسكى ئىلتىفاتى سەھابىدىن ئېھتىمام يامغۇرى بۇ خاكسار روزگارىغە نازىل ۋە ئېھتىمامى بوستانىدىن ئىلتىفات شەمالى بۇ بىنەۋا ھالىغە شامىلدۇرۇر.

ئەلنىڭ تەرەددۇدى ۋە ئۇلۇسنىڭ ئىختىلاتى، ئەرازىل تەمەللۇقى ۋە ئەشراف ئىنبىساتى، خەۋاس ئىكرامى ۋە ئەۋام غەۋغاسى، زالىم ئىبرامى ۋە مەزلۇم ئەلالەسى، رىئايا غۇلۇۋسى ۋە ياساغلىق يارغۇسى، تەمەئ ئەھلىنىڭ ناھەمۋار مۇلايەمەتى ۋە تەلەب خەيلىنىڭ ناھىنجار مۇلازەمەتى، جۇھھال سىتەمىدىن شىيۋەسى ئەزا بولغانلارنىڭ سوگۋارلىغى ۋە ئەمال قەلەمىدىن روزىگارى قارا بولغانلارنىڭ بىقەرارلىغى، بۇرچلۇغ ئەزابىغە قالغانلارنىڭ يولۇم باشىدا تۇرماغلىغى ۋە فەرزەندىن گەرەۋ قويغانلارنىڭ ئېتەكىمگە ئىلىك ئۇرماغلىغى، ئىفلاس ئايىن تەلەبەنىڭ ئەرزەداشت ۋە رۇقئەسى، فەلاكەت شىئار شۇئەرانىڭ قەسىدە ۋە قىتئەسى، ۋىلايەتدىن كەلگەن دەرماندەلەر ھالىنىڭ تەفتىشى ۋە ئۇلارنى رىزالارى بىلە ئۇزاتماقنىڭ تەشۋىشى، سەرھەد بەگلەرى ئەلچىسى تەكلىفىنىڭ زەھمەتى ۋە ئۇلارنى دىلخاھلارى بىلە قايتارماقنىڭ مېھنەتى، ئۆزگە مەملەكەتدىن ئاز ۋە ئارزۇ ھەمىيانلارىن تىكىپ، تەمەئ خارلىغىن ئۆزلەرىگە تۇتۇپ كەلگەن ئەزىزلەر ئىبتىلاسى ۋە ئۇلارنىڭ مۇختەلىف مۇددەئاسى بىلە ئېئزاز قىلىپ نامەقدۇر مەتلۇبلارى بىلە ۋەتەنلەرىگە يىبەرمەكنىڭ بەلاسى، ئازادلارنىڭ ئىنجۇلۇككە كىرمەك تەمەئىدىن تەشەييۇئى ۋە بەندەلەرنىڭ ئازادلىققە چىقار ئۈمىدىدىن تەۋەققۇئى، تۈش كۆرۈپ كەچكەن مەشايىخ ئېئلامىن كەلتۇرگەنلەر مۇبالەغەسى، يىراق يەردىن ئۆتكەن ئەۋلىيا سەلامىن يەتكۇرگەنلەر مۇزايەقەسى، توققۇز خىلال تەكلىف بىلە بەرگەنلەرنىڭ تەمەئ ئىشىن بەركىتكەنى، پالچىغ تەسبىھ رۇزە ئۆتكەرگەنلەرنىڭ تەلەب رىشتەسىن ئۇزاتقانى، سالىم جىسمىن خەستەلىققە سالىپ شەربەت ۋەجھى تىلەگەنلەر رىزقسازلىقى، تىرىك كىشىسىن ئۆلۈكدەك ياتقۇزۇپ، كەفەن بەھاسى تىلەپ، ئەفغان قىلغانلارنىڭ ھىيلەپەردازلىغى، ۋەقفىيلەر بىدادىدىن غەرىب تەلەبەنىڭ رۇقئە تىلەمەكى، ئەمەل ئەھلى فەسادىدىن زەئىف رىئايانىڭ سىپارىش ئىستەمەكى ۋە مەجلىسدە ھەمسۇھبەتلىغىدىغە تەئەننى كۆرگۈزگەنلەرنىڭ گەران جانلىغى، سەيردە ھەمزانۇلۇغۇمغە تەمەتتۇك زاھىر ئەتكەنلەرنىڭ سەبۇك ئىنانلىغى، «مەدىنەدىن كەلىپمىز» دىپ ئىقامەت يۈكىن ئۆيۈم تۈشۈرگەنلەر زىيافەتى، «مەككەگە بارۇرمىز» دىپ، تەۋەققۇئ مەركەبىن ئىشىكىمگە سۈرگەنلەر رىئايەتى، بۇ خەيلىنىڭ مۇددەئاسىدىن جۇزۋى ئۆكسۈك مۇيەسسەر بولسە، بارىپ كىلە قىلغانلارنىڭ ھەيرەتى ۋە مۇددەئالارى تەمام ھاسىل بولغانلارنىڭ بۇ رىئايەتىنى ۋەزىفە قىلىپ يانا كەلۈرلەرنىڭ فىكرىتى، يانە داغى

مەشەققەتلەر باركىم، ئايتىلسا سۆز رىشتەسى ئۇزالغاي. ۋە مۇجىبى كەرھ مەلالەت بولغايكىم، بۇ ناتەۋان بۇ ھالەت ۋۇقۇئىدىن سوڭ فەرراشلارىنىڭ سىيمىن سۈپۈرگۈسى بىلە گۈنبەزى لاجۇەردى ئەترافى ئۇن دۇدەسىدىن قارارغاننى سۈپۈرۈپ، قەزا نەققاشى شاشلارى ئول لاجۇەرد يۈزىن زەركارلىق قىلىپ، قۇياش جەمشىدى ئول گۈنبەزدە زەرىنگار تەخت ئۆزرە بەزم تۈزگەن چاغدىن، شام كەشمىرىنىڭ سىياھ جەردەلەرى مىناڭ ئەنبەرىن زۇلفى نەسىمى شەبگىر پەرىشان قىلىپ، ئانىڭ رايىھەسىدىن ئۇن زەڭگىسىنىڭ سەۋدايى دىماغى مۇشەۋۋەش بولۇپ، دىۋانەلەردەك فەلەك ئاتەشكەدەسىنىڭ كۆلىن ئالەمغە ساۋۇرۇپ، سوڭ ھۆكمى ئانى كەھكەشان زەنجىرىغە تارتار مەھەلغە دېگىنچە بۇ شىكەستەنىڭ تىيرە روزگارلىغىم ۋە پەرىشانلىغىم كەشمىرى ساھىر كۆزلۈكلەرىنىڭ نەسىمى شەبگىرى ساۋۇرغان زۇلفىدىن ئەفزۇنراق ۋە ئىزتىراب ۋە بىچارەلىغىم پەرىۋەش تىفلىلەر شوخلۇغىدىن زەنجىرى جۇنۇن ئەسىرى بولۇپ، گۈلخەن ئوتىغە يىقىلغان دىۋانەدىن كۆپرەكدۇرۇر.

بىر مەجرۇھمەنكىم، باۋۇجۇدكىم ئۇريان جىسمىمغە زەھرئالۇد نىشلىك چەبىن ھۇجۇمى بولغاي، قاۋارغە داغى ئىلىك تەبرەتەلمەگەيمەن. ئەگەر بۇلئەجەب ھالىمدىن شەممەئى ئىزھار قىلسام، ئول ھەزرەتنىڭ نازۇك مىزاجىغە مۇجىبى غەم ۋە مۇبارەك خاتىرىغە بائىسى ئەلەم بولغاي.

تۈگەنمەس سۇبھى يوق شامى غەمىم شەرھىن سەۋاد ئەيلەپ،
ۋەرەق ئەفلاك ئولۇپ، ئول ئۇن قاراسىن-ئوق مىداد ئەيلەپ.

كىشى بۇ نەۋئ غەمناكلىق بىرلە نې نىشات ئاتىمىز ئەلفاز رەبت بەرگەي ۋە بۇ پەرىشانلىق بىلە نې مەئانى گەۋھەرىن جەمئ قىلغاي.

ئەمما، ئۇمىدىم باركىم، ئول ھەزرەت دەۋلەتىدىن ئانچە فەراغەت دەست بەرگەيكىم، كەچكەن ھەياتىم بەقىيەسىن ۋە ئۆتكەن ئەۋقاتىم تەتىممەسىن بىر ئىشكە سەرف قىلغايمەنكىم، جەھان ئىنتىھاسىغەچە ئول ھەزرەتنىڭ زىكرى خەبەرى بادەسىدىن ئۇلۇس خۇشھال ۋە يانە جەھان ئىبتىداسىغەچە ئانىڭ ئەۋسافى ھەممەدەسى ئابى ھەياتىدىن خەلايىق كامى مالامال بولغاي. ئىنشائەللاھۇ تەئالا.

سۆز مۇتەۋۋەل ۋە مەقسۇد مۇئەتتەل بولدى. ئەۋلا ئولكىم، ھەم دۇئا سارى رۇجۇئ ۋە «ۋەقفىيە» تەكمىلىگە شۇرۇئ قىلغاي.

تا ساكىن ئېرۇر دەھر فەلەك مۇستەئجىل، ئاندىن ماڭا بۇ مۇراد بولسۇن ۋاسىل،
سۇرسۇن ئىككىسىگە ھۆكم شاھى ئادىل. مەندىن ئاڭا بۇ بەندەلىق ئولسۇن ھاسىل.

ئامىن، يا رەببەل-ئالەمىن. مۇقەددىمات تۈگەندى.

ۋە كەلدى مەھمۇدات: ۋەقف قىلغان مەھمۇدلاركىم، شەھەر تەۋابىئىدەدۇر، مۇجمەلەن مەزكۇر بولۇر ۋە تەفسىلى فارسى «ۋەقفىيە» لەردەكىم مۇكەررەر ئېتى

لىپدۇرۇر ۋە قۇزات سىجىللاتى بىلە مۇسەججەل ۋە سايىر خەلايىق، پادىشاھدىن گەداغە دېگىنچە ئەلنىڭ مۇھر ۋە تانۇغلۇقى بىرلە مۇكەممەل بولۇپتۇرۇر ۋە كافغەئى ئەنام ھۇزۇرىدا كافغەغە ھۇكم تاپىپدۇرۇر. مەزكۇر ۋە مەبسۇت ۋاقىپنىدۇرۇر، ئېھتىياج ۋەقتى ئاندىن كۆپ مەئلۇم قىلغايلار. بۇ مەھەل ئولچە مەئلۇم بولۇر، ئىجمال تەرىقى بىرلەدۇرۇر.

ۋە ئول مەھدۇداتدىن ئول مەھدۇدىدۇركىم، شەھەردە، بەلكى بازارى ئىچىندە، شەرقى ھەددىدە مەشھۇر تاقىيەفۇرۇشلار تىمىغەدۇرۇر ۋە ئىمارەتى ئىككى ئاشامدۇرۇر ۋە بازار سارى ئىككى دەربەند بار ۋە ھەر دەربەندىدە بىر دەرۋازە بىر ئەيۋان مەۋجۇددۇرۇر. ۋە بۇ تىم مۇتتەسىلى جەنۇبى ھەددىدە بەش دۇكان بىر-بىرىگە مۇتتەسىل ۋە يانە بىر دۇكانكىم، خۇمىنابغە مەشھۇردۇرۇر ۋە تىمنىڭ شەرقى ھەددىدە. بىر نەمەد فۇرۇشلۇق دۇكانى بالاخانەسى بىلە، ھەم بازارنىڭ غەربىسىدە، بىر پوستىنفۇرۇش دۇكانى ھەم بار. بازار غەربىسىدە بالاخانەسى بىلە-يانە بىر تىمچە، تورت دۇكان بىر-بىرىگە مۇتتەسىل، ئىراق دەرۋازەسى تاشىدا ئەلەيكەبەگ ھەمامىغە ئۇترۇ. يانە بىر تىمچە ئەمەلەسى مەلىك دەرۋازەسى تاشىدا ئىككى ئاشام ئىمارەت ۋە سەككىز دۇكان تىمچەغە تۇتاش. يانە بىر تىمچە ۋە ئىككى دۇكان ئەمەلەسى باغى زاغان كۇچەسىدە ۋاقىپنىدۇرۇر.

مەھدۇداتكىم، شەھر تەۋابىئىدەدۇر. ئالىيخان بۇلۇكىدا فەرراشان مەۋزىئىدە يىگىرمە بەش جەرىب باغ، يىگىرمە ئۈچ جەرىب بىر-بىرىگە مەتتەسىل يانە بىر قىتئە باغ بىلە يەر ئون سەككىز جەرىبكىم، ئاندىن ئىككى يارىم جەرىب ئۈزۈم باغى ئاسىيايى بادغە مەشھۇردۇرۇر. بىر قىتئە يۈز تۆرت جەرىب ۋە بىر نىمە ئىنجىل بۇلۇكىدىن بادى مۇرغاندا تۆرت جەرىب. سىياۋۇشاندىن خوجە شىھاب مەھەللەسىدە باغات ۋە يۈز جەرىب يەر؛ سەبغۇر بۇلۇكىدا سەبەدى رەۋان كەنتىدە ئىككى قىتئە ئۈزۈم باغى بىر-بىرىگە تۇتاش ئون ئىككى جەرىب، يانە بىر باغ تۆرت جەرىب؛ يانە سىفلى مەھەللەسىدە پەنجە قىتئە باغات ئاتمىش جەرىب تەخمىنەن، يانە مەزكۇر مەھەللەسىدە يىگىرمە ئالتى جەرىب ئۈزۈم باغى ۋە ۋە تۆرت جەرىب يەر، يانە بىر قىتئە ئون سەككىز جەرىب يەر، داغى ئون ئىككى جەرىب باغ؛ يانە بىر قىتئە ئون تۆرت جەرىب باغ يانە بىر دەفئە باغ بىلە بىر تۇتاش ئون ئۈچ جەرىب، يانە بىر قىتئە تاك تۆرت جەرىب، يانا باغات بىلە يەر رەقەبەسى دەفئات بىلەكىم، بىر-بىرىگە تۇتاشدۇرۇر ۋە يەتمىش تۆرت جەرىبكىم، ئاندىن ئوتتۇز تۆرت جەرىبى ئۈزۈم تاكى ۋە ئۆزگەسى يەر بولغاي. يانە بىر قىتئە يەر ۋە تاك تۇتاش بەش يارىم جەرىب، يانە بىر باغ بىر جەرىب ۋە ئىككى داگى، يانە بىر باغ تۆرت جەرىب، يانە بىر قىتئە يەر بىر جەرىب ۋە چەھار داڭ، يانە بىر قىتئە باغ سەككىز جەرىب، يانە بىر قىتئە يەر ئۈچ جەرىب، يانە نېچە قىتئە يەر بىر-بىرىگە تۇتاش ئون ئىككى جەرىب، تەخمىنەن. يانە بىر قىتئە يەر تۆرت جەرىب، يانە بىر قىتئە يەر بەش جەرىب، يانە بىر قىتئە باغ ئىككى يارىم جەرىب، يانە ئىككى قىتئە باغ

ۋە يەر تۇتاش سەككىز جەرىب، يانە بىر قىتئە باغ تۆرت جەرىب، يانە نېچچە قىتئە يەر تۇتاش ئون تۆرت جەرىب، يانە نېچچە قىتئە بىر-بىرىگە تۇتاش توققۇز جەرىب يانە بىر قىتئە يەر يارىم جەرىب.

ۋە بادغىس ۋىلايەتىدە تۇداجى كارىزى تەمام كەمال بىرلە، ۋە گۇمبۇراق بۇلۇكدا پەدەكەچ كارىزى مۇكەممەل، هىرات رۇد ۋىلايەتىدە كۆللى كەنتى، جەمىئ باغات ۋە دەرەختان ۋە سەراي ۋە باغچە ۋە سايىر رازىسى بىلە.

بۇ جەمىئ مەهدۇداتكىم، هۇدۇدى «ۋەقفىيە» لەردە مەزكۇر بولۇپتۇرۇر، داغى بۇ ئەۋراق مۇجمەل پىتىلدى. يۇقارى مەزكۇر بولغان بىقائىغە ۋەقفى سەهىه شەرئى قىلىندى.

## ئەربابى ۋەزائىف

ئىككى ئالىمى مۇتتەقى مۇدەررىس بولغاي، هەر بىرىنىڭ مىڭ ئىككى يۈز ئالتۇن نەقدە، يىگىرمە تۆرت يۈك ئاشلىغكىم، سۇلسى ئارفە سۇلۇسانى بوغداي بولغاي. هەرهەلقەئى دەرسدە ئون بىر تالىبى ئىلمكىم، بارىسى يىگىرمە ئىككى بولغاي، ئالتە ئەئلا، هەر بىرىگە ئايلىق نەقدە يىگىرمە تۆرت ئالتۇن، يىلدا بۇغداي بەش يۈك؛ ئەۋسەت سەككىز، ئايلىق هەر-بىرىگە نەقدە ئون ئالتە ئالتۇن، بۇغداي يىللىق تۆرت يۈك؛ ئەدنا سەككىز، ئايلىق هەر بىرىگە نەقدە ئون ئىككى ئالتۇن، ئاشلىغ يىللىق ئۈچ يۈك.

ئالتە خۇشخان هافىزدىن مەسدەرغە يىللىق نەقدە بەش يۈز ئالتۇن، مۇناسەفە ئاشلىغ ئون بەش يۈك؛ سايىردىن هەر بىرىگە يىللىق نەقدە يۈز سەكسەن ئالتۇن، بۇغداي تۆرت يۈك. شەيخەقە يىللىق نەقدە مىڭ ئالتۇن، مۇناسەفە ئاشلىغ ئون يۈك. ۋائىزغە يىللىق نەقدە بەش يۈز ئالتۇن، مۇناسەفە ئاشلىغ ئون يۈك. ئىمامغە — مەسجىدى جامىئدە خەتىپ بولۇپ، مەكتەب داغى تۇتغاي — يىللىق نەقدە بەش يۈز ئالتۇن، بۇغداي ئون ئىككى يۈك. مۇقرىغە يىللىق نەقدە ئىككى يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك. خانىقاه تەبباخىنىڭ يىللىقى ‹1› نەقدە ئىككى يۈز سەكسەن ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك. تەبەقچىغە يىللىق نەقدە ئىككى يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك. بىر فەرراش ۋە ئىككى خادىمدىن هەربىرىگە ئىككى يۈز ئالتۇندىن، ئالتە يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈكدىن، ئون بەش يۈك. مۇتەۋەللىكىم، ئىككى ئابادان نەۋكەر ئاسراغاي، ۋىلايەت زىرائەتى نەسەقى ئۈچۈن، يىللىق نەقدە ئۈچ مىڭ ئالتۇن، ئوتتۇز يۈك ئاشلىغكىم، بۇ مەبلەغ مىقداردىن چەهار داگىن ئۆزى ئالغاي، دۇ داگىن ئول ئىككەۋگە يەتكورگەي. مۇشرىفغە يىللىق بەش يۈز ئالتۇن، ئاشلىغ بەش يۈك. ساهىبجەمئغە يىللىق نەقدە بەش يۈز ئالتۇن، ئاشلىق بەش يۈك.

‹1› ئەسلى قول يازمىدا «يىللىقى» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم يېزىلغان، بىرسى ئېلىندى.

## رەۋاتىب

رۇزە ئايىدا ھەركېچە ئەت ئۇ بەش پاتمان، بۇغداي بەش پاتمان، پالۇدە دۇ-
شابدىن يا مەۋىزئابدىن ئوتتۇز تەبەق مەسالىھە ئولچە ئېھتىياج بولغاي. روزە ئىيدىدا
ئۆتمەك يۈز پاتمان، ھەلۋا ئەللىك پاتمان؛ قوربان ئىيدىدا ئەۋۋەل كۈن ئۇي بىر
سان، قوي بەش سان قۇربان قىلىپ مەدرەسە، ۋە خانىقاھنىڭ فۇقەرا ۋە مەساكىن ۋە
سايىر ـ سۇككانىغە ئۈلەشكەيلەر. ئىككىنچى كۈنى يىگىرمە پاتمان ئەت بىلە يىگىرمە
پاتمان بۇغدايىنى ھەلىم قىلىپ، ئەللىك پاتمان ئۆتمەك بىلە قىسمەت قىلغايلار، مە-
سالىھە بىقەدر ھاجەت. ئاشۇر كۈنىدە قىرىق پاتمان ئەتنى بىقەدر ھاجەت مەسالىھە
بىلە ئاش پىشۇرۇپ، ئەللىك پاتمان ئۆتمەك بىلە تارتقايلار. رەبىيئەلئەۋۋەل ئايىنىڭ
ئون ئىككىنچىدەكىم، — رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەتمىدۇر، — بەش قوي
مەسالىھى بىلە ئاش پىشۇرۇپ، ئەللىك پاتمان ئۆتمەك، يىگىرمە پاتمان ھەلۋا تارت-
قايلار. رەجەب ئايىنىڭ ئورتەسىدە، ئىستىفتاھ كۈنى يىگىرمە پاتمان ھەلۋا، ئەللىك
[پ]اتمان ئۆتمەك؛ شەئبان ئايىنىڭ ئورتەسىدەكىم — بەرات بولغاي — چەلپەك ئوت-
[ت]ۇز پاتمان، ھەلۋا يىگىرمە پاتمان؛ [قىشنىڭ] تۆرت ئايىداكىم — قەۋس، جەدى،
دەلۋ، ھۇت بولغاي — ھەر كۈنى ئۆتمەك يۈزئەدەدكىم يىگىرمە پاتمان بولغاي، تەخمى-
نەن، ھەلىم ئۈچۈن بۇغداي يىگىرمە پاتمان، ئۈچ تەڭگەلىك ئەت مۇرەتتەب قىلغايلار.
ۋە ئەگەر ئەت بولماسا، جىجىقلىق ئاش پىشۇرۇپ، فۇقەراغە بەرگەيلەر، يانە سەككىز ئاي
ھەركۈن يىگىرمە پاتمان ئۆتمەك فۇقەراغە بەرگەيلەر.

## شەرائىت

ئەۋۋەل شەرت ئانداق قىلىندىكىم، مۇتەۋەللى ھەر يىل يۈز پوستىن، يۈزكەپە-
نەك، يۈز بۆرك، يۈز كەفىش، يۈز كۆڭلەك، يۈز تەنبان ساتقۇن ئالغاي، داغى ھەرقاي-
سىنى مۇناسىب مەۋسىمدە ئىككى مەدرەسەدەكىلەرغە، مۇستەھىقلەرغە، ھەرقايسى ئىستىھقا-
قىغە كۆرە ئۈلەشكەي. ۋە ھەر يىل تۆرت يۈز ئالتۇن خانىقاھ ۋە گۇنبەز داغى مەد-
رەسە ۋە مەسجىد ۋە دارۇل ھۇففاز فەرشى ئۈچۈن كىيىز بىلە بورىيا ۋە يارۇغلۇق ئۈ-
چۈن خەرخ قىلغاي. ۋە ھەرنېكىم خانىقاھ ۋە مەتبەخى ئۈچۈن دەستارخان، قازان، ئا-
ياق، تەبەق، پىيالە، قاشۇق ۋە غەير زالىكە كېرەك بولسە، تەرتىپ قىلىپ بەرگەي ۋە
خادىم ۋە فەرراشلار ھەر كېچە مەدرەسە مەسجىدى ۋە دالانى داغى دارۇل-ھۇففازداغى
خانەقاھنىڭ گۇنبەزىدە ۋە دەھلىزلەرىدە شەمئ ياندۇرغايلار.

يانە شەرت ئولكىم، مەدرەسە مەۋالىسى مەدرەسەدە بەيتۇتە قىلغايلاركىم، ئەگەر
ئۆزگە يەردە ساكىن بولۇپ، دەرس چاغى ھازىر بولسەلەر، مۇقەررەر قىلغان ۋەزىفەنىڭ
نىسفىن ئالغايلار. ۋە بو مەدرەسە، خانەقاھنىڭ مۇدەررىسىدىن ياتەلەبە ۋە شەيخ ۋە
مۇتەۋەللى ۋە ھۇففاز، سايىر ئەمەلەسىدىن نامەشرۇئ ئەمر سادىر بولسە، ئىككى قاتلا-

غاچە شەرئەن بىر مۇئەخخىزەغە مۇستەۋجىب بولسەلەر، ئاڭا كۆرە تەئزىر ۋە ئىھتىساب قىلىسۇنلار. ئۈچ قاتلا ۋۇجۇد تۇتغاندىن سوڭرا ئىخراج قىلىسۇنلار. داغى ئورنىغە يانە كىشى نەسىب قىلىسۇنلار.

يانە شەرت ئولكىم، قار ئارىتتۇردا مۇقرى ۋە خادىملار ۋە فەرراش ۋە تەبەقچى بارچە بىر-بىرىگە مەدەد بولۇپ ئارتقايلار. ۋە ئارىغ ئارىتتۇرداكىم، پالچىغ بىلە قۇمـ لى ئارىغ ياقاسىغە يىغارلار. مۇتەۋەللى مۇزدۇر تۇتۇپ، مەدرەسە ۋە خانىقاھنىڭ ئاراسىداقى پالچىغنى ئارىتتۇرسۇن ۋە بۇ مەدرەسە ۋە خانىقاھ ئاراسىداكىم، تاش سالىپدۇلار، بۇزۇلۇردەك بولسە، يىلىدىن-يىلىغە مەرەممەت قىلدۇرسۇنكىم، مۇسۇلمانلارغە ئۆتەر-بارۇر دۇشۋار بولماغاي.

يانە شەرت ئولكىم، هەر ئوتتۇز يىلدا مۇ[تەۋەللى مەزكۇر ۋەقفىيە] نى مۇكەررىر ياڭغى تىيىشكەي. تاغى ئەسلى بىلە مۇقابىلە قىلىغاندىن سوڭرە، قەزا سىجىللاتى بىلە مۇۋەششەھ قىلغاي. تا ئەييامى مۇرۇرى بىرلە چۈرۈمەگەي.

يانە شەرت ئولكىم، هىچ زەماندا سۇدۇر ۋە گۇماشتەلەرى ۋە مۇتەۋەللىلەر بۇ سەركاردا مەدخەل قىلماغايلار. مۇدامىكى شەرتى ۋاقىف بىلە مۇۋافىق ئەمەل قىلىـ غايلار. بۇ سەركار ئەمەلەسىدىن جەمئ ۋە خەرج نۇسخەسىن تىلەمەگەيلەر ۋە هىچ نەۋئ نىمە ئۇلاردىن ئالماغايلاركىم، ئۇلارغە هەلال ۋە مۇباھ ئىرمەس.

چۈن بۇ فەقىر مەزكۇر بولغان مەهدۇداتنى ۋەقف ئىركەنىگە ئىقرار قىلىپ، بىر كىشى تەسەررۇفىغەكىم، ئۆز قەبىلەمدىن مۇتەۋەللى قىلىپ ئىردىم، قويدۇم. ۋە قۇزا- تى ئىزام مۇرافەئەئى شەرئى زەمنىدە ۋەقفىيەت هۇكمى قىلىپ، بۇ مەهدۇداتنى ئۆز سىجىللاتى بىرلە مۇۋەششەھ، ئۆز تەۋقىئاتى بىلە مۇۋەززەھ قىلىپ، بۇ بىقائىغە مۇخەلـ لەد ۋە مۇئەييەد ۋەقف بولغانىن مۇقەررەز مۇئەييەن قىلدى. لايەمەسسۇهۇ ۋە كەررەمەهۇ.

ئالەم ئىشىدىن مىنى مەلۇل ئەت، يا رەب، «ۋەقفىيە» كى تارتىلدى بەسى زەهمەت ئاڭا،
فەقر ئەمگەكى تارتارغە هەمۇل ئەت، يا رەب. تا بولدى شەرائىت خەتىدىن زىينەت ئاڭا.
بۇ ئىشكى سىنىڭ رىزائىڭ ئۈچۈن قىلمىشمەن، مەشرۇت ئىلە كىم قىلسە ئەمەل رەهمەت ئاڭا،
هەم ئەينى رىزا قەبۇل ئەت، يا رەب. ئول كىم مۇڭا تەغيىر بىرۇر لەئنەت ئاڭا.

يۈز شۇكر، بۇقئەلەر مۇكەممەل بولدى، بۇ قائىدەنى كىم تۈزەر بار ئولسۇن،
ۋەقفى بۇ هۇدۇدكىم مۇفەسسەل بولدى. تەكرى بارى هالەتدە ئاڭا يار ئولسۇن.
سەككىز يۈز ئىدى سەكسەن ئالتى تەئرىخ، كىم بۇزسا، بۇزۇغلۇققە سەزاۋار ئولسۇن،
ۋەقفىيەسى ئول كۈن مۇسەججەل بولدى. هەق لەئنەتۇ قەهرىغە گىرىفتار ئولسۇن.

* *

تەئرىخى مۇنىڭ هەزار هەم دوسەد پەنج،
بىلمەككە كىشى تەئرىخىنى تارتماس رەنج.

## «ۋەقفنامە» نىڭ يەشمىسى

ئىلىملەر ھەقىيقىتى، بەلكى ھەقىيقەتلەر ئىلىمىنىڭ راۋان سۆزلۈك ۋە ساغلام ھەدىسلىك مۇدەررىسلىرىنىڭ ئىستىبدات قۇياشى تۇغدى. ئۇنىڭدىن نامايان بولغان مەنە نۇرلىرىنى روشەن بايانلار بىلەن بۇ ئاۋات زېمىنىنىڭ تۆت بۇرجەكلىك ھۇجرىلىرىدىكى خۇش پېئىل ۋە يېقىملىق تالىپلارنىڭ كۆڭۈل قەندەللىرىگە ۋە خىيال مەشئەللىرىگە بەخش ئەتتى. بۇنداق قىلالىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار يېگىدىن يازغان ۋاراقلىرىنىڭ باشلىنىشىنى ۋە بىشارەت بەرگەن ساۋاقلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئالەمنىڭ ھەمدۇ سانا خەزىنىلىرى ۋە شۈكرى-تەشەككۇر جاۋاھىرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ ۋە خۇلاسىلەيدۇ. ئادەمنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق» [10] دېگەن ھۆرمەت ئايىتى بىلەن ئەزىز قىلدى؛ «(تەڭرى) ئادەمگە پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆگەتتى» [11] دېگەن ئايەتنىڭ شان-شەرىپىگە ئېرىشتۈردى ۋە پەرىشتىلەر دۇنياسىنىڭ زىننەتدار گۈمبەزلىك مەدرىسىدە تالىپ پەرىشتىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن ئولتۇرغۇزدى. «(ئەي تەڭرىم) بىز سېنى پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىسىنى بىلمەيمىز. سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.» [12]

(نەزمە)

ئۆزىنىڭ نۇقسانسىز ئىلمى بىلەن غايىبنى بىلگۈچى تەڭرىگە مەدھىيىلەر بولسۇن.
ئۇ شۇنداق دانىشمەنكى، ئىلىمدىن بىر زەررىچىنى ئاشكارىلاش بىلەن ئەزەل
ئاسمىنىدا يۈزمىڭلىغان قۇياشنى تۇغدۇردى.
ئۇ شۇنداق ھېكمەت ئىگىسىدۇركى، ئۆز ھېكمىتىنىڭ بىر زەررىچىسى بىلەنلا
يەر ۋە كۆكنىڭ شەكىل - سۈرەتلىرىنى تۈزدى.
كۆڭۈل ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىش بىلەنلا، جىمىكى ئەقىل ئۆزىنىڭ
مەكتەپ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.
ئۇنىڭ ئىلىم تونىدە بارلىق جىن ۋە پەرىشتىلەر ھەيران قالغان ۋە گاڭگىراشقان پېتى گوياكى شەپەرەڭدەك ئۇچۇشىدۇ.
نە ئۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئىككى ئالەمنىڭ دانىشمەنتى قىلىپ قويغان ئانا بار.
نە ئۆزىنىڭ ئىلىملىرىگە مەغرۇرلىنىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىنغۇچىلار قاتارىدىن يىراقلاشتۇرالايدىغان ئالىم بار.
ئۇ جاھان مەدرىسىنى تۆت گۈمبەز قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆكنى توققۇز
راۋاق قىلدى.
ئۇنىڭ ئىچىدە زۇھەل يۇلتۇزىنى ھەندەسە (گېئومېترىيە) ئالىمى، مۇشتەرى
يۇلتۇزىنى مۇدەررىس قىلدى.

تەڭرى شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە مۇقەددەستۇركى، ئۇ ئەبەدىي زاۋال تاپمايدۇ. پۈتكۈل ئۆلۈك ۋە تىرىك شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئايان، ئەزەلدىن تاكى ئەبەدكىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەلۇملۇق.

ئۇ مۇقەددەستۇر، پاكتۇر ھەم بۈيۈك پادىشاھتۇر. ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچ تەڭرى يوقتۇر. پەنلەرنىڭ نازۇك ساھەلىرى ۋە نازۇك ساھەلەر مەملىكىتى پەنلىرىنىڭ كەڭرى مەنىلىك ۋە ئىنچام بايانلىق ھەندىسىشۇناسلىرىنىڭ زېھىن بايلىقلىرى مەشرىقىنىڭ تولۇن ئايىدىن ھەندىس مەسئەلىلىرىنى ئۆگىتىش شەكلى بىلەن نامايان قىلدى. بۇ ئارقىلىق، «ئىلىم چىن مەملىكىتىدە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن پەرمانىغا بىنائەن، تىرىشچانلىق قەدەملىرىنى تەلەپچانلىق باياۋىنىغا قويۇپ، ئۈممەت ۋاراقچىلىرىنى پېقىرلىق قاپچۇقىغا سېلىپ، تەنھالىق كىتابلىرىنى سەۋرچانلىق مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ، بىر كۈن، بىر مەنزىل ياكى بىر ئاي شەھەر مۇساپىلىرىنى كەزگەن پەلەك مەدرىسىنىڭ گۈمبىزى ئاستىدىكى ۋە جاھان خانىقاسىنىڭ سۇپەسى ئۈستىدىكى يېڭى تالىپلار ھەم «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ، مۇشەققەت تونلىرى ۋە زەئىپلىك بوغچىلىرىنى پالاكەت بورىسىغا قويۇپ، سەۋر-تاقەت قۇلاقلىرىنى شىدكەستىلىك ئېڭەكلىرىگە تىرەك قىلىپ، سولغۇن كۆڭلىنى سەۋدايىلىق چىراغلىرىنىڭ تۈتەكلىرى بىلەن پەرىشان قىلىپ، تىرىشچانلىق كۆزلىرىنى ئىشچانلىق ۋاراقلىرىغا تىككەن كامالەت ئىگىلىرىگە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆگىتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار يېتۈكلۈك جاۋاھىرلىرى بىلەن بېزەلگەن سۆزلىرىنى ۋە گۈزەللىك نۇرلىرى بىلەن جۇلالاندۇرۇلغان ھېكمەتلىرىنى (تەڭرىنىڭ) ئاخىرقى دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى بىلەن زىننەتلەيدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ) شۇ قەدەر ئەلا دەرىجىسى ۋە پەلەكتەك يۈكسەك مەرتىۋىسى بىلەن ئالىم ئۈممەتلىرىگە «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى» دېگەن ئاھاڭدا سۆز قىلدى ۋە «تەقۋادار ئىبادەتچىدىن ئادەتتىكى ئالىم ئەۋزەل» دېگەن مەزمۇندا نۇتۇق سۆزلىدى.

(نەزمە)

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) پاكلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى.
ئۇ جىبرىئىل بىلەن ئىككى ياچاق ئارىلىقى مىقدارىدا يېقىن تۇرۇپ [13] سىرداشقۇچىدۇر.
ئۇنىڭ تەختى ئاستىدا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنلىق[14] پاياندازلىرى، تاجى ئۈستىدە بولسا ۋەسىلەر[15] گۆھەرلىرى نامايانىدۇر.
ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئۆگىدە مىراج كېچىسىنىڭ سىيماسى بار، مىراج كېچىسىنىڭ قاراڭغۇلۇقى پەلەك بېشىدىكى تاجىدۇر.
جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پادىشاھنىڭ قوشۇنىدۇر. بەلكى ھەر ئىككىلا جاھان شۇنىڭ تۇپەيلىدىن ئاپىرىدە بولغاندۇر.

ئەي تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئازغۇن بەندە قايسى تىلىم بىلەن سېنى تەرىپلىيەلەيمەن.
تەڭرى سېنى مەدھىيىلەپ: «ئەگەر سەن بولمىساڭ ھېچ نەرسە بولمىغان بولاتتى» دېگەن.
سېنىڭ مەدھىيىلىرىڭنى مۇشۇنداق چارە-ئۇسۇللار، ۋاسىتىلەر بىلەن ئادا قىلالمىسام،
سۈپەتلىرىڭنىمۇ ئېيتالمىسام، ئىسمىڭنى تىلغا ئېلىپ، تەكرار قىلىش بىلەن بولىمەن.

تەڭرى ئۇ(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭغا، ئۇنىڭ ياخشى ئەۋلادلىرى، پاك ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى بارلىق تاۋابىئاتلارغا ئاخىرەتكىچە بەخت ئاتا قىلغاي.

ھەمدۇ سانا ۋەزىپىلىرى ۋە مەدھىيە-دۇئا شەرتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، جان ئېكىنزارى ۋە كۆڭۈل باغلىرىنى ئىسلىمەلەر ئىگىلەش ئۈچۈن ۋەقپە قىلغانلار ھۇزۇرىدا ۋە بۇ ئېكىنزارلار ھەم باغلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پەنلەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ ئەتكەنلەر ئالدىدا ئەرز ۋە ئۆتۈنۈش شۇكى، ئەزەلدە مەۋجۇدات رەنالىرى يوقلۇق تۈنىدىن مەۋجۇتلۇق گۈلىستانىغا كېلىپ جىلۋىگەر بولمىغانىدى.

(رۇبائىي)

ئادەم ۋۇجۇتسىزلىق تۈنى ۋە يوقلۇق خىلۋەتگاھىدا شۇنداق ئۇيقۇ بىلەن مەست ئىدىكى، ھاياتلىق ئادەتلىرى ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى، بەلكى ئۇنىڭ چۈشىمۇ يوق ئىدى.

كۈننىڭ خوتەنلىكلەر چېھرىسىدەك نۇرانە چىراي قوشۇنى تۈننىڭ زەڭگى سۈپەت چېرىكلىرىنىڭ كېچىلىك ھۇجۇمىدىن خالىي ئىدى. كېچىنىڭ ئىپار ھىدلىق قارا جەدەلىرىمۇ سۈبھىنىڭ موغۇل يۈزلۈك ئاتلىقلىرىنىڭ تالان-تاراجلىرىدىن خالاس ئىدى. پەلەك بىنەپشىزارىدىكى يۇلتۇز قىراۋلىرى قۇياش ئوتىنىڭ ھارارىتىدىن ئېرىمەيتتى، بۇلبۇلنىڭ غۇنچىدەك قانلىق كۆڭلىدە گۈل ئىشقى ھاياجانلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، پەرۋانىنىڭ ئوتلۇق جېنىدا شولىلارنىڭ زوق-شوقلىرىدىن خەۋەرمۇ يوق ئىدى. پەلەكمۇ يوق، پەلەكنىڭ ئىچىدىكىلەرمۇ يوق ئىدى. يەر يۈزىدە، مەملىكەت، مەملىكەت ئىچىدە يۇرت، يۇرت ئىچىدە يار دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ يېتۈك ھېكمىتى ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق قۇدرىتى «ئاللا بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلغاندا، ئۇنى ۋۇجۇدقا كەل دەيدۇ-دە، ئۇ (شەيئى) ۋۇجۇدقا كېلىدۇ»[16] دېگەن ئىشارىتى بىلەن پۈتكۈل مەخلۇقاتنى يوقلۇقنىڭ كونا كەپىسىدىن ئاشكارىلىق مەيدانى ئۈستىگە ھەيدىدى. «مەن يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم تونۇلۇشنى ئىستەپ قالدىم، شۇڭا مەخلۇقاتلارنى ياراتتىم.» دېگەن بېشارەتتىن شۇنىسى ئاشكارا بولدىكى، مەۋجۇداتلارنىڭ قابىلىيىتى قەددىگە مەۋجۇتلۇق لىباسلىرىنى كىيدۈرۈشتىن مەقسەت ئىنسانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. «ئادەم لېيىنى ئىككى قولۇم بىلەن قىرىق كۈن يۇغۇردۇم» دېگەن سۆز بۇ مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋەتاغلارغا تەڭلىدۇق.»[17] دېگەن سۆز بۇ دەۋاغا گۇۋاھ. تەڭرىنىڭ

ۋەھھاب (كۆپ بەخش ئەتكۈچى) لىق سۈپەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بۇنداق ئېھسان ۋە مەرھەمەتلەرنى يۈزەگە چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ قەھھار (غەزەپ قىلغۇچى) لىقىمۇ يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە، قەھرۇ غەزەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنى نامايان قىلدى. ھەر ھالدا «ئىنسانىڭ يارىتىلىشىدا ھېچقانداق نۇقسانىنى كۆرمەيسەن» [18] دېگەنلىرىنىڭ ئۆزى بولدى. يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) نىڭ قولىدىكى قۇياشىنىڭ ئالدىدا پىرئەۋنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى نامايان بولدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەرەبىي (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ۋە سالام ئەۋەتكەي) نىڭ ئىلىم - مەرىپەتلىرى ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ قارشىسىدا ئەبۇ جەھىل نادانلىقىنىڭ قاراڭغۇ تۈنى ھەرىكەت قىلىپ، پەيدا بولدى.

(رۇبائىي)

بۇ ئاجايىپ چىمەننى تۈزگەن ئەزەل دېھقىنى ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا گۈزەل قىلىپ ياراتمىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە گۈل، سەرۋى ۋە سۈمەنلەرنى تېرىغان بولسا، يەنە بىر تەرىپىگە خەس - خەشەك ۋە تىكەنلەرنى تىكتى.

دېمەك، بۇ جاھان كارخانىسىنىڭ كەڭرىلىكىدىن خىلمۇ خىل خالايىقلار ھەددۇ-ھېسابسىز؛ خالايىقنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن قارىمۇ قارشى جامائەت سان - ساناقسىز؛ جامائەتلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى سەۋەبىدىن گۇرۇھ ۋە مەزھەبلەر ئىنتايىن تولا؛ مەزھەپلەرنىڭ گۇرۇھۋازلىقلىرى تۈپەيلىدىن قەبىھ قىلمىشلار ناھايىتى نۇرغۇن. شۇنداق بولغاچقا تەڭرىنىڭ ھېكمىتى ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلتىپاتى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىغا گىرىپتار بولغان ئازغۇنلارنىڭ ئالدىغا توغرىلىق شامىنى ياندۇرۇپ، ئۇلارنى تۈز يولغا باشلاش ئۈچۈن، ئادىمىيلىك قايىنىمىدا قالغان گۇناھكارلارنىڭ قايىمىغا ئىنايەت مەشئىلىنى يورۇتۇپ، ھەقىقەت يولىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەختكە باشلىغۇچى بەزى سائادەتمەنلەر ۋە ياخشىلىققا ئېلىپ بارغۇچى دۆلەتمەنلەرنىڭ مۇبارەك جامائەسىگە پەيغەمبەرلىك تاجىسىنى كىيدۈردى؛ (ئۇلارنىڭ) شەرەپلىك ئۈستىباشلىرىغا باشلامچىلىق تونلىرىنى ئاتا قىلدى؛ مۇبارەك بەللىرىگە ئەلچىلىك كەمىرىنى باغلاپ، ئاشۇ خالايىق ئارىسىدا ئەزىز ۋە مۆجىزىلىك قىلدى. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۆزىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى «ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بار» [19] دېگەن ئۈمىد ۋەدىسى بىلەن، ئۆز سادالىرىنى «ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى تاقىدۇق» [20] دېگەن قورقۇنچ ۋەدىسى بىلەن ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ. ھەركىم قايىللىق يۈزلىرىنى ئىتائەت تۇپىرىقىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ پەرمان ۋە چەكلەشلىرىگە ئىشىنىپ، تائەتلىرىگە ئەمەل قىلسا، «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزلۈكسىز ساۋاب ئاتا قىلىنىدۇ.» [21] دېگەن ئايەتنىڭ ھەدىيە ۋە ئىنئاملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەر كىشى شەيتان نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى بىلەن «ئۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلدى» دېگەن سۆز ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات تىلەشكە باشلامچى، ھۆججەت تەلەپ قىلىشقا ھېرىسمەن بولسا، ئۇ ئەلچىلەر مۆجىزە بابىدا قۇياشتىنمۇ روشەنرەك ئاپئاق قولىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەگ

توغرىسى سۈكۈت قىلىش» دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ مۆجىزە كۆرسىتىش ئايىتى بولىدۇ.

(بېيىت)

پەزىلەت ئىگىلىرى بۇنداق مۆجىزىنىڭ ئايەت ياكى سۆزىنى ئەمەس، بەلكى
بىر ھەرپىنىمۇ تەرىپلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

«قېنى، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار» ㉒ دېگەن كەرەملىك بېشارەت دەل شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ. ئەگەر نادانلارنىڭ جاھىللىق كېسەللىكى بۇ خىل شىپالىق چارىلەر بىلەن ساقايسا، مۇددىئالىرىنىڭ سەۋدايىلىقى بۇ قەدەر يېتەرلىك مۇئامىلىلەر بىلەن بېسىقسا، ئامالسىزلىقتىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) نىڭ ئامەت قىبلىسى ۋە ئارزۇلار كەبىسىدەك ئەلچىلىكلىرى دەرگاھىغا يۈزلىنىدۇ. ئۈمىد شۇكى، «ئىشىكىنى قاققان كىشى سەۋر قىلسا كىرىدۇ» ھۆكمى بويىچە ئۇلارنىڭ يۈزىگە مەقسەت ئىشىكى ئېچىلىدۇ، باشلىرىغا مۇراد ۋەھەرلىرى چېچىلىدۇ. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ بۇ ناپاكلىقى تۈپەيلىدىن نادانلىق ئارابى بىلەن مەستۇ مۇستەغرەق ۋە تەكەببۇرلۇق ھەۋەسلىرى بىلەن ئىنتايىن ئاشباشتاق بولۇپ، گەرچە بۇ سادىق ۋە راستچىل ئەلچىلەر شۇ قەدەر توغرا، چىن ۋە خائىنسىز بولسىمۇ، ھەتتا ئەلچىلىك خەزىنىسىنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى ۋە پەيغەمبەرلىك سىرلىرىن مۆجىزە كۆرسەتكۈچى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئاجايىباتلىرىنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئوخشاش دەپ بىلسە، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى «ھىيلە ـ نەيرەڭ» دەپ ئۆز خاھىشى بويىچە كەمسىتسە، «بەدبەخت ئانىسىنىڭ قورسىقىدىمۇ يەنىلا بەدبەخت» دېگەن دەلىل بويىچە، بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك خارلىقتا، ئاخىرەتتە ئەبەدىي ئازابقا دۇچار بولغاي. «ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.»㉓

(نەزمە)

تەڭرى ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئاشكارا قىلىپ، خالايىقنى يوقلۇقتىن بار قىلدى.
ئۇلارنىڭ لېيىنى ئۆز قولى بىلەن يۇغۇردى، ياخشى ۋە يامانلىقنىمۇ ئۆز قۇدرىتى
بىلەن ئىرادە قىلدى.
بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى گۇناھ نېمىكىن ـ تاڭ، بۇ بىرسىگە ياخشىلىق ئاتا
قىلسا، ئۇ بىرسىگە يامانلىق بەردى؟
بۇيۈكلۈكى ئۇ بىرسىنى كۆيدۈرسە، مېھرىبانلىقى بۇ بىرىنى سۆيۈندۈردى؛
كىشى بۇنداق سوئالنى سوراپ قالمىسۇن، بۇ سوئالنى ئورۇنلۇق دەپ ئويلاپ
قالمىسۇن.
چۈنكى ئادەم ئىلاھىي سىرلارنى بىلەلمەيدۇ. تەڭرىنىڭ ئىشى كىشىنىڭ ئېڭىدىن
تاشقىرىدۇر.
بۇنداق سۆزنى مەخپىي تۇتۇپ، مۇنداق مەنە بىلەن كۇپايىلىنىش كېرەك:
تەڭرىنىڭ مەرھەمەت دەرياسى جۇش ئۇرۇش بىلەن پۈتكۈل خالايىققا ھاياتلىق
بەردى.

غەزەپىنىمۇ، رەھمەتىنىمۇ نامايان قىلدى. دوزاخنىمۇ، جەننەتنىمۇ ياراتتى.
(تەڭرىنىڭ) غەزەپ بىلەن رەھمەت ۋە دوزاخ بىلەن جەننەت لىباسلىرىنى
تەييار قىلىشتىكى ھېكمىتى مۇنداق بولسا كېرەك:
(تەڭرى) ئادەملەر ئارىسىدا غەزەپ بىلەن رەھمەتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق بۇ
ئىككى مېھمانخانا (يەنى ئىككى دۇنيا)نى ئاۋات قىلماقنى ئىرادە قىلغان.
ئەي نەۋائى، سۆزۈڭدىن كىشىلەر مالال بولدى، ئۇزۇن سۆزنى قويۇپ، (مەقسەت)
ھەرپىنىڭ بېشىغا كەلگىن.

يەنە «تەڭرى ئەلۋەتتە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»كى پۈتكۈل زەررىچىلەر
ۋە شەيئىلەر ئىچىدە تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەربىر نەپەس، بەلكى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە
بولغان ئارىلىقتىكى سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولمايدىغان ھېچقانداق زەررىچە ياكى شەيئى
مەۋجۇت ئەمەس. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا سالام يوللىغاي) نىڭ ۋۇ-
جۇدى نوتىسىغا يانار ئوتنى گۈلزار، ياق، بەلكى گۈلنار قىلدى. يۇنۇس ئەلەيھىس-
سالامنىڭ جىسمى گۆھىرىگە دەريا تېگىنى، ياق، بەلكى بېلىق قورسىقىنى سەدەپ
قىلدى. نەمرۇدنىڭ مېڭىسىدىن ھېلىگەرلىكىنىڭ ناپاك ماددىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ دىمىغىغا پاشا ئورۇنلاشتۇردى. ئاد قەۋمىنىڭ جاھالەت شېمىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن،
ياق، بەلكى، ھاياتلىق خامىنىنى سورۇش ئۈچۈن، شامال قوشۇنىنى تەۋرەتتى. تەڭ-
رىنىڭ بۇ قەدەر ئادالەت ۋە ئىنتىقامىغا قۇدرىتى بار تۇرۇقلۇق، ھەم پەيغەمبەرلەر
ۋۇجۇدى ۋە ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقى بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئالەمنىڭ تەرتىپ-
ئىنتىزامى ۋە خالايىقنىڭ كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن، ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتانلار ۋە
يۇلتۇزدەك كۆپ قوشۇنغا ئىگە خاقانلارنى ئالەمدە قەھرىمان، خالايىق ئارىسىدا ھۆ-
كۈمران قىلدى. «تەڭرىگە، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە
ئىتائەت قىلىڭلار»㉔ دېگەن پەرمان بىلەن ئىلاھىيەت ۋە نۇبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك)
ئەينىكىدىن كېيىنلا پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە ئورۇن بەردى. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى،
پادىشاھلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ دىنىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە ئۆز ئەنـ
بىياسىنىڭ شەرىئىتىنى كۈچەيتىشتە بارلىق تىرىشچانلىقى ۋە قايىتماس شىجائىتىنى
كۆرسەتكەي؛ ئىجتىھات بىلىگە جەڭ كەمىرىنى باغلاپ، شەرىئەتنىڭ بېسىلىپ قېلىشى
ۋە ئىسلامنىڭ بۇزۇلۇشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاي؛ ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئامان-
ئېسەنلىك تۆشىكىدە ئاسايىشلىق ۋە راھەتكە ئېرىشىشى، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ياخشى
ۋە خەيرلىك ۋەتەنلىرىدە خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن، مەملىكەت بوستانىغا ئادالەت
سۈيى بىلەن قۇۋۋەت بەرگەي؛ دۆلەت قەسىرىدىكى پىتنە-پاساتچى ۋە غوۋغاچىلارنىڭ
بويۇنلىرىغا سىياسەت قىلىچى بىلەن ئۇرغاي.
ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك تەڭرىدىن مىننەتدارمىزكى، (يۇقىرىقىدەك ئاسايىشلىق ۋە
خەيرلىك دەۋر) بىزگە نېسىپ بولدى: ھەممە زامان ئەھلىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە
پەرۋىش قىلغۇچىسىنى «تەڭرى» دەپ ئاتايدۇ، مەسىلەن، قۇياش، ئوت، بۇت، كالا
ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياراتقان مەخلۇقىدۇر، بىز ئەنە شۇنداق يۈكسەك

قۇدرەتكە ئىگە تەڭرىگە ئېتىقاد قىلماقتىمىز؛ ئەنبىيالار ئىچىدىن شۇنداق بىر نەبى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دىنىدا تۇرماقتىمىزكى، ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىگە قەلەم تۇتىمىغان قوللىرى بىلەن بىكار قىلىش يېزىقلىرىنى پۈتتى، كىتابلىرىغا نەسخ ‹1› خېتى يازدى. پادىشاھلار ئىچىدىن شۇنداق شاھلار شاھىنىڭ زامانىسىدە، ھەتتاكى ئاستانىسىدە قۇللۇققا مەشغۇلدۇرمىزكى،

(رۇبائىي)

ئۇنىڭ بارلىق پادىشاھلار ئارىسىدىكى جىسمى ۋە پۈتكۈل شاھىنشاھلار ئىچىدىكى سۈپەتلىرى خۇددى پەرىشتىلەر ئارىسىدىكى جىبرىئىلدەك، ئەنبىيالار ئىچىدىكى پەيغەمبەرلەر خوجىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دەك نامايانىدۇر.

ئۇ شۇنداق سۇلتانكى، «پادىشاھلار تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسىدۇر» دېگەن جاۋاھىرلار بىلەن تەقدىر قوللىرى ئۇنىڭ مۇبارەك چېدىرىنىڭ ئەتراپىنى بېزىدى. ئۇ شۇنداق خاقانكى، «پۈتكۈل ھاجەتمەنلەر مەملىكەتلىرىنىڭ ئىشىكلىرى» دېگەن كامىش بىلەن تەقدىر قۇدرىتىنىڭ بىناكارى ئۇنىڭ ئالىي دەرگاھىنىڭ لەۋھەلىرىنى زىننەتلىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبقىرانكى، ئۇنىڭ شاھانە بايرىقىنى «بىز ھەقىقەتەن ساڭا روشەن غەلىبىنى ئاتا قىلدۇق»㉕ دېگەن ئايەتنىڭ گۈلىستانىدىن چىققان شامالدىن ئۆزگە نەرسە ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق يۈرت ئالغۇچى قەھرىمانىدۇركى، ئۇنىڭ غالىبىيەت جەۋھىرى بولغان قىلىچىنى «تەڭرى ساڭا كۈچلۈك ياردەم بەردى»㉖ دېگەن ئايەتنىڭ مەشىقخانىسىدا چېنىققان قولىدىن باشقا قول كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق تاج ئاتا قىلغۇچىدۇركى، ياغاچچى ئۇنىڭ يۈكسەك قىممەتكە ئىگە تەختىنى «يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان»㉗ دەرەختىن ياساپ چىقتى. ئۇ شۇنداق تەخت ئىگىسىدۇركى، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئالتۇن كەشتىچىسى ئۇنىڭ پارلاق ئىقبالىغا ئىگە تاجىنى «قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى»㉘ دېگەن ئايەتنىڭ ئالتۇن يىپلىرى بىلەن تىكىپ تەييارلىدى. ئۇ شۇنداق ئىز باسار دۇركى، بۇ ھەقتە «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (ئىز باسار) يارىتىمەن»㉙ دېگەن ئايەت ھاسىل بولدى. ئۇ شۇ قەدەر يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىسىدۇركى، ئۇنىڭ مۇنبىرىنىڭ خۇتبىسىنى «ئاللا ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»㉚ دېگەن ئايەتنىڭ خۇش بۇي ھىدلىرى مۇشتەرى ‹2› يۇلتۇزىنىڭ ئالتە پەشتاقلىق مۇنبىرىگە يەتكۈزدى. ئۇ شۇ قەدەر كۆپ قوشۇن ئىگىسىدۇركى، ئۇنىڭ نامىغا سوقۇلغان تەڭگىلەر يۇلتۇزلىرى «سائىلغا قوپاللىق قىلما»㉛ دېگەن ئايەتنىڭ نۇرى بىلەن ئۇنى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ توققۇز پەردىلىك مەنزىرىسىدىن ئاشۇردى.

‹1› نەسخ — 1› يوق قىلىش، بىكار قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆزگەرتىش؛ 2›
خەتتاتلىقتىكى بىر خىل يېزىق شەكلى.(«نەسخ» سۆزى بۇ يەردە قوش مەنىدە ئىشلىتىلگەن).

‹2› مۇشتەرى — يۇپىتېر سەييارىسى، مۇنەججىملەر بۇ پلانېتنى «بەخت يۇلتۇزى» ۋە «پەلەك قازىسى» بولۇپ، ئۇرنى ئالتىنچى ئاسماندا دەپ قارايدۇ.

(نەزمە)

ئۇ بولسا شاھلارنىڭ شاھى، جاھاننىڭ خۇسرەۋى‹1›، پەلەك ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى، مۇشتەرى يۇلتۇزى بولسا ئۇنىڭ نۇرىدۇر.

ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ جەمشىدى‹2›، ياق، جەمشىد ئەمەس، بەلكى پارلاپ تۇرغان قۇياشىدۇر.

پەلەك قۇياشى ئۇنىڭ يارقىن تەپەككۇرىدۇر، پەرىشتىلەر چىرىغى بولسا ئۇنىڭ يورۇق كۆڭلىدۇر.

ئۇنىڭ سۆزلىرى سىرلار خەزىنىسىنىڭ بايلىقى، يۈزلىرى بولسا يوشۇرۇن ۋۇجۇدنىڭ ئەينىكىدۇر.

ئۇنىڭ جامالىدا قۇياش نۇرلىرى جىلۋىگەردۇر، سۆزلىرىدە مۇقەددەس روھلاردىن نىشانە باردۇر.

ئۇنىڭ پېشانىسىدە شاھىنشاھلىق نۇرلىرى، سۆزلىرىدە ئەيسا رۇھۇللاھنىڭ ھاياتبەخشلىكى نامايەندۇر.

ئۇنىڭ بۈيۈك قەسرى توققۇزىنچى پەلەكتۇر، ئۇ (پەلەك) ئەتلەسىنىڭ ئۈستىدە كىشىلەر دۇلدۇلدەك يايلايدۇ.

ئۇ قەسرنىڭ كۈنگۈرىلىرى قۇياشتەك نۇر چېچىپ، پەرىشتىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ مېھرابلارنى نامايان قىلىدۇ.

پەلەك ئۇنىڭ باغچىسىنىڭ كۆلچىكىدىكى بىر نىلۇپەردۇر، ئۇ (نىلۇپەر) نىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر شەبنەم بىر يۇلتۇزدۇر.

ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى چاقماقتا ئوخشاش ئالتۇن چاچىدۇ. (بۇنى كۆرۈپ) بۇلۇتلار ھايادىن تەرگە چۆمىدۇ.

ئۇ پەلەك جامىنىڭ چېكىتلىرىدىن قەدەھ مېۋىلىرىنى چىقارغىنىدا، ساخاۋەتنى ئالدىدا ھەسەن ـ ھۈسەينىمۇ تەر باسىدۇ.

ھىلال ئاي ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىدىن نىشانەدۇر، يەنە ئۇنىڭدىكى زەنجىر سامان يولىدەك نامايەندۇر.

بەلكى پەلەك ئۇنىڭ چاقماقتەك يۈگرۈك ئېتىدۇر، نۇرلۇق قۇياش ئۇنىڭ پولات ئەينىكىدۇر.

ئۇنىڭ يۈرۈشلىرى پەلەكتىنمۇ ئىتتىكرەك بولۇپ، سۇرئىتى چاقماقنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ.

ئۇنىڭ چۆرگىلەشلىرى بۇ پىرقىراۋاتقان ئاسماندەك ئەمەس، بەلكى بىر چېكىت ئەتراپىدا چۆرگىلىگەن پەرگاردەك.‹3›

---

‹1› خۇسرەۋ ـ ئىران كەيانىلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك پادىشاھى.

‹2› جەمشىد ـ ئىراننىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرىدىن بىرى.

‹3› پەرگار ـ چەمبەر سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان، پەكار، سىركۇل.

www.uyghurkitap.com

كۆز خەۋەرچىسى ئۇنىڭ ئادەتتىكى يۈگۈرۈشلىرىگىمۇ يېتىشەلمەي قىينىلىدۇ.

ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ھەققىدە ئېمىمۇ دېيەلەيمەن. پەقەت كۆرۈنۈشىنىلا بايان قىلالىسامۇ ئۇنىڭ پەلەك ئارغىمىقىدىن سەككىز دەشت كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆزى بىر دىۋانە سوپەت دېۋە، ئەمما قارىماققا بىر پەرى يۈزلۈكتۇر، ياق، بەلكى پەرىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۇ ئاشۇ دېۋە-پەرىلەر مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى، ياق، سۇلتانى ئەمەس، بەلكى، ھەقىقىي سۇلايماندۇر 〈1〉.

ئۇنىڭ ساخاۋەت قولىنىڭ دېڭىزى شۇنداق چوڭقۇركى، ئۇنىڭغا يۈزلىگەن ھاتەملەرمۇ چۆكۈپ كېتىدۇ، يورۇق يولىرىنىڭ قۇياشى شۇنداق نۇرلۇقكى، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈن بىر كۆيۈك ناندۇر.

ئۇنىڭغا پەلەكتىن «كۆرەشچىلەرنىڭ پادىشاھى» دېگەن لەقەم بېرىلگەن بولۇپ، پەلەكتەك يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھتاجدۇر.

ئۇنى ئىنسان دېمە، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆزى، ئۇ ھەم ئىنسان، ھەم سۇلتان ھۆسنىنىڭ دەل ئۆزى.

پەلەك سېنىڭ ئاجايىپ ھاكىمىيەت تەختىڭنىڭ بىر پۇتىدۇر، پۇت ئەمەس، بەلكى ئاشۇ پۇتنىڭ سايىسىدىنلا ئىبارەتتۇر.

ئەي، قۇياش سېنىڭ ئۇلۇغلۇق تاجىڭدىكى بىر گۆھەردۇر، ياق، گۆھەر ئەمەس، ئۇ بەلكى تاجىڭ ئالدىدا سەدەپتىنمۇ ئېتىبارسىزدۇر.

بۇ جاھان بىر ھۇجرا، ئاسمان ئۇنىڭغا تورۇس بولۇپ تۇرسىلا، خەلقنىڭ ئۆمۈر بايلىقى ئۇنىڭغا ۋەقپە بولسۇن.

تېنىڭ ھۇجرىسى جان قۇشىغا ماكان بولۇپ تۇرسىلا، تەڭرى (پۈتكۈل ئالەمنى) سېنىڭ جان ۋە تېنىڭ ئۈچۈن ۋەقپە قىلسۇن.

بۇ مۇقەددىمىلەردىن كېيىن، ھەقىقەت ئەھلىگە روشەن ۋە نازۇك پىكىرلىك كىشىلەرگە ئېنىقكى، پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئالەمنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئادەم ئەۋلادىنىڭ ئىنتىزامىنى يۈرگۈزۈشتە ياردەمچىگە قاراشلىق ۋە مۇئاۋىنغا ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ تەڭرى ھېكمەتلىرىنىڭ سىرىدىن ھېچ پەيلاسوپنىڭ جانلىرى ئەسەر ۋە ھېچ مۇتەپەككۇرنىڭ كۆڭۈللىرى خەۋەر تېپىپ بولالمايدۇ. ئالەم ئەھلى ۋە ئادەم باللىرىغا ئالىي مەرتىۋىلىك خەلىپە (ئىز باسار) نىڭ ھۆكۈمران بولۇشى ۋە خەلىپە سوپەت سۇلتانلارنىڭ كەسكىن پەرمانلىرى بولۇشى زۆرۈر بولدى. ئۇلارغا دىيانەتلىك مەدەتكارلاردىن ئۆزگە نېمە چارە ۋە پاراسەتلىك ۋەزىرلەردىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن. ھەر ھالدا پادىشاھلىق ئىشلىرىغا ئائىت خىزمەتلەرنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن، سەلتەنەت كارخانىسىدىكى ھەرقانداق مەدھىيىگە لايىق قابىل دانىشمەنلەرنى ۋە ھەر تۈرلۈك مەرتىۋىگە مۇۋاپىق زېرەك ئەقىل ئىگىلىرىنى ئاۋام خەلق ئىچىدىن تاللاپ، ئاددىي خالايىق ئارىسىدىن تەكلىپ قىلىپ، ئەمىرلىك نورۇزىنىڭ بۇلۇتلىرى

〈1〉 سۇلايمان — پۈتكۈل جانلىقلارغا پادىشاھ بولغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىلەن ئەزىز قىلدى، ۋەزىرلىك زىلچىسى ئۈستىدە ئەمەلگە قويدى. شۇنداقلا بۇ ئىشى نىلق قىسمەن ۋە ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە قىسمەن كىشىنى تەيىنلىدى. بۇ ساھىبقىران جەمشىد (ھۈسەيىن بايقارا) سەلتەنەت تەختىنى ئالغان ۋە بۇ جاۋاھىرلارنى چاچقۇچى قۇياش ئالەم ئەھلىنىڭ بېشىغا مەرھەمەت سايىسىنى سالغان مۇشۇ ئامەتلىك زامان ۋە بەختلىك دەۋراندا، يوقىرىدا ئېيتىلغان ۋە باشتا بايان قىلىنغاندەك، بارلىق مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىم خىزمەتلەرنىڭ ھەربىرىگىچە پۈتۈنلەي زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا كېپىل بولۇش كىشىلەرگە زۆرۈر ۋە لازىم بولدى. چۈنكى زامانىنىڭ ئۇلۇغ شەۋكەتلىك دانىشمەنلىرى ۋە پازىللىرى، دەۋرانىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق قازىلىرى ۋە ئالىملىرى، «تۆمۈرىي» (32) نەسلىدىن بولغان شاھزادىلەر، «بارلاس» (33) ئۇرۇقىدىن بولغان ئەمىرزادىلەر، «ئارلاتىي» (34) ئېسىلىك رەئىسلەر، «تارخان» (35) رەسىملىك دۆلەتمەنلەر، «قانات» (36) نەسەبلىك نامدارلار، «قۇڭرات» (37) ھەسەبلىك بەرقارارلار، «ئۇيغۇرىي» (38) سۈپەتلىك باخشىلار، «ئۇيغۇر» (39) مەرتىۋىلىك ياخشىلار، «چۆلى» (40) لىك باياۋىنىدا جان پىدالىق قىلغان جاندارلار، «بايرىي» (41) لىق كۆڭلىرىدە خىزمەتكارلىق قىلغان پىداكارلار، «جەلايىر» (42) لار شاۋقۇنلىرى ۋە «قاۋچىن» (43) لارنىڭ سۈرەنلىرى (بۇ زامان ۋە دەۋراندا) مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر مەقسەت ۋە پادىشاھانە ئىنايەت بەخش ئېتىلدى. ھەرقايىسى بىر مۇناسىپ مەنسەپ بىلەن ئۇلۇغلاندى، ھەر بىرىنى شاھانە تەربىيەلەرگە مۇشەررەپ ۋە بىر مۇۋاپىق خىزمەتكە مەشغۇل قىلىندى.

(نەزمە)

بىرى سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ئەتىۋارلىق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، يوقىرى ئورۇن ۋە مەنسەپ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلدى.

بىرى تۈرك قەسرىدە تەسۋى ئاستى، يەنە بىرى سارت ‹ 1 › دىۋانىدا تامغا باستى.

بىرىنىڭ ئادىتى رەئىسلىك بولدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ۋەزىرلىك بولدى.

بىرى مۆھۈر ھەققىدىن بەھرىمەن بولدى، يەنە بىرى پەرمان ئىجرا قىلىش بىلەن مەقسەتلىرىنى ئىزدىدى.

بىرى قوشۇن تەرەپكە قەدەم قويدى. يەنە بىرى تۈمەن تەرەپكە قاراپ ئەلەم (بايراق) تارتتى.

بىرى دورغىلىق ئىززىتىنى تاپتى، يەنە بىرى چېگرا تەرەپتە ئىۋەتچىلىك قىلدى.

بىرى لەنىتى پارىغا ئۆگىنىپ قالدى، يەنە بىرى رەسىم - قائىدە بىلەنلا كۆپايەلەندى.

ئۇلار مەيلى خار بولسۇن ياكى ئەزىز بولسۇن، ھەممىسى ئۆز كېنىدىن بەھرىمەن بولدى.

گەرچە مەن كەمىنە بىچارىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم ئۇ ھەزرەت (ھۈسەيىن بايقارا) نىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەربىرى سەلتەنەت كېنىنىڭ گۆھىرى

‹ 1 › سارت – تاجىك ۋە پارس خەلقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋە شىجائەت جاڭگىلىنىڭ يىلپىزى بولۇپ، ئاشۇ خىل مەرتىۋىلەرگە يېتىشكەن ۋە بۈيۈك مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ھېچقانداق خىزمەتتە ئۆز قابىلىيىتىمنى كۆرسىتەلمىگەن ۋە ھېچبىر مۇشەققەتكە ئۆز قۇۋۋىتىمنى سەرپ ئېتەلمىگەنىدىم. شۇ سەۋەبتىن پۈتكۈل تەمەننالارنىڭ ئىشىكىنى يۈزۈمگە يېپىپ، بارلىق مۇددىئالارنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۆزۈمگە ئېتىۋەتكەنىدىم. چۈنكى ئالەمنىڭ خىياللىرى ۋە ئالەم ئەھلىنىڭ دىيانىتى چاغلىق، ناز-كەرەشمە قىلغۇچى جاھان كەمپىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، جاننى ياشناتقۇچى ھايات گۈزەللىكنىڭ تۇراقسىزلىقى ناھايىتى ئېنىق، دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

(نەزمە)

دەرد-ئەلەمنى تۈگىتىش ئۈچۈن يالغۇزلۇق كوچىسىغا قەدەم قويغىنىم ئەلا.
يوقلۇق خىلۋىتىنى كىرپىكلىرىم بىلەن سۈپۈرۈپ، كىرپىكىمدىن تامچىلىغان
ياشلار بىلەن سۇ چاچسام.
قانائەت بورىسىنى تەخت قىلسام، يەككە-يېگانىلىك پالىزىنى تاۋار بىلىپ كىيسەم.
بېشىم پەلەككىمۇ، قۇياشقىمۇ ئېگىلمىسە، ماڭا بۇزۇق ئۆي-ئۆم پەلەك، ئۇنىڭ
تۈڭلۈكى قۇياش بولسا.
ئەگەر نەپسىم باغ ۋە لالە گۈللەرگە مايىل بولسا، نەپسىمنىڭ يۈزىنى «نۇن»
ھەرپىنىڭ چېكىتى بىلەن قارا قىلسام.
ئەگەر كۆزۈم كاپۇر رەڭلىك ئاپئاق يۈز بىلەن ئەنبەر سۇپەتلىك قاپقارا خالنى
كۆرۈشنى تىلەپ، قانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزسا، ئۇنىڭ بالا-قازاسىنى كۆرمەسلىك
ئۈچۈن كۆزۈمنىڭ ئاق ۋە قارىسىنى گەج ۋە ئاھاك بىلەن سۇۋىۋەتسەم.
قۇلىقىمغا خەلق ئۈچۈن قىلىنغان پىكىرلەر ئاڭلانسا، ئۇنىڭغا زىكىر ھەلقى-
سىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاتسام.
ئېغىزىمنىڭ شېكەر قۇمۇشىنى ئىستەيدىغانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئۇنى مىس-
ۋاك بىلەن خۇشال قىلسام.
كۆز ياشلىرىم مېڭەمنى ئاجىزلاشتۇرسا، يۈزۈمنىڭ ئۈستىگە يوقلۇق توزانلىرىنى
سامانلىق لاي قىلسام.
تېنىم شادلىق قامىسىدىن مۇراد ئىستىسە، ئۇنى مېھنەت كۆلىدە تىنچلاندۇرسام.
ئايىغىمغا مەسچىت ئەتراپىنىڭ زەنجىرلىرىنى چېكىپ، ئۇنى باغلىسام.
جىسمىم تۇپرىقىنى كۆككە سورىسام، دۆلەت تەختىنى كۆڭۈل مەملىكىتىدە
ئورناتسام.
گاھ ئۇلۇغلار گۈلشىنىنى تاۋاپ قىلسام، گاھى چىن دوستلار بېغىدا ئورۇن
تۇتسام.
خالايىقتەك كۆرۈنۈشتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتنى تىلەپ، جاھاننىڭ غۇرۇر شارابىنى
سۈمۈرمىسەم.

دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلسام.
قاچانكى ئەجەلنىڭ ئەلچىسى كېلىپ: «ئامانەتنى تاپشۇر» دېسە شۇ ھامان «ئال» دېسەم.

(رۇبائىي)

مەن جان ۋارىقىدا ئاشۇنداق دەپ يېزىۋىدىم، ئۇ سەھىپىدە ئەنە شۇنداق رەسىملەرنى سىزىۋىدىم. ئۇنى تەقدىر قەلىمى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەي درستلار، تەقدىر ئىشىغا نېمە چارە بولسۇن؟!

سەلتەنەت گۈلشىنىدىن بىردىنلا مەرھەممەت شاماللىرى ئېسىشكە باشلىدى. خىلاپەت بارگاھىدىن توغرا يولنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى ۋە دۆلەت يارلىقىنى قولۇمغا بەردى. ئۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

(نەزمە)

ئەي پەزىلەت دۇنياسىنىڭ ئاسمىنى، ياق-ياق، بەلكى ئۇ ئاسمانىنىڭ قۇياشى،
سېنىڭ تالانتىڭغا بىردەمنىڭ ئۆزىدە ئايان بولغان (ئىلىملەر) نى ئەتارۇد‹1› يۈز يىلدا يېزىپ بولالمايدۇ.
سەن گەرچە گۆھەر دۇكىنىنى ئاچقان بولساڭمۇ، لېكىن بۇ گۆھەرلىرىڭنى ئەلگە چاچتىڭ.
پىكرىڭ چىمەنىدە گۈل-رەيھانلار كۆپ، خەلق ئۇ چىمەندىن گۈل تەرمەكتە.
نەزمەڭ ئۈنچىلىرىدىن جاھان تولدى. ئېيتقىنا، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا بولدى؟
سۆزلىرىڭدىن كىشىلەر زوق-ھاياجانغا چۆمدى، لېكىن ساڭا بۇنىڭ دىشۋارچىلىقتىن ئۆزگە پايدىسى يەتمىدى.
سەن قان يۇتساڭ، ئەل شاراب ئىچتى، شۇنداق بولسىمۇ ساڭا بىردەملىك خۇشاللىق نېسىپ بولمىدى.
سەن ئەلنىڭ باشلىرىغا گۆھەرلەرنى چاچتىڭ، ئەمما، (كىشىلەر ئىچىدىن) بىرەر پاك گۆھەر چىقىپ، ساڭا ئاپىرىن ئېيتىپ باقمىدى.
ئەمدى شادلىق زامانى كەلدى، دەرۋاندىن دەرد-ئەلەم ئالامەتلىرى يوقالدى.
قوللىرىمىز جاھان دىيارىنى ئالدى، كۆچىمىز پەلەك سېپىلىنى ئاچتى.
دۆلىتىمىز ئاي بىلەن كۈننى ئاغرا قىلدى، ئۆۋۋىتىمىز ئۇنى بىزنىڭ ئىسمىمىزغا چالدى.

‹1› ئەتارۇد — مېركۇرى سەييارىسى، بۇ سەييارە (يۇلتۇز) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە «پەلەك كاتىپى»، «يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھىمايىچىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئالەمنى بىزنىڭ قۇياشىمىز يورۇتتى، ھەقىقەت تۆردىن ئورۇن ئالدى.
شۇ تاپتا سۆزسىزلا شادلىق پەيتلىرى كەلدى، بەختنىڭ ئۈيقىدىن كۆز ئاچتى.
ئۈمىدنىڭ سۈبھىسىمۇ سۈزۈلدى، مۇرادنىڭ قۇياشىمۇ تۇغدى.
دەۋر ساقىيسى پاراغەت شارابىنى ئۇزارتتى، ئەمدى مېھنەت زەھىرىنى ئىچمىگىن.
يارلىق يەتكەن ھامان جان-دىل بىلەن مۇلازىم بولۇشنى ئۆزۈڭگە لازىم دەپ بىلگىن.
مەرھەمەت دېڭىزى دولقۇنلىنىپ، ھەممە ئىشنىڭ ئاشۇ دېڭىزدەك خۇش ئۇرۇپ روناق تاپقاي.
قەدەملىرىڭنى ئاي ئۈستىگە قويۇپ، رەقەملىرىڭنى كۆن لەۋھەسىگە يازغايسەن.
تەقدىر قۇياش ئالتۇنىدىن ھەل ياساپ، سېنىڭ سەھىپىلىرىڭنى جەدۋەل تارتىپ زىننەتلىگەي.
گۆھەر چاچقۇچى قۇياش سېنىڭ ھەربىر بېيىتىڭگە يۇلتۇزلارنى ئالتۇن قىلىپ چاچقاي.
بىز سۆزۈڭنى قانچىلىك ئۇلۇغلىغان بولساق، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلايمىز.
ساقى خىلۋەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ، پاراغەت گۈلىنى ئاھ ئوتلىرى بىلەن كۆيدۈرىدىغانغا ۋاقىت يوق.
ھۆكۈمنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى تىنما، بەلكى بىر تىنىق ئالغۇدەك ۋاقىتمۇ تۇرۇپ قالما.
قۇللۇققا كۆڭلۈڭنى مەھكەم چېگىپ، خىزمەتكە بېلىڭنى راۋۇرۇس باغلا.
ھەر ھالدا بۇ سۆزلەرنى ساڭا دېمەك لازىم ئەمەس. چۈنكى نېمىنىڭ كېرەك، نېمىنىڭ كېرەك ئەمەسلىكى ساڭا ئېنىق.
ئىستىكىممۇ شۇنداق ئىدى، تەقدىرمۇ شۇنداق بولدى. مەن بىچارە خەستىمۇ شۇ بويىچە ئىش تۇتتۇم.
قۇللۇققا بېلىمنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزۈمنى قۇللارغا ھەمدەم قىلدىم.

گەرچە دەرياغا بىرەر تامچىنىڭ ياردىمىدىن پايدا ۋە قۇياشقا بىرەر زەررىچىنىڭ قوللىشىدىن مەقسەت ھاسىل بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ قەدەر خىزمەت مەن خەستىگە قۇۋۋەت ئىدى، بۇنچىۋالا مۇلازىمەتتە تەڭرى مەن بىچارىگە تاقەت بەردى. پىداكارلىق ئادىتىنى ئۇنۇتمىدىم، بىپەرۋالىقنى ۋە ئاسان ئىشقا ھېرىسمەنلىكنى راۋا كۆرمىدىم. چۈنكى نىيىتىم گۈلىستانىدا ھىيلە ۋە رىياكارلىق خەشەكلىرى يوق ئىدى. خىزمىتىم بوستانى ساداقەت ۋە پاكلىق بۇلۇتىدىن سۇ ئىچكەنىدى. ھەممە جەھەتلەردە تىرىكلىك دىمىغىم ھەر سائەتتە باشقا-باشقا مەيىن شاماللارنىڭ پەيزىدىن خۇش پۇراققا تولۇشقا، ئۈمىدىم چىرىغى ھەر نەپەستە ئۆزگىچە تەربىيەت مەشئەللىرىنىڭ نۇرىدىن مۇنەۋۋەر بولۇشقا باشلىدى. شۇ ئارقىلىق ئاز پۇرسەتتە سۆزلىرىمگە ئۇ ھەزرەتنىڭ ۋەھيى سۈپەتلىك سۆزى ۋە ئىل-

هام خۇسۇسىيەتلىك ۋەدىسىگە ئوخشاش پاك مەنە گۆھەرلەرى تاج ۋە ئۆزۈمگە پاك گۆھەرلىك مەنە ئىلگىرى موھتاج بولدى. ئازاد كىشىلەرنىڭ ئىشى خىزمىتىمدە قوللۇق ئىزھار قىلىش، ئۇلۇغۋار كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئالدىمدا باش ئېگىش بولدى.

(رۇبائىي)

تەلەي بويسۇندى، بەخت يار بولدى. قۇياش مالاي، ئاسمان چاكار بولدى. ماڭا مۇيەسسەر بولغان بۇ مەرتىۋە ئالەم ئەھلىدىن كىمگە نېسىپ بولغان؟!

بۇ مەرھەمەتلەرگە يارىشا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مۇشكۇل، لېكىن قول-پۇتى يوق ئادەملەردەك قاراپ تۇرۇش ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مۇشكۇلدۇر.

(مىسرا)

ئىشىق تۇپەيلىدىن مەن ھەر نەپەستە مۇشكۇل ئىچىدە يولۇقتۇم.

بۇ ھەيرانلىق تۇپەيلىدىن ئۇزاق ئويلاندىم ۋە بۇ ئوي-خىياللىرىم بىلەن كۆپ ھەيران بولدۇم. ئەقىل ئۇستازى مېنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىمنى بىلىپ، خۇشاللىق ئۈچۈن (مۇنداق) سۆز باشلىدى:

(نەزمە)

ئەي نەۋائى، بۇ نېمە بالا-قازالىق غەم، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى مۇنداقمۇ گىرىپتار قىلامسەن؟!
ئەقىل ۋە ھىممەت يار بولغانلارغا بۇنداق ئىشلار قانداقمۇ قىيىن بولسۇن؟!
تاشمۇ قۇياشنىڭ پەرۋىشىگە ئېرىشسە گۆھەر ۋە ياقۇتقا ئايلىنىدۇ.
تۇپراقمۇ بۇلۇتتىن سۇ ئىچسە ھەر خىل يېشىل ياپراقلارنى پەيدا قىلىدۇ.
ئادەم قانداقمۇ ئۆزىنى تۇپراق ۋە تاشتىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، ئادىمىگەرچىلىكتىن ئۈمىد ئۈزسۇن؟!
تاجىسىغا يۇلتۇزلارنى گۆھەر قىلىپ قادىۋالغان بۈيۈك شاھلارمۇ دۇئا ۋە تىلەكلەرگە ئېھتىياجلىقتۇر.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، جىمى مەۋجۇدات ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى؛
(شۇنداق ئۇلۇغ زاتقىمۇ) ئەبۇبەكرى سىددىق (44) غاردا ھەمراھ بولدى. بىر ئۆمۈچۈك ئۇنىڭغا پەردەدار ‹1› بولدىغۇ؟!
گۈلخانىنىڭ يۈزلىرىنى خىرە قىلغان كۈلمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەينەكنىڭ يۈزلىرىنى نۇرلاندۇرىدىغۇ؟!

---

‹1› پەردەدار — پەردە تۇتقۇچى؛ كۆزەتچى، ئىشىك قاراۋۇلى، مۇھاپىزەتچى.

نېمەشقا بۇنچىۋالا ئاجىزلىق ۋە ناتىۋانلىق ئىزھار قىلىسەن؟ بۇ ئىشنى بەك ئىنچىكە ئويلاپ كېتىپسەن.

بىكارچىلىقنى قويۇپ، ئەقلىڭنى ئىشقا سالغىن، ئىشىڭغا مەردانىلىك بىلەن قول سالغىن.

ئەقىل بۇلبۇلى شۇنداق دەپ سايرىدى. مۇۋەپپەقىيەت تۇتىسى ئاشۇنداق ناخشىلارنى ئېيتتى. مەن ئاجىز ناتىۋانىنىڭ ئەقلى مۇجىمەللىكتىن قۇتۇلۇپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئۇ ھەزرەتنىڭ قۇللۇقىدا بۇ دۇنيادا پايدىلىق، ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئۆزۈمگە زۆرۈر تاپتىم. خالايىق دۇئاسىغا بائىس ۋە خالىق(تەڭرى) رىزاسىغا سەۋەب بولىدىغان بىر نەچچە خىل ئىشنى ئۇ ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا ئورۇندىدىم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ئۇ ئىشلاردىن بىرى شۇكى، كۆڭۈل مەملىكىتىدىن ئۇ ھەزرەتتىن باشقىلارنىڭ خىيالىنى يىراقلاشتۇردۇم. ياق، بەلكى چىقىرىپ تاشلىدىم. سادىقلىق بۇلۇتىدىن ياغقان ساپلىق يامغۇرلىرى بىلەن بۇ مەملىكەتتىن باشقىلارنىڭ توزانلىرىنى يۇيۇپ، ئۇ ھەزرەتنىڭ خىياللىرىنى بۇ مەملىكەتنىڭ ئوردىسىدا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئاتلىرىغا ۋە كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان لەقەملىرىگە ياخشى دۇئالار بىلەن خۇتبە ئوقۇپ، (ناملىرىغا) مۇھەببەت بەلگىلىرى بىلەن ئالتۇن يارماقلارنى سوقۇپ ۋە زىننەتلەپ، كۆڭۈل ئىقلىمىنى ئۇ زاتنىڭ خىيال-سۇلتانىغا تەۋە قىلدىم.

(رۇبائىي)

بىراۋنىڭ ئىشقىغا كۆڭلى ئەسىر بولغان كىشى جان رىشتىسى بىلەن ئۇنىڭغا يۈز قات باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە يەنە باشقىلارنىڭ خىيالى يېقىپ قالسا، ئۇنداق كۆڭۈلنى يۈزمىڭ پارچە قىلىۋېتىش كېرەك.

يەنە بىرى شۇكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ دۆلىتىدىن پۈتكۈل جىسمانىي نېمەتلەر ۋە نەپسانىي مەقسەتلەرگە قولۇم يېتەتتى. بەلكى تېخى ھەۋەسىمۇ بار ئىدى. ئەمما مەملىكەت گۈلىستانىنىڭ قەسىرى ئەتراپىدا ۋە دۆلىتى بوستانىنىڭ چىمەنلىرى چۆرىلىرىدە كۆرمەيدىغان نېمىگە كۆزۈمنى نەرگىس كۆزىدەك كور، ئاڭلىمايدىغان ئىشقا قولىقىمنى بىنەپشە قۇلىقىدەك گاس، تۇتمايدىغان نەرسىگە قولۇمنى چىنار شېخىدەك چولاق، بارمايدىغان يەرگە ئايىغىمنى سەرۋىنىڭ ئاياغلىرىدەك ئاقساق، ئېيتمايدىغان سۆزنى — خۇسۇسەن غۇنچىدەك كۆڭلۈمدە گۈل بەرگىدەك ساقلاشقا ئامانەت قىلىپ تاپشۇرۇلغان مەخپىي سىرلارنى — ئاشكارىلاشتىن تىلىمنى سەۋسەن تىلىدەك كېكەچ قىلدىم.

(رۇبائىي)

پادىشاھلار خىزمىتىگە كۆڭلى بار كىشى كور، گاس، چولاق، ئاتىلاق بولۇشى

لازىم. تىلىمنى شاھىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاشتا كېكەچ قىلىشى كېرەك، بۇ بارچە ئىشلاردىن قىيىندۇر.

يەنە بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۇرۇشتە، ئۆزۈمنىڭ ھېچقانداق غەرەز ۋە مەسلىھەتىمنى كۆزلىمىدىم. بەلكى پۈتۈنلەي تەڭرىلىك ئۈچۈن ھەم ئۇ ھەزرەتنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىھەتى ئۈچۈن دېگەننى كۆزدە تۇتتۇم. شۇ سەۋەبتىن ئەقىل ھاكىمىنىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن راستلىق سىياسەتگاھىدا غەرەز ئوغرىسىنى ئۆلۈم دارىغا ئاستىم. ئىنساپ قازىخانىسىدا ھېرىسمەنلىك قاراقچىسىنىڭ بوينىنى قانائەت قىلىچى بىلەن ئۈزدۈم. ۋۇجۇدۇم شە-ھىرىدە مۇددىئا قەسىرىنى مۇشەققەت يامغۇرى بىلەن يىقىتتىم. نەپسانىيەت بېغىدا ئارزۇ كۆچەتىنى قەتئىيلىك قوللىرى بىلەن قۇتقۇزدۇم. ئىجرا ئېكىنزارىدا تەمە خامىنىنى پېقىرلىق ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ، ئۇ خامىنىنىڭ كۈللىرىنى يوقلۇق شاملىغا سورۇدۇم.

(رۇبائىي)

ھېرىسمەنلىك ۋە ھەۋەس خامانلىرى كۆككە سورۇلمىسا، نەپسانىيەت ۋە ھا-ۋايۇ ھەۋەس قەسىرى يىقىتىلمىسا، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنىڭ جانلىرىغا جەبىر-زۇ-لۇم يەتمىسە، ئەل شادلانمايدۇ، مەملىكەت ئاۋات بولمايدۇ.

يەنە بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ يورۇق كۆڭلى تەڭرى نۇرلىرىنىڭ نامايەندىسى، مۇبارەك خاتىرىنىڭ قۇياشى گۇۋاھ - ئىسپاتلارنىڭ چەكسىز ئىدىشىدۇر. ئۇنىڭ پاك خىياللىرى دىنىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۇيغۇن، ساپ زېھنى شەرىئەتنىڭ روشەنلىشىشى ۋە كۈچىيىشىگە مۇۋاپىقتۇر. شۇنداق بولسىمۇ، چوڭقۇر ئىتائەت، چەك-سىز ئېھتىيات مۇنداق بىر ھۆكۈمنى زۆرۈر تاپتى: تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلار، ئەگەر ئىنسانچىلىقنىڭ غاپىللىقى تۈپەيلىدىن ئۇ ھەزرەتنىڭ شەرەپلىك تۇرمۇشلى-رىنىڭ ھاۋاسىدا زۇلۇم بۇلۇتلىرى ئادالەت قۇياشىنى ياپماقچى بولسا، ئۇ بۇلۇتلار-نى نادامەت ئاھىنىڭ شىۋىرغانلىرى بىلەن بۇ ئالەمدىن قوغلاپ چىقىرىشى ئۈچۈن، كەمىنە قول مەلۇمات زەررىچىلىرىنى يەتكۈزگەيمەن؛ پاكىز ئۆمۈرلىرىنىڭ ھۇجرىسىدا ئەگەر بىدئەت شامللىرى شەرىئەت شېمىغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ شامنى مۇ-ھاپىزەت لىباسلىرىنىڭ پانۇسى ئىچىگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈن، كەمىنە ناتىۋان بىر پەرۋانە بولغايمەن. تەڭرىگە تەشەككۈرلەر بولسۇنكى، ئۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمىدى ۋە بۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. لېكىن يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھەزرەتنىڭ ھۆك-مىدىن چىقمىدىم. شۇنداقلا ئۇ ئىشنى ئارىسالدا بولمايلا ئارىغا سالدىم.

(رۇبائىي)

بايانلىرىم ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، سۆزلىرىم قوپال بولسۇن، ياكى

يېتىملىق بولسۇن، بايان قىلىۋېرىشىمنى پادىشاھ بۇيرۇغانىدى. شاھقا بۇ خىزمىتىمنى
يەتكۈزەلمىسەم قانداق قىلىمەن؟!

يەنە بىرى شۇ ئىدىكى، مەملىكەت ھەرگىز زۇلۇم شامىلىنىڭ ئاجىزلار چىرىغىغا
تەشۋىش سېلىشى ۋە جەبىر-جاپا ئوتىنىڭ ئاسايىشلىق خامىنىغا زىيان يەتكۈزۈشى-
دىن خالىي بولالمايدۇ. ھەرقانداق زالىم جاپاكارلىق تىغىدىكى زۇلۇم قاپلىنىغا ئوخ-
شاش ئاجىزلارنىڭ پاراغەت كېيىكىنى قەيەردە كۆرەرمەن دەپ كۆز تىكىدۇ. ئۇ كې-
يىكنى قانداق قىلىپ ئوۋلاش ئۈچۈن ئالەم جاڭگىلىدا قانچىلىغان زۇلۇم چاڭگاكلى-
رىنى تەييارلايدۇ. ئۇ كېيىك جان ئېلىپ قاچماقچى بولسا، ئۇ زالىم ھەربىر چىش-
لىرىدىن زەھەرلىك تىكەنلىرىنى چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بەختسىز كېيىكنىڭ
تېنى ۋە ئىچكىي ئەزالىرى بىلەن يامان يولغا باشلىغۇچى يىرتقۇچ نەپسىنىڭ مۇرا-
دىنى ھاسىل قىلىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارچە ئىشتىھاسىغا ئارام بەرمەكچى بولىدۇ.
ۇقەددىمىگە بۇ زۇلۇم قىلغۇچى بىلەن زۇلۇم تارتقۇچىنىڭ ھالىدىن بىر كىنايە ۋە
بىر قىلغۇچى بىلەن كۆلپەت چەككۈچىنىڭ ئەھۋالىدىن بىر ھېكايىدۇر. قولۇمدىن
ىلىشىچە زۇلۇم تىغلىرىنى سۇندۇرۇپ، زۇلۇم چەككۈچىلەرنىڭ يارلىرىغا ئىنتىقام
ەلھەملىرىنى قويىدۇم. قولۇمدىن كەلمىگەنلىرىنى ئۇ ھەزرەتكە مەلۇم قىلدىم. شۇنىڭ
بىلەن (ئۇ ھەزرەت) زۇلۇم قاپلىنىنىڭ تىرىسىدىن كېيىكتەك تېز چاپقۇچى ئۇچقۇر
تۇلپارلارنىڭ يوپۇقلىرىغا زىننەت بەردى ۋە زۇلۇم چەككۈچىلەرنىڭ جانلىرى كېيىك-
نىڭ كۆزىگە خاتىرجەملىك يايلىقىدا قاپلانلار پەيدا قىلغان قان داغلىرى ئورنىغا
لالە گۈللەرنى كۆرسەتتى.

(رۇبائىي)

شاھنىڭ ئادالەت ئۆيىنى ئاۋاتلاشتۇرىمەن دەپ، قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىش-
چانلىق كۆرسەتتىم. چۈنكى تەگرىدىن شامغا قانچە كۆپ نۇر ئاتا قىلىنسا، پەرۋانە
جانلىرىنىڭ كۆيۈشى ئەيىبسىز بولىدۇ.

يەنە بىرى شۇ ئىدىكى، ئەل ئىچىدە بۈيۈك ئاكابىرلاردىن ئادەتتىكى كىشى-
لەرگىچە، لەشكەرلەر ئىچىدە ئەمىرلىك مەرتىۋىسىدە بەزمە تۈزگەنلەردىن تارتىپ
خارلىق چەكمەنلىرىنى كىيگەن ئاجىزلارغىچە، پۇقرالار ئىچىدە كۆچىتىنگىرلىك ئېقىن-
لىرى ۋە دەشتلىرىنى پەلەك ئېكىنزارىدەك كۆكەرتىپ، بايلىق مەھسۇلاتلىرىنى ھا-
سىل قىلغانلاردىن باشلاپ، ئاسماندەك ئىككى پۇكۇلۈپ باشاق تېرىش بىلەن ئەتى-
گەندىن كەچكىچە كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن پەرۋىن (ھۆكەر) يۇلتۇزىدەك بىر ئوچۇم
دان تەرگەنلەرگىچە، ھۆكۈمدارلار ئىچىدە بايلىق يايلىقىدىكى بىر پادا قويىدىن
ھەر يىلى ھەمەلدەك (1) قوزىلاردىن مىڭغا ئېرىشكىنىگە قانائەت قىلمىغانلاردىن تا-

(1) ھەمەل — قەدىمكى ئاسترونومىيە كۆز قارىشى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ
بىرى. بۇ بۇرج قويغا ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

كى يوقسۇزلۇق توقايلىرىدا قوي بېقىپ، يىلدا جەدىدەك(1) ئۆچكىدىن بەشنى ئىش ھەققى ئالغانلىقىنى غەنىمەت بىلگەنلەرگىچە بولغان پۈتكۈل خالايىق ئىچىدە مەن ناتىۋانغا ئىشى چۈشمىگەن ۋە ئۇ ھەزرەتنىڭ دۆلىتىدە ئۇ ئىشى مېنىڭ تىرىشچانلىقىم ۋە سايە - سەۋەبلىرىم بىلەن پۈتمىگەن كىشلەر ئاز تېپىلىدۇ. بۇ ئىشلىرىم بەدىلىگە خىزمەت ھەققى تىلەپ مىننەت قىلمىدىم. بەلكى مىننەتدارلىق بىلەن ھەق بېرىشكەن بولسىمۇ، قوبۇل قىلمىدىم.

(رۇبائىي)

ئەلدىن ماڭا گەرچە رەھمەتتىن باشقىسى يوق ئىدى. لېكىن ھەق بېرىپ مىننەتدار بولىدىغان ئەھۋال يوق ئىدى. چۈنكى بۇ ئەيىب ئەمەس. كىشىلەرگۇ بەرگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭغا مېنىڭ مەيلىم يوق ئىدى. چۈنكى شاھنىڭ دۆلىتى سەۋەبىدىن بۇلارغا ھاجىتىم يوق ئىدى.

يەنە بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ پەرمانى ۋە تەكلىپى سەۋەبىدىن تىرىكچىلىك ئېكىنزارى قۇرۇق قالمىسۇن دەپ، ئانچە - مۇنچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ ئىشىمدا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە شەرىئەتنى نەزەردە تۇتتۇم ۋە ئىنساپنى ئەستىن چىقارمىدىم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن كۆپ مەھسۇلاتلار ھاسىل ۋە غەنىيمەتلەر مۇيەسسەر بولۇشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەردىن بىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۆتكىچىلىك تەمىناتقا، يەنى ئىسسىق - سوغۇققا دال بولغىچىلىك بىر قۇر كىيىم ۋە شۇنىڭغا لايىق يېمەكلىككە قانائەت قىلدىم. قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇلازىمەت، مەسلىھەتى ئۈچۈن كەلدى - كەتتىگە ۋە نۆكەر - تەئەللۇقاتلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ماڭاشىغا ۋە چېرىكلەرنىڭ راسخوتىغا سەرپ قىلدىم. بەزىسىنى ئۇ ھەزرەتنىڭ دۆلىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن دۇئا ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن تائەت قىلغۇچى مۇناسىپ كىشىلەرگە — ئۇلار ئاخشامدىن سەھەرگىچە پەلەكتەك ئېگىلگەن ھالدا رۇكۇدا تۇرۇپ، يۇلتۇزدەك كۆپ تەسبىھلەرنى يوللايدۇ ۋە ئەتىگەندىن كەچكىچە خىزىردى بۇ ئالەمدەك ياخشى - يامانلارنىڭ يېقىنسىزلىقلىرىنى كۆرۈپ، قۇياشتەك بىر نان بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ — يەتكۈزدۇم. يەنە بەزىسىنى — بارلىق سەرپىيات ۋە ھەممە خىراجەتلەردىن ئاشقىنىنى — سەرپ قىلىپ، كۆپچىلىك پايدىلىنىدىغان ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدىم. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن پۈتكۈل خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلارنىڭ ياخشىلىقلىرى ھەم ساۋابىنى ئۇ ھەزرەتنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن قىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئەزىز ئۆمرى، مۇبارەك ھاياتى ئۈچۈن بەخشەندە قىلدىم. بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن تەڭرى دەرگاھىدا، تەقدىرى قازا مەھكىمىسىدە تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرى ۋە يېقىن پەرىشتىلىرىنى گۇۋاھ قىلدىم.

(1) جەدى — 1) تاغ ئۆچكىسى؛ 2) قەدىمكى ئاسترونومىيە كۆز قارىشى بويىچە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى. بۇ بۇرج كېيىك شەكلىدە دەپ پەرەز قىلىنغان.

(رۇبائىي)

ئۇ ئالەم ئۈچۈن تەييارلىغان يول ئۇزۇۋقلىرىنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ ھىمايىچىسى
بولغان پادىشاھىم ئۈچۈن بولدى. ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلدىم. بۇ
ھۆججەت ئۈچۈن ماڭا تەڭرى گۇۋاھ بولدى.

كۆپچىلىك ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئىمارەتلەردىن بىرى شۇكى، تارىخ 881-
(مىلادى 1476 - 1477) يىلى ئۇ ھەزرەت كۆشكى مۇرغانى (قۇشلار سارىيى) يېنىدا
مەن ئاجىز بىچارىگە ساراي ۋە ھويلا ياساشقا يەر ئىنئام قىلدى. كەمىنە بۇ ئىما-
رەتكە مەشغۇل بولدۇم. ئۇ يەر ھەقىقەتەن جەننەت بېغىدەك زىننەتلىك، ھەرەم
ئۆيىدەك ھەيۋەتلىك ۋە ئىپتىخارلىق پايتەخت ھىرات شەھىرىنىڭ شىمالىي چېتىدە
بولۇپ، بۇ گازۇرگاھنىڭ ئۇششاق تاشلىرىمۇ ياقۇت كېنى ۋە گۆھەر دېڭىزىنى ما-
اق، قارا تۇپرىقى بولسا ئۆتكۈر ھىدلىق ئىپار-ئەنبەرلەرگە تەنە قىلىدىغان تېغى
ر. ئۇ يەر ئاشۇ تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەر
لەن ئاشۇ تاغنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى راھەتبەخشلىكتە
جەننەت ھاۋاسىدىن نىشانە بېرىدۇ. مەيىن شامىلى كىشىگە جان بېغىشلاشتا پىردە-
ۋس بېغىنىڭ يېقىملىق شامىلىدىن نەمۇنە كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەرنىڭ تاغ تەرىپىدىن
نورۇز ئېرىقى ئېقىپ ئۆتىدۇ؛ ئۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ يېقىملىق ساداسىدىن ئۇسسۇز-
لارنىڭ قۇلىقىغا ھاياتنىڭ ئىلھام بەخش مۇزىكىسى يېتىدۇ؛ شەھەر تەرىپىدىن بولسا
ئىنجىل ئېرىقىنىڭ تەبىئەت كۆڭلىگە «سەلسەبىل نامىلىق بۇلاق»⑮نىڭ سۈيىدەك ياقى-
دىغان سۈزۈك سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پادىشاھلاردىن ئۇ يەردە باغ يا-
ساشقا ئەمىرلىك سۈرەنلىرىنى سالغان ئەمىرزادىلەر، ياق، بەلكى پادىشاھلىق ناغ-
رىسىنى چالغان شاھزادىلەر ئارزۇ كۆچەتلىرىنى تىكىپ، مەقسەت مېۋىسىنى تاپقان
ۋە تىلەك خىيچىلىرىنى كۆچۈرۈپ، مۇراد گۈلى ئېچىلغان. دېمەك، پېقىر شۇ يەردە
ئوتتۇز جەرىب‹1› يەرگە تام سوقۇپ، ساراي سالدىم؛ ئۇنىڭ باغچىسىغا ھەر تۈرلۈك
دەرەخلەر بىلەن مەئىشەت ۋە لاتاپەت، چىمەنزارىغا ھەرخىل رەيھانلار بىلەن زىب-
زىننەت بەردىم. بۇلارنىڭ تەرىپ-تۆسۈپى شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ ئاس-
مانغا تاقاشقان نۆكەرلەر توپى نەچچە قېتىم ئۇ مەنزىلنى جەننەتمۇ قىزغانغىدەك ۋە
پەلەككە يەتكەن بۈيۈك قەدەملىرى نەچچە نۆۋەت بۇ تىنچ ماكانىنى چىن سۈرەتخانى-
سىمۇ ھەسەت قىلغۇدەك جايغا ئايلاندۇردى. ئۈمىدىم شۇكى، خۇدا خالىسا، بۇ يەر
ھەمىشە بۇنداق دۆلەتكە سازاۋەر بولغاي. پېقىرمۇ داۋاملىق بۇ خىل ئىنايەتتىن
بەھرىمەن بولغايمەن.

مۇرغانى كۆشكى بولسا، بۇ ھويلا چېگرىسىنىڭ جەنۇبىي پاسىلى بىلەن غەر-
بىي پاسىلىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئىمارەت ئىدى. بۇ ئىمارەت بۇرۇنقى زامان-

‹1› جەرىب — يەر كۆلىمىنى ھېسابلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى، ھەر بىر جەرىب
تەخمىنەن بىر تاناپ (تۆت يۈز كۋادرات مېتىر)غا تەڭ.

لاردا لايىھەلىنىپ، قەدىمدە ياسالغان بولۇپ، ئۇلى تاشتىن قوپۇرۇلغانىدى. ئۇز ۋاقتىدا ئۇ تاشلارنى مېھنەت تېغىدىن توشۇغانىدى. تاملىرىنىڭ خام كېسەكلىرىنى غەم تۇپراقلىرىنى ھەسرەت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قويغانىدى. بۇ بىنا ئىككى قەۋەتتىن تەركىب تاپقانىدى. ئاستىنقى قەۋەتتى جۇدالىق كېچىسىدەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ يەردە نەسلىنىڭ قۇزغۇنلىرى بىلەن زۇلمەت شەپەرەڭلىرى ئارام ئالاتتى. ئۇستۇنكى قەۋەتتى بولسا ۋەيرانلىقتا بەئەينى پىراق دەردىگە مۇپتىلا مولغانلارنىڭ كۆڭلىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ يەردە ئۇمىدسىزلىك ھۇقۇشلىرى ۋە ماتەم لىباسى كىيگەن كەپتەرلەر ئۇۋۇلىغانىدى.

(نەزمە)

ئۇنىڭ راۋاقلىرىنى خارلىق سېلى يىققانىدى. تاملىرىدىن كۆلپەت توزانلىرى يېغىپ تۇراتتى.

قاراڭغۇ سەھنىسى شۇ قەدەر مۇدھىش كېچە ئىدىكى، قۇياش ئۇ يەرگە كىرسمۇ نۇر تاپالمايتتى.

يوشۇرۇنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە ئارام تاپاتتى. بۇزۇق ۋە پاسىقلىقلار ئۇ يەردە ئارزۇسىغا قاناتتى.

كۆڭلۈمگە: «ئەگەر قولدىن كەلسىلا، ئۇ ئىمارەتنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ تۈزلەش كېرەك» دېگەن خىيال كەلدى.

ئۇنىڭ ئورنىغا بىر بىنا سېلىنغاي، ئۇ يەردە كىشىلەر ھەممىشە پادىشاھقا دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاي.

بۇ ئورۇنلۇق خىيال كۆڭلۈمدە ئورۇنلاشتى ۋە بۇ توغرا پىكىر خاتىرىمدە مۇقىملاشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ بۇتخانا سۈپەتلىك بىنانى تۈزلەپ، ئورنىدا مەدرىسە بىنا قىلىندى. ئۇ چېركاۋ كەبى ئىمارەتنى بۇزۇپ، ئىزىغا مەسچىت سېلىندى.

(بېيىت)

شاھنىڭ دۆلىتىدىن بۇ بۇتخانا بىلەن چېركاۋ يوقتى، ئورنىدا مەدرىسە ۋە مەسچىت پۈتتى.

مەدرىسە ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە، يەنى قىبلە تامانىغا مەسچىت ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردە چىرايلىق ئوقۇيدىغان ئىمام ۋە خۇش ئاۋاز قارىي توختىتىلدى. ئۇلار مەھەللە ئەھلى بىلەن بىرلىكتە بەش ۋاق نامازنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇ ھەزرەتنىڭ دۇئا - تىلاۋىتىگە مەشغۇل بولىدۇ. مەدرىسىنىڭ شىمالىي تەرەپ تۆرىگە گۈمبەز ياسالدى. «قۇرئان» سۈرىلىرى ۋە «فۇرقان» ‹ 1 › ئايەتلىرىنى تامام قىلىشتا قىرائەت گۈلشىنىنىڭ ئەيسا نەپەسلىك خۇش ئاۋاز بۇلبۇللىرى ۋە تەجۋىد بېغىنىڭ داۋۇد سۈپەت شېرىن سۇخەن پاختەكلىرى ئۇ يەردە ھەر كۈنى ھەزرەتتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك روھانىيەتلىرى ئۈچۈن بىر پارىدىن «قۇرئان» ئوقۇپ، ئۇ ھەزرەتكە دۇئا قىلىش بىلەن تامام قىلىدۇ. بۇ گۈمبەزنى «دارۇل - ھۇففاز»

‹ 1 › فۇرقان — «قۇرئان»نىڭ يەنە بىر ئىسمى.

(قارىيىغا) دېيىلدى. مەدرىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سۇپىسىغا ئىككى مۇدەررىس تەيىنلەندى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىسلام تەلىماتى قائىدىلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھىسىنى، يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقان ھەدىسلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرھىلىرىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار تەشكىللىگەن ھەربىر دەرس سورۇنىغا رەسمىي ماائاشلىق تالىپتىن ئون بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەمىمىي ئىخلاس بىلەن ياسالغان بۇ مەدرىسىگە «ئىخلاسىيە» دەپ ئات قويۇلدى.

بۇ «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسىنىڭ جەنۇبىي پاسىلىنىڭ سىرتىدىن ئىنجىل ئېرىقى ئاقىدۇ. ئۇ ئېرىقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى چوڭ يولدۇر. بۇ يەردە ئۇ ھەزرەت بىنا قىلدۇرغان مەدرىسە بار. ئۇ مەدرىسە يۈكسەكلىكتە كۆنگۈرىلىرىنى ئاسمان راۋىقىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ھەربىر گۈمبىزى ساماۋى مەنزىل بولۇشتا باشلىرىنى پەلەكنىڭ كۆك گۈمبىزىدىن ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مەدرىسىدىكى ھەربىر مۇدەررىس قېشىدا ئالتىنچى ئاسمان دانىشمىنى بولغان مۇشتەرى يۇلتۇزىمۇ بىر ساددا ۋە نادان، ئېلىپلىرى ئالدىدا ئىككىنچى ئاسماننىڭ ئىستىبداد ئىگىسى بولغان ئەتارىد يۇلتۇزىمۇ ئەبجەد ئوقۇشنى ئەمدىلا باشلىغان گۆدەك بالىدىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇ مەدرىسە ئادەملىرىنىڭ سۇپرىسىدا ئاي گىردىسى ۋە قۇياش كۈمۈلچى ئىككى پېتىر، ئاشپەزلىرىنىڭ خىزمىتى ئالدىدا سامان يولىنىڭ شەكلى ئۇن سەپكەن بىر زوۋۇلا خېمىردۇر.

(روبائىي)

بۇ جاينىڭ بىناسى قۇرۇلغاندىن بېرى، كىشىلەر ھاجەتمەنلىك ۋە پېقىرلىقتىن ئازاد بولدى. ئۇنىڭ بىنالىرىدىن دەرۋىشلەرمۇ غەنىيلەرمۇ شاد بولدى. شۇڭا بۇ جاينىڭ نامى «نېمەتئاباد» بولدى.

بۇ چوڭ يول «نېمەتئاباد» تەرەپتىن كېلىپ، ئۇنىڭ كۆۋرۈك قىسمى ئىنجىل ئېرىقىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ، مەھدى ئۇليا،(1) بىلقىسى ئۇزما(2) كەۋھەرشاد ئاغا (تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى نۇرلاندۇرغاي) نىڭ مەدرىسىسى—بۇ مەدرىسىنىڭ كاشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ گۈل-نەقىشلىرىگە ئەقىل بىناكارى ھەيران، قۇياش شەكىللىك سايىۋەنلىرىنىڭ ئالتۇن بېزەكلىرىگە ئىدراك ئۇستىكارى سەرگەرداندۇر—تەرەپكە بارىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان چوڭ يولنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا «ئىخلاسىيە» مەدرىسىسىنىڭ ئۇدۇلىدا خانىقا بىنا قىلىندى. ئۇ ھەزرەتنىڭ بەخت-دۆلىتىنىڭ ئەبەدىيلىكى، سەلتەنەتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن، (بۇ ۋەخپىنامەنىڭ) ئەڭ ئاخىرىدا يېزىلگەن شەرتلەر بويىچە، بۇ يەردە پېقىرلار ۋە مىسكىنلەرگە تائام بەرگەي ۋە ھەر يىلى ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە كىيىم-كېچەك يەتكۈزۈپ بەرگەي. بۇ خانىقانىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىغا بىر گۈمبەز ياسالدى. بۇ مەھەللە ئۇ ھەزرەتنىڭ دۆلىتىدىن ئاۋات، كىشىلىرى خۇ-

① مەھدى ئۇليا — پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى.
② بىلقىسى ئۇزما — ئۇلۇغ بىلقىس، بۈيۈك بىلقىس، بۇمۇ چوڭ خانىشقا بېرىلىدىغان نام.

شال-خۇرام بولدى. جامائەت بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىلىقىدا بىرئاز يول مۇساپە بول-
غاچقا، ئۇلار قىشتا بەزىدە سوغۇق ۋە پاتقاق سەۋەبى بىلەن، يازدا بەزىدە چاڭ-
توزان ۋە ئىسسىق باھانىسى «بىلەن ئەي مۆمىنلەر، جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئە-
زان ئېيتىلسا، ئاللانى ياد ئېتىشكە تېز مېڭىڭلار، ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىنى قويۇپ
تۇرۇڭلار» ﴿۹﴾ دېگەن ئايەتنىڭ چاقىرىقى ۋە پەرمانىدىن غاپىل ھەم ئىزنىڭ ساۋابى-
دىن مەھرۇم ئىدى. شۇڭا ئۇ خانىقا بىلەن گۇمبەزدە جۈمە نامىزى ئوقۇشنى قارار
قىلدىم. بەلكىم ئۇ جامائەت مۇشۇ ئارقىلىق بىر خىل يېقىمسىز سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ
ساۋابتىن مەھرۇم ۋە بۇ سائادەتتىن نېسىۋىسىز قالمىغاي. بۇ جايغا خاتىپ، قارىي،
ئىمام ۋە بۇ ئىشلار كېرەكلىك بارلىق زۆرۈرىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«ئىخلاسىيە» مەدرىسىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇ خانىقانىڭ بىناسى ھەرخىل رى-
ياكارلىق ۋە غەشلىكتىن خالىي ئىدى. كۆڭۈلنى ئارتۇقچە ئىككىلىنىشتىن خالاس
قىلدى. شۇڭا بۇ خانىقاغا «خەلاسىيە» ئات قويدۇم. «ئىخلاس قىلمىغۇچە خەلاس
بولغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى سائادەتكە ئېرىشتى. پايتەخت ھىراتنىڭ
ئەتراپىدىكى بىر بۆلۈك غەللە-پاراق ئېكىنزارلىرى، دۇكانلار، باغ، يەر ۋە كارىزلار
ئۇ ھەزرەت زامانىنىڭ دۆلىتىدە پېقىرنىڭ مۈلكۈمگە ئايلانغانىدى. بۇلارنىڭ سودى-
سىدا شەرىئەت قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىنغانىدى. باھالىرىدىن بىر دىرەم
پۇلنىمۇ نېسىي قىلىنمىغانىدى. ھەتتا بۇ ئەھۋالدىن ئىسلام پېشۋالىرى، بەلكى پۈت-
كۈل خالايىق خەۋەردار ئىدى ۋە بۇ ھەقتە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، قايىل بولۇشاتتى.
پېقىر بىر مەزگىل بۇلاردىن مۇلۇك سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەمدى بۇلار-
نىڭ ھەممىسى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا يۇقىرىقى مەدرىسە بىلەن خانىقاغا ۋەقپە
قىلدىم. بۇ ئىككى ئورۇننىڭ ئىمارىتى، خادىملىرىنىڭ مائاشى ۋە كېتەرلىك بارلىق
راسخودلار مۇشۇ ۋەخپىدىن ھاسىل بولۇپ، شەرت قىلىنغان قائىدە بويىچە سەرپ
قىلىنغاي.

يەنە ئۇ ھەزرەتنىڭ پەلەك مەرتىۋىلىك دەرگاھىدا ۋە ساماۋى مەنزىلىلىك بار-
گاھىدا ئەرزىم شۇكى، تىرىكلىك بوستانىدىن ئادەتتىكى بىر نېلۇپەرنى كۆك ئاسمان
بىلەن ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ. ھايات گۈلىستانىدىن مەلۇم بىر سېرىق گۈل كۆچى-
تىنى شەرق قۇياشىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، غەرەز يېگىتلىك چىمىنىنىڭ
ئەزىز كۆچىتى، مەقسەت ياشلىق كۆچىتىنىڭ پاك گۈل دەستىسىدىن ئىبارەتتۇر. تەڭ-
رىگە تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىق بولسۇنكى، مېنىڭ ھاياتىم كۆچىتىنىڭ گۈللىرى ئۇ
ھەزرەت خىزمىتىنىڭ باھارىدا ئېچىلدى؛ يېگىتلىكىم دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىمۇ ئۇ
ھەزرەت مۇلازىمەتلىرىنىڭ ھاۋاسىدا تۆكۈلدى. ئۇ گۈللەردىن مۇراد خۇش پۇراقلىرى
ئۈمرۈم دىمىغىغا يەتتى؛ بۇ چېچەكلەردىن كۆپلىگەن مەقسەت شارابلىرى ھاياتىم ئار-
زۇلىرىدىن بەھرىمەن ئەتتى. دېمەك، ھاياتىم گۈلشىنىنىڭ باھارى كۈز پەسلىگە يەت-
تى. بۇ گۈلشەندە ئېچىلغان گۈللەر تۆكۈلۈشكە باشلىدى؛ كۆكلەملىرى تەبىئەت ھاۋا-
سىنىڭ سوغۇقلىرى تۈپەيلىدىن ئاقاردى. لالىسى ئوتتۇرا ياشلىقنىڭ سوغۇق ئاھلىرى

سەۋەبىدىن سارغايدى. ئورام ئورام-پاك سۇمبۇللاردىن رەڭ ۋە پۇراق كەتتى. تىك ئۆسكەن كۆچەتلىرى ئەجەل شىۋىرغانلىرى تۇپەيلىدىن يوقلۇق تۇپرىقىغا يىقىلىشقا يېقىنلاشتى. ئۇ ھەزرەتنىڭ ئەبەدىي دۆلىتى ۋە ئالىي ھىممىتى بىلەن كۆڭلۈمگە كەچمىگەن ئارزۇلارغا ئېرىشتىم؛ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن مەقسەتلەرگە ئىقتىدار تاپتىم. پەقەت كۆڭلۈم پەردىسىدە چېگىشلىرى يېشىلمىگەن ئىككى ئارزۇ رىشتىسىلا قېپقالدى؛ جېنىم گۈلشەنىدە تۈگۈنلىرى ئېچىلمىغان ئىككى مۇراد غۇنچىسىلا قالدى. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئىككى ئۈمىدىم مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغانمەن؛ مۇرادىم بۇكى، بۇ ئىككى مۇرادىم گۆھىرى بىلەن سەدەپكە ئېرىشكەيمەن؛ بۇ ئارزۇ چاتقىلىنىڭ تىكىنى كۆڭلۈمدە سۇنمىغاي، بۇ مۇراد گۆھىرىنىڭ يادىغۇرىنى تۇپراققا تامچە كەبى تامغۇزمىغايمەن.

بىرىنچى مۇرادىم شۇكى، كىشىگە ئەبەدىي دۆلەت ۋە دائىمىي سائادەت، ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ خۇش خەۋىرى ۋە نىجادلىق مەنزىلىنىڭ ئۈمىدى ئىسلامنىڭ بەش تۈۋرۈكلۈك ئىشىكىدىن كىرمىگۈچە ھاسىل بولمايدۇ؛ بۇ مۇبارەك بەش پەنجىسىگە قول سالمىغىچە ھېچ ئىش نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇ بەشىنىڭ بىرى: تەۋھىد (بىرلىك) سۆزى، ئۇنى جېنىم ئارىسىغا «ئېلىپ» تەك نەقىشلىدىم. ئىككىنچىسى: بەش ۋاق نامازدۇر. خۇداغا شۈكرى، ئۇنى زېھنىم ئارىسىدا «ھې» دەك مۇقىملاشتۇردۇم. ئۈچىنچىسى: رامىزان ئېيىدىكى ئوتتۇز كۈن روزىدۇر. تەڭرىگە تەشەككۇر، ئۇنى قەلبىمدە «لام» دەك يوشۇردۇم. تۆتىنچىسى: زاكاتتۇر. جېنىم دەسمايىسى تەڭرى ئۈچۈن زاكات بولسۇن. تەڭرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتكۈدەك مال يىغىش ھەۋىسىنى كۆڭلۈمگە سالمىدى. مىقدارغا يەتكۈدەك مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ بولغىچە ئۇ مال قولۇمدا قالمىدى. بەشىنچىسى: ھەجدۇر. بۇ ماڭا باھانىسىز ھالدا مۇيەسسەر بولمىدى. ئىسلام گويا كى بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئادەمدىمۇ بەش خىل سەزگۈ بولۇشى كېرەك. بۇ بەش خىل سەزگۈ كىمدە كەم بولسا، ئۇنىڭ ئادەملىكى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ بەش خىل سەزگۈدىن مەندە تۆتى بار. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىككى ئارزۇدىن بىرى مۇشۇ مۇبارەك ھەج سەپىرىدۇر. ئۈمىدىم شۇكى، ئىسلام ئادىمى بەش خىل سەزگۈدىن بىرىنىڭ كەملىكى بىلەن كەمتۈك بولۇپ قالمىغاي، مۇسۇلمانلىقىم پەنجىسى بىر بارماق يوقلۇقى سەۋەبىدىن مېيىپ پېتىچە قالمىغاي. ئۇ سائادەتلىك كارۋان ئاشۇ چۆل تەرەپكە — ئۇنىڭ بۈيۈك يولى ئېقىنىدا ئېزىتقۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ھاياتلىق بۇلىقىنىڭ تىنىق سۈيى، ئۇ سۈنىڭ ئەتراپىدا ھەر بىر تىكەنلىك ئۆسۈملۈك نىجادلىق گۈلشىنىنىڭ كۆچىتىدۇر — سەپەر قىلسا، گەرچە كارۋان بېشىلىق چېدىرىنىڭ سايىسىدا ئورۇن تاپالمىغان تەقدىردىمۇ، يەر يۈزىدە سايىدەك جىسمىم باغلىقىدىن ۋە ئۆزلۈكۈم تۇتقۇنىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇ كارۋانغا ئەگەششەم؛ ھاجىلار سەردارلىق مەھمىلى (1) قەسرىدە ھۆكۈمران بولالمىسامۇ، قوڭغۇراقتەك چاك بولغان كۆكسۈم ۋە ئىنز تىراپلىق كۆڭلۈمدىن نالە-پىغان چەككەن ھالدا ئۇ مەھمىل تۇپەيلىدىن مەقسەتكە يېتىشسەم.

(1) مەھمىل — تۆگە ۋە باشقا ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان، ئادەم ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىدىغان ئۈستى يېپىق كاجاۋا.

(نەزمە)

مېنى بۇ سەۋدايىلىق زار قىلدى، ھەۋەس ئىلكىدە بىقارار قىلدى.
بىر كىشىنى بۇنداق ئوي-پىكىر ئىلكىگە ئېلىۋالسا، ئۇنىڭغا چىدام-تاقەت ۋە مۇقىملىقنى ئېپىشقا قانداق مۇمكىن بولسۇن.
مەن تاكى ئۇ يەرگە قەدىمىم يېتىپ بارغۇچە، قەدىمىمنى توختاتمايمەن، شۇ ئارقىلىق بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكەيمەن.
ئەگەر بۇ يولدا ئۆمرۈم تالاپەتكە ئۇچرىسا، بۇ يولدا مەن ئۈچۈن بۇمۇ بىر شەرەپ.
ئەگەر بۇ مۇرادىمغا يېتەلىسەم، بۇ نېمىدېگەن پۈتمەس-تۈگىمەس دۆلەت، نېمىدېگەن يۈكسەك بەخت-ھە؟!

بۇ مۇقەددىمىلەردىن مەقسىتىم شۇكى، ئۇ پەلەك مەسەللىك سىدرىنىڭ (1) ئەتراپىدا سۇھا (2) دەك ۋە بۇ قۇياش كەبى گۈمبەزنى تاۋاب قىلىشتا زەررىچىلەردەك ئۆرۈلۈش بىلەن پىراق زەنجىرى ۋە ئىشتىياق تىزمىسىنىڭ ھالقىسى بولغان قەدىمىمنى تۈزىتىپ، ئۇ مەقسەتلەر ئىشىكىنىڭ ھالقىسىغا قوللىرىمنى قۇللاپ قىلىپ، ئۇ ھەزرەتنىڭ سائادەت قىبلىسى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلەر كەبىسىدەك دەرگاھىنىڭ دائىم مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغايمەن.

يەنە بىر مۇرادىم شۇكى، ئۇ ھەزرەتنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتلىرى، ھەددى-ھېسابسىز شەپقەتلىرىگە جاۋابەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە دەپتەردە خاتىرىلەنگەن خىزمەتلەر ئىچىدە مەن كەمىنە شىكەستىگە ۋە ئاجىز دىل خەستىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئۆمرۈم جەۋھىرى ۋە ھاياتىمنىڭ قىيامىنى ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۆزىنى مەدھىيىلەش ۋە سۈپەتلىرىنى تەرىپلەشكە سەرپ قىلىسام ئىدى؛ بۇ ساھەدە جۇشقۇن قەسىدىلەر، رەڭدار غەزەللەر، يېقىملىق مەسنەۋىلەر، سەنئەتكارانە ئۇسلۇبتا يېزىلغان نەسىرلەر، بەلكى ھەرخىل نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرىمدىن كىتابلارنى تۈزسەم ۋە توملارنى رەتكە سالسام ئىدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئېتى مۇشۇ ئارقىلىق ھايات سەھىپىسىدە كۆپ يىللار يادلىنىپ، شەرەپلىك شەخسىيىتى مۇشۇ ۋاسىتە بىلەن كۆپ قەرنىلەر (3) زامان ئەھلىنىڭ تىلىدا سۆزلىنىپ تۇرسا ئىدى.

مۇشۇ يوپەيلى ئۇ ھەزرەتنىڭ غايەت زور ئىلتىپات بۇلۇتىدىن ئەھمىيەت يامغۇرلىرى كەمىنە خاكسار ھاياتىغا يېغىپ، ئەھمىيەت بوستانىدىن ئىلتىپات شاماللىرى مەن بىچارىنىڭ ھالىغا يېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

لېكىن ئەلنىڭ تەرەددۇتلىرى ۋە خەلقنىڭ بېرىش-كېلىشلىرى، تۆۋەندىكىلەرنىڭ يالۋۇرۇپ يېلىنىشلىرى، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىشلىرى، ئوردىدىكى خاس كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمەتلىرى، كۆپچىلىك ئاممىنىڭ غەلۋە-غۇۋغالىرى،

(1) سىدرە — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە يەتتىنچى ئاسماندىكى بىر زور دەرەخنىڭ نامى.
(2) سۇھا — ھۆكەر يۇلتۇزلىرى تۈركۈمىدىكى ئەڭ خىرە يۇلتۇز.
(3) قەرن — ۋاقىت ئۆلچىمى، ئەسىر (يۈز يىل بىر قەرن ھېسابلىنىدۇ).

www.uyghurkitap.com

زالىملارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى، زۇلۇم تارتقۇچىلارنىڭ سۆرەن ـ چۇقانلىرى، پۇقرالارنىڭ يۇپـيۇرۇلۇشلىرى، لەشكىرىي خادىملارنىڭ جازالاشلىرى، تەمەگەرلەرنىڭ قاملاشمىغان مۇلايىملىقلىرى، تەلەپكارلارنىڭ ئورۇنسىز مۇلازىملىقلىرى، نادانلارنىڭ زۇلۇمدىن تەملىك بولغانلارنىڭ ھازىدارلىقى، باج ـ سېلىق سالغۇچىلارنىڭ قەلبىدىن كۆڭلىرى قارا بولغانلارنىڭ بىقارارلىقى، ۋەزىپە ـ ئالۋان ئازابىغا قالغانلارنىڭ يولۇم بېشىدا ساقلاپ تۇرۇشلىرى، پەرزەنتلىرىنى گۆرۈگە قويغانلارنىڭ ئېتىكىمگە ئېسىلىشلىرى، موھتاجلىقتا قالغان تالىپلارنىڭ ھال ـ ئەھۋال ئېيتىشى ۋە خەت يېزىشلىرى، بەختسىز شائىرلارنىڭ قەسىدە ۋە قىتئەلىرى، ۋىلايەتتىن كەلگەن بىچارىلەر ئەھۋالىنىڭ تەپتىشى، ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇزاتماقنىڭ تەشۋىشى، چېگرا بەگلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر تەكلىپلىرىنىڭ رەخمىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قايتۇرۇشنىڭ مېھنىتى، باشقا مەملىكەتلەردىن ھېرىسمەنلىك ۋە ئارزۇ ھەميانلىرىنى تىكىپ، ئۆزلىرىنى تەمە بىلەن خار قىلىپ كەلگەن ئەرزىلەرنىڭ دەۋاسى ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك ـ تۈمەن مۇددىئالىرى بىلەن ئىززىتىنى قىلىپ، ئارتۇقچە تەلەپلىرى بىلەن بىللە ۋەتەنلىرىگە قايتۇرماقنىڭ بالا ـ زاسى؛ ئازاد كىشىلەرنىڭ مەرۋايىتزارغا كىرىش تەمەسى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشلىرى، كارلارنىڭ ئازاد بولۇش ئۈمىدى بىلەن كۆز تىكىشلىرى، چۈشىدە كۆرگەن ماشايىخ رنىڭ مەلۇماتلىرىنى يەتكۈزگەنلەرنىڭ مۇبالىغىلىرى، يىراق يەردىن ئۆتكەن ئەۋلىيالار سالىمىنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ تەكلىكلىرى، توققۇز تال ھەشىمەتلىك چىش كولىغۇچنى بەرگۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تەمە چىشلىرىنى ئورنىتىشلىرى، تەسۋىيلىرىلايىغا مىلەنگەن ھالدا ھايات كەچۈرگۈچىلەرنىڭ تەلەپ رىشتىلىرىنى سوزۇشلىرى، ساغلام جىسمىنى كېسەل قىلىپ كۆرسىتىپ، شەرۋەت پۇلى تىلىگۈچىلەرنىڭ نېسۋە كۆزلەشلىرى، تىرىك كىشىسىنى ئۆلۈكتەك ياتقۇزۇپ قويۇپ، كېپەن ھەققى تىلەپ نالە ـ زار قىلغانلارنىڭ ھىيلىگەرلىكلىرى، غېرىب تالىپنىڭ ۋەقپدارلار ئادالەتسىزلىكى توپەيلىدىن خەت بېرىشىنى سوراپ كېلىشلىرى، بۇزۇق ئەمەلدارلارنىڭ دەستىدىن ئاجىز پۇقرالارنىڭ پانالىق ئىستەشلىرى، ئولتۇرۇشلاردا ھەمسۆھبەتلىكىمنى ئۆزۈڭغا سوزغۇچىلارنىڭ ئېغىر ـ ئەزمىلىكلىرى، سەيلە ـ ساياھەتلەردە بىللە بولۇشۇمغا قىزىقىپ تاپتىن چىققانلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكلىرى، «مەدىنىدىن كەلدۇك» دەپ، ئىستىقامەت يۈكلىرىنى ئۆيۈمگە چۈشۈرگەنلەرنىڭ زىياپىتى، «مەككىگە بارىمىز» دەپ، ئۈمىد ئاتلىرىنى ئىشىكىمگە ھەيدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇددىئالىرىدىن قىسمەن كەم ئورۇندىلىپ قالسا، نارازى بولۇپ، قىيداپ قىلىشلىرىنىڭ ھەيرانلىقى، مۇددىئالىرى تولۇق ئورۇندالغانلارنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىپ، يەنە كېلىشلىرىنىڭ پىكىر ـ خىيالى ۋە باشقا نۇرغۇن مۇشەققەتلە باركى، ئېيتىلسا، سۆز رىشتىسى ئۇزىراپ كېتىدۇ، كىشىگە يېقىمسىزلىق ۋە مالاللىق كەلتۈرىدۇ. كەمىنە ناتىۋان بۇ خىل ھالەتلەر توپەيلىدىن، تاڭ شامالىرىنىڭ كۈمۈش سۈپۈرگىسى بىلەن بۇ زەڭگەر رەڭلىك گۈمبەز (ئاسمان) ئەتراپىدىكى تۈن كۆيۈندىلىرىدىن پەيدا بولغان قارا ئىسلارنى سۈپۈرۈپ، تەقدىر نەققاشلىرى ئۇ زەڭگەر يۈز-

نى زەرگەرلىك بىلەن بېزەپ، قۇياش جەمشىدى ئۇ گۈمبەزدە ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بەزمە تۈزگەن چاغدىن كېچە كەشمىرىنىڭ قارا تۇلپارلىرىنىڭ ئەنبەر كەبى چاچلىرىنى، تۈن شامالىرى چۇۋۇپ، ئۇنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن تۈن زەڭگىسىنىڭ مېڭىسى بىسەرەمجان بولۇپ، پەلەك ئوتخانىسىنىڭ كۈلىنى ساراڭلاردەك ئاسمانغا سورۇغىنىدا، تەقدىرنىڭ ھۆكمى ئۇنى سامان يولى زەنجىرىگە باغلايدىغان مەزگىلگىچە كەمىنە شىكەستىنىڭ كۆڭلىرىمنىڭ قارىلىقى ۋە بىسەرەمجانلىقىم كەشمىر سېھىري كۈزلۈكلىرىنىڭ كېچە شامالىرى چۇۋۇغان چاچلىرىدىنمۇ زىيادىرەك، ئىزتىراپلىقىم ۋە بىچارىلىكىم پەرى سۈپەت گۈدەكلەر شوخلۇقلىرى تۈپەيلىدىن سەۋدايىلىق زەنجىرىگە باغلىنىپ، گۈلخان ئوتىغا يېقىلغان ساراڭلاردىنمۇ ئارتۇقراقتۇر.

شۇنداق بىر مەجرۇھمەنكى، يالىڭاچ جىسمىدىغا زەھەرلىك نەشتىرى بار چىۋىن ھۇجۇم قىلسىمۇ، ئۇنى قوغلاشقا قولۇمنى مىدىرلىتالمايمەن. ئەگەر بۇ ئاجايىپ ئەھۋالىمدىن ئازراقلا ئىزھار قىلسام، ئۇ ھەزرەتنىڭ نازۇك مىجەزىگە غەم ۋە مۇبارەك كۆڭلىگە ئەلەم كەلتۈرىدۇ.

(بېيىت)

ئەگەر ئاسمانىنى ۋاراق، تۈننىڭ قارىسىنى سىياھ قىلغان تەقدىردىمۇ، غېمىم سۇبھىسىنىڭ، ياق، بەلكى كېچىسىنىڭ شەرھىيسىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

كىشى بۇنداق غەمكىنلىك بىلەن قانداقمۇ شادلىق بەخش ئەتكۈچى سۆزلەرنى قۇراشتۇرالىسۇن، بۇنداق بىسەرەمجانلىق بىلەن مەنە گۆھەرلىرىنى قانداقمۇ يىغالىسۇن؟!

ئەمما، شۇنداق ئۈمىدىمۇ باركى، ئۇ ھەزرەتنىڭ دۆلىتىدىن شۇنداق پاراغەت يار بەرگەي، ئۆتكەن ئۆمرۈمنىڭ قالغان قىسمىنى ۋە كەتكەن ۋاقتىمنىڭ داۋامىنى بىر ئىشقا سەرپ قىلغايمەن. شۇنىڭ بىلەن خەلق جاھان ئاخىرىغىچە ئۇ ھەزرەتنىڭ خەيرلىك شارابىدىن خۇشال بولغاي، يەنە بىر جاھان باشلانغىچە خالايىق ئېغىزلىرى ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنىڭ ئابىھاياتىدىن لىق تولغاي، بۈيۈك تەڭرى خالىسا.

سۆز ئۇزاردى، مەقسەتلەر تاشلىنىپ قالدى، ئەڭ ياخشىسى دۇئا تەرىپىگە قايتاي، «ۋەقفنامە»نى تولۇق يېزىشقا تۇتۇش قىلاي.

(رۇبائىي)

ئەگەر بۇ دۇنيا ۋە پەلەك ھەرىكەتلىنىپ تۇرسىلا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە بۇ ئادىل پادىشاھ ھۆكۈم سۈرسۇن. ئۇنىڭدىن ماڭا بۇ مۇراد ھاسىل بولسۇن. مەندىن ئۇنىڭغا بەندىچىلىك يەتسۇن.

ئامىن، ئەي ئالەمنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى، بۇ تىلەكىمگە يەتكۈزگەيسەن. مۇقەددىسلەر تۈگىدى.

ئەمدى **مال-مۈلۈكلەرگە** كېلەيلى: شەھەر تەۋەسىدىكى ۋەقپە قىلىنغان مۈلۈكلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى پارسچە «ۋەقفنامە»لەردە تەكرار بايان قىلىنغان ۋە قازىخانا دەپتىرىگە ئېلىنىپ، ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن. باشقا خالايىقلاردىن پادىشاھتىن گادايغىچە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۆھۈر ۋە گۇۋاھلىقلىرى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. شۇنداقلا پۈتكۈل خالايىق تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ زىكرى ۋە شەرھلىرى بار. زۆرۈر تېپىلغاندا شۇنىڭدىن كۆرۈپ چۈشىنىلسۇن. بۇ يەردە بېرىدىغان مەلۇماتىمىز ئىخچام ھالەتتە بولىدۇ.

ئۇ مال-مۈلۈكلەردىن بىرى شۇكى، شەھەردە، بەلكى بازار ئىچىدە، بازارنىڭ شەرق تەرەپ چېگرىسىدا مەشھۇر دوپپا-تۇماقچىلار تىمى 〈1〉 بار. ئۇ ئىمارەت ئىككى قاتار بولۇپ، بازار تەرىپىدە ئىككى دەرۋازىخانىسى بار. ھەربىر دەرۋازىخانىنىڭ بىردىن دەرۋازا، بىردىن ئايۋىنى بار. جەنۇب تەرىپىدە ئاشۇ تىمغا تۇتاش ھالدا بىر-بىرىگە يانمۇ-يان قىلىپ سېلىنغان بەش دۇكان بار. بۇ تىمنىڭ شەرق تەرىپىدە خۇمنابىغا مەشھۇر بىر دۇكان بار. بازارنىڭ غەرب تەرىپىدە كىگىز سېتىلىدىغان بىر دۇكان بالىخانىسى بىلەن بىللە، يەنە جۇۋا سېتىلىدىغان بىر دۇكانمۇ بالىخانىسى بىلەن بىللە بىنا قىلىنغان. ئىراق دەرۋازىسى سىرتىدا، ئەلەيكەبەگ ھاممامىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر تىمچە ۋە تۆت دۇكان بىر-بىرىگە تۇتاش ھالدا سېلىنغان. يەنە بىر تىمچىنىڭ ئورنى مەلىك دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئىككى قاتار ئىمارەت ۋە سەككىز دۇكان بۇ تىمچىگە تۇتاش. يەنە بىر تىمچە ۋە ئىككى دۇكان باغىنزاغان كوچىسىغا جايلاشقان.

تۆۋەندىكى مال-مۈلۈكلەر شەھەر تەۋەسىدەدۇر:

ئالىخان ۋىلايىتى پەرراشان مەھەللىسىدە كۆلىمى يىگىرمە بەش جەرىب كېلىدىغان بىر باغ يىگىرمە ئۈچ جەرىب كۆلەمنى ئىگىلىگەن يەنە بىر باغ بىلەن ئون سەككىز جەرىب يەر بىر-بىرىگە تۇتاش. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى يېرىم جەرىب ئۈزۈمزار باغ ئاسىيايى بادغا مەشھۇر. يەنە بىر پارچە يەر تۆت يۈز جەرىبدىن ئارتۇقراق، ئىنجىل ۋىلايىتىنىڭ بادى مۇرغان مەھەللىسىدە تۆت جەرىب يەر، سىياۋۇشاندىكى خوجا شىھاب مەھەللىسىدە بىرقانچە پارچە باغ ۋە يۈز جەرىب يەر؛ سەبغۇر ۋىلايىتىدىكى سەبەدى رەۋان كەنتىدە بىر-بىرىگە تۇتاش ھالدا ئىككى پارچە ئۈزۈمزار باغ ئون ئىككى جەرىب، يەنە بىر باغ تۆت جەرىب، يەنە مەزكۇر مەھەللىدە يىگىرمە ئالتە جەرىب ئۈزۈمزار باغ ۋە تۆت جەرىب يەر؛ يەنە بىر پارچە يەر ئون سەككىز جەرىب، يەنە ئون ئىككى جەرىب باغ؛ يەنە بىر پارچە باغ ئون تۆت جەرىب، بۇ باغقا تۇتاش ھالدا يەنە بىر باغ ئون ئۈچ جەرىب، يەنە بىر پارچە تەكزار (تال-

〈1〉 تىم، تىمچە — ئەتراپىغا سودا دۇكانلىرى قۇرۇلغان ئۈستى يېپىق رەستە.

لىق باغ) تۆت جەرىب، يەنە بىر پارچە باغ بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن يەرلەر يەتمىش تۆت جەرىب بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوتتۇز جەرىبى ئۈزۈم تالزارى، قالغان قىسمى تېرىم يەردۇر. يەنە بىر پارچە يەر ۋە تەكلىك بىر-بىرىگە تۇتاش هالدا بەش يېرىم جەرىب، يەنە بىر باغ بىر جەرىب ئىككى داڭ(1). يەنە بىر باغ تۆت جەرىب، يەنە بىر پارچە يەر بىر جەرىب تۆت داڭ. يەنە بىر پارچە باغ سەككىز جەرىب، يەنە بىر پارچە يەر ئۈچ جەرىب، يەنە بىر-بىرىگە تۇتاش هالەتتىكى نەچچە پارچە يەر تەخمىنەن ئون ئىككى جەرىب؛ يەنە بىر پارچە يەر تۆت جەرىب، يەنە بىر پارچە يەرمۇ تۆت جەرىب؛ يەنە بىر پارچە يەر بەش جەرىب، يەنە بىر پارچە باغ ئىككى يېرىم جەرىب؛ يەنە ئىككى پارچە باغ ۋە يەر بىر-بىرىگە تۇتاش هالدا سەككىز جەرىب؛ يەنە بىر پارچە باغ تۆت جەرىب؛ يەنە بىر-بىرىگە تۇتاش هالەتتىكى نەچچە پارچە يەر ئون تۆت جەرىب، يەنە بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان (يەر) توققۇز جەرىب، يەنە بىر پارچە يەر يېرىم جەرىب.

بادغىس ۋىلايىتىدە تۇداجى كارىزى پۈتۈنلەي ۋە كەم-كۈتىسىز هالدا، گۇم. بۇراق ۋىلايىتىدىكى پەدەگەچ كارىزى تولۇق هالدا، هىراترۇد ۋىلايىتىدىكى هەممە كەنتلەر، جىمى باغلار، دەرەخلەر، ساراي، باغچە ۋە باشقا يەر-زېمىنلىرى بىلەن.

يۇقىرىقى مۈلۈكلەرنىڭ هەممىسى — ئۇلارنىڭ پاسىل-چېگرىلىرى «ۋەقپىيە»لەردە زىكىر قىلىنغان، يەنە يۇقىرىقى ۋاراقلاردا قىسقىچە يېزىلدى — شەرئىيەتكە توغرىلاپ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئورۇن («ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ۋە «خەلاسىدىيە» خانىقاسى)غا ۋەقپە قىلىندى.

## ۋەزىپە ئىگىلىرى

بۇ مەدرىسىگە ئىككى نەپەر تەقۋادار ئالىم مۇدەررىس بولسۇن، هەر بىرىگە يىللىق مائاش بىر مىڭ ئىككى يۈز ئالتۇن(2)، يىگىرمە تۆت يۈك(3) ئاشلىق — ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرى ئارپا، ئۈچتىن ئىككى قىسمى بۇغداي — بولسۇن. هەر بىر دەرس سورۇنىدا ئون بىردىن، جەمئىي يىگىرمە ئىككى تالىپ بولسۇن. ئۇلارنىڭ ئەلالىرىدىن ئالتىسى تاللىنىپ، هەر بىرىگە ئايدا يىگىرمە تۆت ئالتۇن، يىلدا بەش يۈك بۇغداي؛ ئوتتۇراهال ئوقۇغۇچىلاردىن سەككىزى تاللىنىپ، هەر بىرىگە ئايدا

(1) داڭ — هەرقانداق نەرسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى؛ ئىككى داڭ — بىر نەرسىنىڭ ئالتىدىن ئىككى قىسمى؛ تۆت داڭ — ئالتىدىن تۆت قىسمى.

(2) ئالتۇن — ئالتۇن؛ ئالتۇن تەڭگە، ئاقچا، پۇل بىرلىكى.

(3) يۈك — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر ئۇلاغ كۆتۈرەلەيدىغان ئېغىرلىقتىكى يۈك.

www.uyghurkitap.com

ئون ئالته ئالتۇن، يىلدا تۆت يۈك بۇغداي؛ ئوقۇش نەتىجىسى تۆۋەن بولغانلاردىن سەككىزى تاللىنىپ، ھەر بىرىگە ئايدا ئون ئىككى ئالتۇن، يىلدا ئۈچ يۈك ئاشلىق مائاش بېرىلسۇن.

ئالته خۇش ئاۋاز ھاپىز (1) بولسۇن، ئۇلارنىڭ سەردارىنىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز ئالتۇن، بۆلۈپ بېرىلىدىغان ئاشلىق ئون بەش يۈك؛ قالغانلىرىنىڭ مائاشى ھەر بىرىنىڭ يىلدا يۈز سەكسەن ئالتۇن، تۆت يۈك بۇغداي بولسۇن. شەيختا يىللىق مائاش مىڭ ئالتۇن، تېگىشلىك ئاشلىق ئون يۈك بولسۇن. ۋائىزغا يىللىق مائاش بەش يۈز ئالتۇن، تېگىشلىك ئاشلىق ئون يۈك بولسۇن. ئىمامغا — ئىمام جەمە مەسچىتىدە خاتىپلىقمۇ قىلىپ، مەكتەپنىمۇ تۇتسۇن — يىللىق مائاش بەش يۈز ئالتۇن، بۇغداي ئون ئىككى يۈك بولسۇن. قارىيغا يىللىق مائاش ئىككى يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك بولسۇن. خانىقا ئاشپىزىنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز سەكسەن ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك بولسۇن. تاۋاقچىغا (2) يىللىق مائاش ئىككى يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈك بولسۇن. بىر تازىلىقچى ۋە ئىككى خىزمەتچىدىن ھەر بىرىگە يىللىق مائاش ئىككى يۈز ئالتۇندىن جەمئىي ئالته يۈز ئالتۇن، بۇغداي بەش يۈكتىن، جەمئىي ئون بەش يۈك بولسۇن. مۆتىۋەللى (3) ۋىلايەت زىرائەتلىرىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى ئۈچۈن ئىككى يارامىلىق نۆكەرنى يالىلىسۇن. بۇنىڭغا يىلدا ئۈچ مىڭ ئالتۇن، ئوتتۇز يۈك ئاشلىق ئاجرىتىپ، بۇ مەبلەغنىڭ ئالتىدىن تۆت قىسمىنى ئۆزى ئالسۇن، ئالتىدىن ئىككى قىسمىنى يۇقىرىقى ئىككى نۆكەرگە بەرسۇن. تەكشۈرگۈچىگە يىللىق مائاش بەش يۈز ئالتۇن، بەش يۈك ئاشلىق بولسۇن. ۋەقپە كىرىملىرىنى يىغقۇچىغا يىللىق مائاش بەش يۈز ئالتۇن، بەش يۈك ئاشلىق بولسۇن.

## نەپەقە - ياردەملەر

روزا ئېيىدا ھەر كېچىسى ئون بەش پاتمان (4) گۆش، بەش پاتمان بۇغداي، ئوتتۇز تاۋاق ساپ ئۈزۈم شىرىنىسى ياكى قۇرۇق ئۈزۈم شەربىتى ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەر تارقىتىلغاي. روزا ھېيتتا يۈز پاتمان نان، ئەللىك پاتمان ھالۋا تارقىتىلغاي. قۇربان ھېيتتا بىرىنچى كۈنى بىر كالا بەش قوي قۇربانلىق قىلىنىپ،

(1) ھاپىز — «قۇرئان»نى يادقا ئېلىپ ئوقۇيدىغان كىشىلەر.

(2) تاۋاقچى — ئاش توشۇغۇچى.

(3) مۆتىۋەللى — مەدرىسە، مەسچىت ۋەقپىلىرىنى (يەر - مۈلۈكلىرىنى) ۋە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

(4) پاتمان (باتمان) — ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. بۇ بىرلىك ھەر خىل جايلاردا ھەر خىل ئۆلچەمدە ئىشلىتىلگەن. «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» 1977 - يىل، ئەنقەرە نەشرى، 25 - توم، 395 - بەتتە «بىر باتمان 7697 گىرام (تەخمىنەن 7.7 كىلوگىرام)غا تەڭ» دېيىلگەن.

مەدرىسە ۋە خانىقالارنىڭ ئاجىز مىسكىنلىرى ۋە باشقا تۇراقلىق كىشىلىرىگە تارقىتىلـ
غاي. ئىككىنچى كۈنى يىگىرمە پاتمان گۆش بىلەن يىگىرمە پاتمان بۇغداينى ھەلىم‹1›
قىلىپ، ئەللىك پاتمان نان ۋە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن بىللە تارقىتىلغاي. ئاشۇر‹2›
كۈنى قىرىق پاتمان گۆشنى باشقا كېرەكلىك ئەشيالار بىلەن بىللە ئاش پىشۇرۇپ،
ئەللىك پاتمان نان بىلەن بىللە تارقىتىلغاي. رەببىيەل - ئەۋۋەل‹3› ئېيىنىڭ ئون
ئىككىنچى كۈنىدە — بۇ كۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەتمى كۈنىدۇر —
بەش قوي ۋە باشقا كېرەكلىك ئەشيالار بىلەن ئاش پىشۇرۇپ، ئەللىك پاتمان نان،
يىگىرمە پاتمان ھالۋا بىلەن تارقىتىلغاي، رەجەب‹4› ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىستىـ
پتاھ‹5› كۈنى يىگىرمە پاتمان ھالۋا، ئەللىك پاتمان نان تارقىتىلغاي. شەئبان‹6›
ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا — بارات ‹7› كۈنى بولغاندا — ئوتتۇز پاتمان پوشكال، يىگىرمە
پاتمان ھالۋا تارقىتىلغاي. قىشنىڭ تۆت ئېيىدا — قەۋس، جەدى، دەلۋ، ھۇت ‹8›
ئايلىرىدا — ھەر كۈنى يۈز نان، تەخمىنەن يىگىرمە پاتمان بولسۇن، ھەلىم ئۈچۈن
يىگىرمە پاتمان بۇغداي، ئۈچ تەڭگىلىك گۆش تەييار قىلىنغاي — ئەگەر گۆش بولمىـ
سا — بۇلار بىلەن گۆجە ئاش پىشۇرۇپ، پېقىرلارغا بېرىلگەي. يەنە قالغان سەككىز
ئايدىمۇ ھەر كۈنى پېقىرلارغا يىگىرمە پاتمان نان بېرىلگەي.

## شەرتلەر

بىرىنچى شەرت شۇكى، مۇتەۋەللى ھەر يىلى يۈز جۇۋا، يۈز قۇر چەكمەن تون،
يۈز بۆك، يۈز كەش، يۈز كۆڭلەك، يۈز ئىشتان سېتىۋالغاي. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنى
مۇۋاپىق پەسىلدە ئىككى مەدرىسىدىكىلەرگە ۋە مۇناسىپ كىشىلەرگە ھەربىر ئادەمنىڭ
لاياقىتىگە قاراپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەي. خانىقا، گۈمبەز، مەدرىسە، مەسچىت ۋە ھاپىزـ
لار مەنزىلگاھىنىڭ پايانىدازى ئۈچۈن كىگىز، بورا ئېلىش ئۈچۈن ۋە يورۇقلۇق
ئۈچۈن ھەر يىلى تۆت يۈز ئالتۇن خىراجەت قىلغاي. قاچانكى خانىقا ۋە ئاشخانا

‹1› ھەلىم — گۆش ۋە ئاقلانغان بۇغداينى ئۇزاق قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق، گۆجە.

‹2› ئاشۇر — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا بىرىنچى ئاي بولغان مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى «ئاشۇر كۈنى» دېيىلىدۇ.

‹3› رەببىيەل - ئەۋۋەل — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا ئۈچىنچى ئاي.

‹4› رەجەب — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا يەتتىنچى ئاي.

‹5› ئىستىپتاھ كۈنى — باشلاش كۈنى.

‹6› شەئبان — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا سەككىزىنچى ئاي.

‹7› بارات — شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسى، بۇ كۈن ئىسلامىيەتتە بايرام ھېسابلىنىدۇ.

‹8› قەۋس، جەدى، دەلۋ، ھۇت — شەمسىيە يىل ھېسابىدىكى 9-، 10-، 11-، 12- ئايلار.

ئۇچۇن داستىخان، قازان، ئاياق، پىيا، تاۋاق، قوشۇق ۋە باشقا نەرسىلەر كېرەك بولسا، تەييارلاپ بەرگەي. خىزمەتچىلەر ۋە تازىلىقچىلار مەدرىسە مەسچىتى ۋە دالىنىدا، ھاپىزلار مەنزىلگاھىدا، خانىقانىڭ گۈمبىزىدە ۋە پەنجىرىلىرىدە شام ياندۇرغاي.

يەنە بىر شەرت شۇكى، مەدرىسىدە تۇرغۇچىلار مەدرىسىدە قونغاي. ئەگەر باشقا جايدا قونۇپ، دەرس ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنلەر بولسا، ئۇلار بەلگىلەنگەن مائاشنىڭ يېرىمىنى ئالغاي. بۇ مەدرىسە ۋە خانىقانىڭ مۇددەرىسىدىن يا تالىپىدىن ياكى شەيخ، مۆتىۋەللى، ھاپىز ۋە باشقا خادىملىرىدىن نالايىق ئىش سادىر بولسا، شەرىئەت جەھەتتە ئىككى قېتىم جازاغا تارتىلىشقا ياكى ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بولسا، ئۇلارغا تەكشۈرۈپ تەربىيە بېرىلسۇن؛ ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئورنىغا قايتا ئادەم تولۇقلانسۇن.

يەنە بىر شەرت شۇكى، قار تازىلاش ۋاقتىدا قارىي، خىزمەتچى، تازىلىقچى ۋە ئاۋاقچىلار ھەممىسى بىر-بىرىگە ھەمكارلاشقاي. ئېرىقلارنى تازىلاش ۋاقتىدا، لاي ۋە ۋەمنى ئېرىق ياقىسىغا يىغىدۇ. مۆتىۋەللى ئادەم ياللاپ، مەدرىسە بىلەن خانىقانىڭ ئارىلىقىدىكى لاي-لاتقىلارنى تازىلاتسۇن. بۇ مەدرىسە بىلەن خانىقانىڭ ئارىلىقىغا تاش ياتقۇزۇلغان، ئەگەر ئۇلاردىن بۇزۇلغانلىرى كۆرۈلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ بېرىش-كېلىشىدە قىيىنچىلىق بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يىلمۇ يىل ياساتقۇزۇپ تۇرسۇن.

يەنە بىر شەرت شۇكى، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ «ۋەقفنامە» چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۆتىۋەللى ئۇنى ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم كۆپەيتىپ ۋە يېڭىلاپ، ئۇنى يەنە ئەسلىسىگە سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، قازىخانا تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋەسىقە-ھۆججەتلەر بىلەن زىننەتلىگەي.

يەنە بىر شەرت شۇكى، ھېچ زاماندا رەئىسلەر ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ياكى مۆتىۋەللىلەر بۇ ئىشقا ئارىلىشالمىغاي. ھەر دائىم ۋەقپە شەرتلىرىگە مۇۋاپىق ئىش تۇتقاي. بۇ ئىشنى بېجىرگۈچىلەردىن كىرىم-چىقىم نۇسخىلىرىنى تەلەپ قىلمىغاي ۋە ھېچقانداق نەرسە ئالمىغاي. چۈنكى بۇ ئۇلارغا ھالال ۋە دۇرۇس ئەمەس.

كەمىنە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان يەر-مۈلۈكلەرنىڭ ۋەقپە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇلارغا مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن، ئۆز قەبىلەمدىن بىر كىشىنى مۆتىۋەللى قىلىپ بەلگىلەپ قويدۇم. شۇنداقلا ئۇلۇغ قازىلار شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ۋەقپە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ يەر-مۈلۈكلەرنى ئۆز ھۆججەت-ۋەسىقىلىرى بىلەن زىننەتلەپ، ئۆز پەرمان-يارلىقلىرى بىلەن ئىمزالاپ، يۇقىرىقى ئورۇنغا («ئىخلاسىيە» مەدرىسىسى ۋە «خەلاسىيە» خانىقاسىغا) تەلتۆكۈس ۋە مەڭگۈلۈك ۋەقپە بولغانلىقىنى قارار ۋە ئايان قىلدى، «ئۇنى بۇزما، بەلكى ئەزىزلە».

(رۇبائىي)

ئەي تەڭرىم، ئالەم ئىشلىرىغا مېنى سەۋرسىز قىلىپ، يوقسۇللۇق مۇشەققەتلىرىنى تارتىشقا چىداملىق قىلغايسەن. سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بۇ ئىشىمنى رىزالىق بىلەن قوبۇل قىلغايسەن.

(رۇبائىي)

يۈزلەرچە شۈكرى، ئىمارەتلەر مۇكەممەل بولدى. ئۇنىڭ ۋەقپە - پاسىللىرى مۇپەسسەل بولدى. تارىخىنىڭ سەككىز يۈز سەكسەن ئالتىنچى يىلى ‹1› بۇ «ۋەقفنامە» ئۈچۈن مۆھۈر - خەت قىلىندى.

(رۇبائىي)

كۆپ مۇشەققەتلەرنى چېكىش ئارقىلىق بۇ «ۋەقفنامە» شەرتلەر خېتى بىلەن زىننەتلەندى. بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلغۇچىلارغا رەھمەت بولسۇن، ئۇنى ئۆزگەرتكۈچىلەرگە لەنەت بولسۇن.

(رۇبائىي)

كىمكى بۇ قائىدىنى تۈزسە بار بولسۇن، تەڭرى بارلىق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا يار بولسۇن. كىمكى ئۇنى بۇزسا، بۇزۇقلۇققا دۇچار بولسۇن، تەڭرىنىڭ لەنىتى ۋە غەزىپىگە گىرىپتار بولسۇن.

* *

(بېيت)

بۇنىڭ (كۆچۈرۈلگەن) تارىخى بىر مىڭ ئىككى يۈز بەشىنچى يىلدۇر ‹2›. كىشى بۇنىڭ تارىخىنى بىلىشتە جاپا تارتىپ قالمىغاي.

‹1› ميلادى 1481 — 1482 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

‹2› ميلادى 1790 — 1791 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئىزاھلار

①② «يېڭى تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1985 - يىل، ئىستامبول نەشرى، بىرىنچى توم، 89 - بەت.

③ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى، 55 - بەت، بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن 36 پارچە ئەسەرنى ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئېيتقان.

④ «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى، 319 -، 320 - بەتلەر.

⑤ «ئەلىشىر نەۋائى زامانداشلىرى خاتىرىسىدە»، تاشكەنت، غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 65 - بەتتىن 79 - بەتكىچە.

⑥ «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى، 320 - بەت.

⑦ «ئەلىشىر نەۋائى زاماندا شلىرى خاتىرىسىدە»، تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 89 - بەتتىن 91 - بەتكىچە.

⑧ «ئەلشىر نەۋائى زاماندا شلىرى خاتىرىسىدە» يۇقىرىقى نەشرى، 18 - بەت.

⑨ «بابۇرنامە» يۇقىرىقى نەشرى، 320 - بەت.

⑩ «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 290 - بەت، بەنى ئىسرائىل سۈرىسى، 70 - ئايەت.

⑪ ⑫ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 7 - بەت. سۈرە بەقەرە، 31 -، 32 - ئايەت.

⑬ ⑭ ⑮ بۇ ئۈچ سۆز «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 527 - بەت، سۈرە نەجم، 9 -، 10 - ئايەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ.

⑯ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 446 - بەت، سۈرە ياسىن 82 - ئايەت.

⑰ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 428 - بەت، سۈرە ئەھزاب 72 - ئايەت.

⑱ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 563 - بەت، سۈرە مۇلك، 3 - ئايەت.

⑲ بۇ ئايەت «قۇرئان» دا يىگىرمە سۈرە ئىچىدە 33 قېتىم ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە بىر سۈرە ئىچىدىكى ئورنىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 52 -، 68 -، 77 - بەتلەر، سۈرە ئال ئىمران، 15 -، 136 -، 195 -، 198 - ئايەتلەر.

⑳ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 441 - بەت، سۈرە ياسىن 8 - ئايەت.

㉑ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 478 - بەت، سۈرە فۇسسىلە 8 - ئايەت.

㉒ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 5 - بەت، سۈرە بەقەرە 23 - ئايەت، 214 - بەت: سۈرە يۇنۇس 38 - ئايەت.

㉓ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 66 - بەت، سۈرە ئال ئىمران، 116 - ئايەت.

㉔ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 88 - بەت، سۈرە نىسا 59 - ئايەت.

㉕ «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى، 512 - بەت، سۈرە فەتھ، 1 - ئايەت.

㉖ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 512 - بەت، سۈرە فەتھ، 3 - ئايەت.

㉗ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 259 - بەت، سۈرە ئىبراھىم، 24 - ئايەت.

㉘ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 601 - بەت، سۈرە شەمس، 1 - ئايەت.

㉙ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 7 - بەت، سۈرە بەقەرە، 30 - ئايەت.

㉚ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 278 - بەت، سۈرە نەھل، 90 - ئايەت.

㉛ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 603 - بەت، سۈرە زۇھا، 10 - ئايەت.

㉜ ㉝ ㉞ ㉟ ㊱ ㊲ ㊳ ㊴ ㊵ ㊶ ㊷ ㊸ بۇلار ئۆز دەۋرىدە خۇراسان دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان بەزى مۇھىم تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى.

㊹ ئەبۇ بەكرى سىددىق — مىلادى 572 - يىلدىن 634 - يىلغىچە ياشىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن سىردىشى. چاھارىيالارنىڭ بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشەنىڭ ئاتىسى. شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۇنجى خەلىپە (632 — 634). رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم غارغا يوشۇرۇنغاندا ئەبۇ بەكرىمۇ بىللە ھەمراھ بولغان. غارنىڭ ئېغىزىغا ئۆمۈچۈك تور تارتىپ، ئۇ يەردە خۇددى ئادەم كىرمىگەندەك ھالەتنى پەيدا قىلغان. بۇ مىسرادا ئەنە شۇ رىۋايەتكە ئىشارەت قىلىنغان.

㊺ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 584 - بەت، سۈرە ئىنسان، 18 - ئايەت.

㊻ «قۇرئان كەرىم»، يۇقىرىقى نەشرى، 555 - بەت، سۈرە جۇمۇئە، 9 - ئايەت.

# مۇھەببەتنامە

موللا يۇنۇس

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى

## زىلەيخا كۈندۈز قەسر ئۆگزەسىگە چىقىپ، زىندان تەرەپكە نەززارە قىلغانى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇفارىقەتىدە نالە - زارى باشلاغانى

تۈن بولدى ئىشق ئېلىگە پەردەئى راز،
تۈن ئول غەم دىيدەلەرغە قىسسە پەرداز.
كۆپ ئىشكىم كۈندۈز ئولماي ھېچ تەدبىر،
سەرەنجام ئولدى تۈن بى ھېچ تەقسىر.
زىلەيخا ئۆتكۈرۈر ئېردى غەمى تۈن،
دېگىل ئۆتكەردى بەلكىم ماتەمى تۈن.
چۇ يۈزلەندى بەلاۋۇ مېھنەتى روز،
جانىغە تۈشتى يۈز داغى جىگەرسوز.
نې زىندان سارى باقماق قۇدرەتى بار،
نې زىندانسىز قەرارى، تاقەتى بار.
تەئامى خۇشكەۋارى شىرىن ئەيلەپ،
ئاڭا مەھرەم كەنىزى تەئيىن ئەيلەپ.
يىبەرۈر ئېردى زىندان سارى ئانى،
كۆرۈپ يۇسۇفنى تا كەلگەي نىھانى.
بارىپ چۈن كەلسە تا ئول مەھرەمى راز،
ئاڭا يۈز ئىشق بازى ئەيلەپ ئاغاز.
كەفى پايىغە سۈرتۈپ گەھ يۈزىنى،
كى پەي دەرپەي ئۆپۈپ گاھى كۆزىنى.
كىم ئول گامى بۇ يولدا پويە ئۇردى،
بۇ ئول كۆزدۈركىم ئول رۇخسار كۆردى.
ئەمەس ئانىڭ كۆزىگە ئۆپمەك ئىمكان،
كەفى پايىغە يا يۈز سۈرمەك ئاسان.
ئۆپەي ئانىڭ كۆزىنى گاھى - گاھى،
كىم ئول رۇخسارىغە قىلغاي نىگاھى.
يۈزۈم سۈرتەي كەفى پايىغە بارى،
كىم ئول قىلدى ئانىڭ سارى گۇزارى.
سوراپ ئاندىن كېيىن ئەھۋالى يۇسۇف،
رۇخى زىيبايى فەررۇخ بالى يۇسۇف.
دېدىلەر: «ھېچ جانىبدىن گەزەندى،
ۋە يا كۆڭلىدە ئانىڭ ھېچ بەندى.
ھەۋادىن جىسمىغە پەژمۇردەلىكمۇ،
تېنىغە خاكدىن ئازۇردەلىكمۇ.
تەئامىكىم ئىبەردىڭ قىلدىمۇ مەيل،
بۇ بىدىل يادىن ئەتمەك كەلدىمۇ زەيل.
كى بۇ بىچارەنى ياد ئەتتىمۇ ھېچ،
سېنى بىر ھەرف ئىلە شاد ئەتتىمۇ ھېچ.»

قىلىپ ھەر بىر بۇل يەگلىغ پۇرسىشى ھا،
تۆكۆپ قان-ياشىنى قوپتى بولۇپ لال.
بار ئېردى قەسىر ئۈستۈن ئالىي ئەيۋان،
كى ئاندىن زاھىر ئېردى بامى زىندان.
چىقىپ ئول ئۇرفەدە ئولتۇردى، تەنھا،
ئىشىكنى ئەتتى، مەجلىس قۇردى تەنھا.
تۆكۆپ مىژگانلارىدىن كۆزلەرى دۇر،
قاراپ زىندان سارى مەرجان تۆكۆپ پۇر.
دەر ئېردىكىم: «مەنى كۆرگەيمەن ئانى،
ماگا بەس ئول تەرەف باقسام نىھانى.
ئەمەسمەن لايىقى رۇخسار كۆرمەك،
ماگا بەس ئول دەرۇ دىۋار كۆرمەك.
نە يەركىم ئول مەھىم مەنزىل نىشىندۇر،
ئەمەس ئۆي، رەۋزەئى خۇلدى بەرىندۇر.
ئانىڭ سەقفىدە دەۋلەت سايەسى بار،
بۇرەڭ خۇرشىدىدىن سەرمايەسى بار.
ماگا دىۋار رەشكىدىن تۈمەن ئاھ،
يۆلەنمىش ئولتۇرۇپ ئول يارى دىلخاھ.
سەئادەتدۇركىم ئول ئۆيدە سەر ئەفراز،
ئىشىكدىن كىرسە سەرۋى گۇلشەنى ناز.
نى دەۋلەتمەند ئېرۇر ئول ئاستانى،
قەدەم قويغان بۇ يەگلىغ دىلىستانى.
قىلىپ چۇن مېھر تىغى ئاشكارە،
تېنىمنى زەررە يەگلىغ پارە-پارە.
نىگۇن سەر تۇرسام ئانىڭ رەۋزەنىدىن،
شۇئائى ئافتابى رەۋشەنىدىن.
بەغايەت قىزغۇنۇرمەن ئول مەقامى،
كىم ئانداغ بازەنىن قىلغاي خىرامى،
ھەم ئانىڭ گەردىدىن بولغا مۇئەتتەر،
ساچى ئەنبەر شەمىمىدىن مۇئەنبەر.»
بۇ ئېرەدى كار بارى قىيىسە كوتاھ،
سەھەردىن شام سوزى نالەئى ئاھ.
بۇ غەم بىرلە ئالەبىگە يەتتى جانى،
قىلىپ تا شام بۇ شىرىن زەبانى.

تۈن ئولدى ھىيلەئى ئەندىشە قىلدى،
بۇرۇنقى تۈن تەرىقىن پىشە قىلدى.
تۈنۈ كۈن ئېردى بۇ ئامىن ئاگا مەن،
چۇ تا زىندانىنى ئول ماھ ئەتتى مەسكەن.
تۈن ئول زىندانىغە بارماق چارە ئەيلەپ،
كۈن ئولسە ئۇرفەدىن نەززارە ئەيلەپ.
ئەمەس خالىي بۇ ئىشدىن ھېچ گاھى،
گەھى زىندان گەھى ئەيۋان نىگاھى.
بۇ يەگلىغ جانۇ دىل بىرلە تەلەبكار،
گەھى دىۋار كۆردى گاھى دىۋار.
چۇ يۇسۇف شەۋقىن ئەيلەپ جاندا مەھكەم،
كېچىپ ئۆزلۈكدىنۇ جان نەقدىدىن ھەم.
قىلىپ يۇسۇف خەيالى ئانچە مەدھۇش،
جەھانۇ جاندىن ئول مۇتلەق-مۇش.
قىلىپ بىرلەھزە يۇسۇف دەپ تەرەننۇم،
ئانىڭ يادىدا ئۆزنى ئەيلەدى گۇم.
يېتۈردى مۇتلەقا ھۇشۇ خىرەدنى،
زەمىرى لەۋھىدىن يۇپ نىكۇ بەدنى.
كەنىزلەر قىچقىرۇر ئېردى سالىپ جۇش،
ئىشىتمەس ئېردى ئەۋۋەل مەستۇ مەدھۇش.
كەنىزلەرغە دەر ئېردى گاھۇ بىگاھ:
ئەمەسدۇرمەن سەرى مۇ ئۆزىدىن ئاگاھ.
مېنى سۆز بىرلە سىز بىلمەڭ خەبەردار،
مېنى ھۇشيار قىلماس ھېچ گۇفتار.
تۇتۇپ ئۇشتۇمنى ئەۋۋەل ئىرغاتىڭلا،
بۇ ئىرغاتماق بىلە ئاگاھ ئېتىڭلار.
كېلىپ ئۆز ھالىمە ئەۋۋەل تاپاي ھۇش،
نى سىزكىم دەرسىز ئاندىن مەن بولاي گۇش.
ئېيسىم ئول ماھى زىندانىمدا ھەر بار،
بۇ ھەيرانلىق ماگا ئاندىندۇر، ئەي يار.»
كىشىكىم كۆگلىدە ئول يارى دىلخاھ،
قاچان ئول ئۆزگەلەردىن بولغاي ئاگاھ.
كەتىپ ئۆزۈن ھالىدىن بىر كۈن مىزاجى،
كى نەشتەر زەخمى مولغاي ئېھتىياجى.

چۇ قانكىم يەرگە تامدى، ھېچ كۆزگە
كۆرۈنمەي غەيرى يۇسۇف، يۇسۇف ئۆزگە.
بۇ نەشتەر كەلكەدىن ئۇستادى چابۇك،
يازىپ يەر ھەرفىغە يۈز ھەرفى نازۇك.
پۇر ئېردى دوستىدىن ئاندا رەگۇ پوست،
چىقىپ ھەر ئەڤۇ جۇزۇۋىدىن ھەمە دوست.
خۇش ئۇلكىم تاپسە ئۆزلۈكدىن رەھائى،
يېتىپ ئاندىن دەما - دەم ئاشنائى.
بۇ يەڭلىغ جان ئارا جا قىلسە جانان،
كى بولماي ئۆزگەلەردىن جايى ئىمكان.
كىرىپ جاندەك تەمامى ئۇزۇۋىغە بۇ،
كىم ئاندىن خالىي بولماي بىر سەرى مو.
نې بۇيى قالغاي ئۆزلۈكدىن نې رەڭگى،
نېكىم ئەغيار بىرلە سۇلھۇ جەڭگى.
نې كۆڭلىدە ھەۋايى تاجۇ نې تەخت،
ھەۋەسلەر كەتكەي ئاندىن باغلابان رەخت.

سۆز ئايتۇز بولسە، سۆزلەر ياردىن بەس،
مۇراد ئىستەر ھەم ئول دىلداردىن بەس.
ئۆزىگە قويماغاي ھېچ ئىختىيارى،
كى بولماس ئىشقىدىن تاش كارۇ بارى.
كېچىپ ئۆزدىن، فەنا بولغاي تەمامى،
بۇ ئىش [دىن] ھاسىل ئولغاي بارچە كامى.
دىلا، ھەم سەن كېچىپ ئۆزدىن، فەنا بول،
سەرىرى سەرمەد ئۈستۈن پادىشا بول.
بۇدۇر سەر رىشتەئى ئىقبال، ئەي يار،
كېچىپ سەن ئۆزلۈكۈڭدىن بول سەبۇكبار.
ئىكى - ئۈچ يەتكۇرۇپ نەچچە قەدەمگە،
قەدەم قوي مېھنەتئابادى ئەدەمگە.
يوق ئېردىك، بار ئىدىك ئاسۇدە جانى،
ساڭا يوق ئېردى يوقلۇقدىن زىيانى.
بۇ كۈن ھەم بولماغىل، بۇدۇر ساڭا سۇد،
فەنا كاشانەسىدە جۇملە بەھۇد.

## يۇسۇپ ئەلەيھىسسەلام زىندان ئەھلىگە كەرەم ئېھسان قىلغانى ۋە پادىشاھى مىسىر مۇقەررەبلەرىنىڭ تۇشىگە تەئبىر بەرگەنى ۋە بۇلاردىن بىرىگە پادىشاھ قاتىدا ئۆزدىن ياد بەرمەككە ۋەسىيەت قىلغانى.

بىرەۋكىم بولدى چۇن پەرخۇندە ئەختەر،
سەئادەت بولدى يارۇ بەخت ياۋەر.
تۈنى كۈندۈز مەسەللىك پۇر زىيادۇر،
فۇرۇغى دەۋلەتى زۇلمەت زەدادۇر.
نېتاڭ گەر خارى سەھرا بولسە گۈلزار،
گۈل ئانىڭ مەقدەمىدىن مۇشكى تاتار.
بەھاران ئەيرىدەك ئولسە بەيابان،
بولۇر يۈمنىدىن ئانىڭ باغى بوستان.
گۈزەرگاھ ئەتسە يەلدەك تازە باغى،
يېتەر ھەر گۈل يۈزىدىن بىر چەراغى.
ئەگەر زىندانىغە كىرسە خۇررەمۇ شاد،
قىلۇر زىندانىيلارنى غەمدىن ئازاد.
چۇ يۇسۇف مەقدەمىدىن بولدى زىندان
ھەمە زىندان ئىلىگە باغى خەندان.
تەمام ئەل مەقدەمىدىن شاد بولدى،
بارى غەم بەندىدىن ئازاد بولدى.
بويۇندا غوللارى چۇن تەۋقى ئىقبال،
ئاياغى زەنجىرى بولدى چۇ خەلغال.
ئەگەر زىندان ئىلىدىن بولسە بىمار،
ئەسىرى مېھنەت ئولسە، بەندى تىمار.
ئول ئېردى بارچەنىڭ بىمارىدارى،
بارىغە ئېردى ئانىڭ ھۆكمى جارى.
بارىنى شاد ئەيلەپ دەردۇ غەمدىن،
خەلاس ئەيلەر ئىدى رەنجۇ ئەلەمدىن.
گىرىفتارىغە گەر تەڭ ئولسە جايى،
ئاڭا يۇسۇف ئىدى مۇشكىل گۇشايى.

ۋەگەر تەڭ بولسە بىر مۇفلىسغە ئىشرەت،
بولۇر ئەيشىدە يۈز ئەندۇھۇ مىھنەت.
ئانىڭ ھەر مۇشكىلىنى ئەيلەپ ئاسان،
قىلۇر ئىبردى ھەمە ئەيشى فەراۋان.
ئەگەر تۈش كۆرسە ھەز فەرخۇندە ھالى،
ئانىڭ غەرق ئەتسە گىردابى خەيالى.
بۇ تۈش تەئبىرىدىن بىر ـ بىر بىرىپ ياد،
ئالىپ گىردابىدىن كۆڭلىن قىلىپ شاد.
بار ئىبردى ئىككى خاسى مەھرەمى شاھ،
بولۇپ ئىبردى بۇلار مەھرۇمى دەرگاھ.
ئىكى يۇسۇفغە زىندان ئىچرە مەھرەم،
بۇ ماتەمخانەدە ھەمرازۇ ھەمدەم.
ھەر ئىككى كۆردى بىر كۈن تۇرفە خابى،
تۈشۈپ جانىغە ئاندىن پىچتابى.
بىرىگە بۇ تۈشىدىن تۇررەئى خۇش،
جەۋاب ئىشتىپ بىرى خۇش، بىرى ناخۇش.
بىرىسى شەھ قاتىدا تاپتى ئىقبال،
بىرى دار ئۈزرە غەم خەيلىغە پامال.
جەۋانمەردىكى باردى شاھ سارى،
سەرىرى ئىززۇ نازۇ جاھ سارى.
شەھى مەسنەدنىشىن سارى بارۇر چاغ،
ئاڭا يۇسۇف ۋەسسيەت قىلدى ئانداغ:
«كى چۇن شەھ سۇھبەتىدە تاپقاسەن يار،
بۇ فۇرسەت ئىچرە تاپساڭ زەيلى گۇفتار.

دېگىل زىنداندا بىر بىكەس غەرىبى،
ئاڭا يوق شاھ ئەدلىدىن نەسىبى.
بۇ يەڭلىغ بىگۇناھى بولسە رەنجۇر،
ئەدالەت رەسمىدىن بۇ [نې] رەۋىشدۇر؟»
چۇ قۇربەت تاپتى ئول فەرخۇندە ئەختەر.
شەھەنشەھ قۇربىدىن چۇن ئىچتى ساغەر.
كېتىپ خاتىردىن ئانداغ بۇ ۋەسايا،
نەچە يىل كەلمەيىن يادىغە ئەسلا.
نىھالى ۋەئدە بەردى يار مەئيۇس،
بەلا زىندانى ئىچرە قالدى مەھبۇس.
بەلى ئۆلكىم خۇدا بولسە ئاڭا يار،
بارى ئىشدە ئاڭا بولسە مەدەدكار.
ئالىپ مەئشۇقلۇق تەختى ئۈزە جا،
كى بولدى مەرزىئى تەگرى تەئالا.
ئاڭا ئەسباب يولىنى قىلدىلار بەند،
پىسەند ئەتمەس سەبەب يولىن خۇداۋەند.
ئۆزىدىن تاشغە يۈزنىلەندۇرمەي ئانى،
يىراق ئەيلەر نەزەردىن ماجەرانى.
بارىدىن قىلدۇرۇپ قەتئى تەئەللۇق،
رىزايى ياردىن تاش خاھىشى يوق.
ئانى غەير ئىلكىدە تاراج قىلماي،
ئۆزىدىن ئۆزگەگە مۇھتاج قىلماي.
كىشى قەيدىدە ئانى خاھىش ئەتمەس،
ئەسىر ئەتكەي ئۆزىن دامىغەۋۇ بەس.

**مىسىر پادىشاھى تۈشى تەئبىرى ئۈچۈن يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى تەلەب قىلىماقى ۋە ئول مىسىر خاتۇنلارىنى تەفتىش قىلدۇرماق ئۈچۈن، زىنداندىن چىقماقنى تەئخىر ۋە تەئلىل قىلماقى.**

بەسا قۇفلىكى يوق مىفتاھىغە تىش،
ئاڭا پەيدا ئەمەس راھى كۇشايىش.
ئانىڭ دانا خەيالى ھىچ ئىرۇر ھىچ،
ئانىڭ زىكرىدە كۇشىش ھىچ ئىرۇر ھىچ.
گۇمان فەتھىدە قىلماي ھىچ دانا،

ئىلىك ھەم بولماي ئاندا ھىچ پەيدا.
بەناگەھ غەيبىدىن بولغاي كۇشادى،
بولۇپ ئاندىن ھۇسۇلى نامۇرادى.
كۆڭۈل چۇن ھىيلەلەردىن ئۈزدى يۇسۇف،
ئۈزۈپ تەدبىر ئىفنى ئەيلەدى تۇف.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاڭا قالماي خۇدادىن تاش پەناھى،
پەناھىن ئەيلەپ ئاخىر تەكيەگـاھى.
كېچىپ ئۆزلۈكدىنۇ ئەغياردىن ھەم،
خىرەد تەدبىرىيۇ پىنداردىن ھەم.
تۇتۇپ فەزلى ئىلاھى قولداپ ئانـى،
مۇرادىغە يېتۈرگەي يولداپ ئانى.
ئۇيۇپ بىر كېچە ئەۋۋەل شاھى بىدار،
تۇشىدە يەتتە گاۋ ئولدى پەدىدار.
ھەمە خۇشۇ خۇبۇ فەربە بەغـايەت،
خۇش ئېردى بىر-بىرىدىن بىنىھايەت.
بەس ئاندىن يەتتە گاۋى بولدى پەيدا،
سەراپا لاغۇ خۇشكى ئېردى رەسۋا.
ئۇرۇنقى يەتتەگە يۈزلەندى بىباك،
بارىنى سەبزەدەك يەپكەتتىلەر پاك.
بۇ يەڭلىغ سەبزە خۇررەم يەتتە خۇشە،
تاپىپ جان، قۇۋۋەت ئاندىن دىيدە تۇشە.
چىقىپ كەينىدىن ئانىڭ يەتتە زار خۇشك،
ئاڭا چىرماشتى، قىلدى سەر سەرى خۇشك.
شەھى مىسر ئويغانىپ قوپتى سەھەرگاھ،
بۇ تۇشدىن بولدى ھەر دانىشۋەر ئاگاھ.
بارى دانا دېدى: «خابى مەھال ئول،
نەمۇدار ئەيلەگەي ۋەھمى خەيال ئول.
خىرەد ھۇكمى بىلە تەئبىر يوقدۇر،
ئۇنۇتماقدىن بۆلەك تەدبىر يوقدۇر.
جەۋانمەردىكى ئول يۇسۇفدىن ئاگاھ،
خەبەر بەردىيۇ چۇن يۇسۇفدىن شاھ:
«كى زىندان ئىچرە بىر پەررۇخ جەۋانى،
ھەقايىق ھەللىدە كۆپ نۇكتە دانى.
ئاڭا ئايتاي بارىپ، ئەمر ئولسە بۇراز،
بۇ تۇش تەئبىرى ئاندىن كەلتۈرەي باز.»
دېدى ئىزن ئالماقنىڭ مەندىن نې ھاجەت،
ئەمەسمۇ كور بۇ مەقسۇدى بەسارەت.
ماڭا چەشمى خىرەد خۇد كور ئەمەسمۇ،
بۇتۇش سىررىن بىلمۇردىن دۇر ئەمەسمۇ؟»
جەۋان زىندانىغە باردى، ئايدى ناگاھ،

تۇش ئەھۋالىدىن ئولدى يۇسۇف ئاگاھ.
دېدى: «ھەر ئىككى گاۋۇ خۇشەدۇر سال،
ئۆز ئەۋسافى بىلە ئەرسافى ئەھۋال.
بۇ گاۋى فەربەئى، ئول خۇشەئى تەر،
ئېرۇر يىل خۇبلۇقدىن قىسسە ئاۋەر.
بۇ لاغەر گاۋۇ خۇشكى خۇشەدۇر بىل،
قىلۇر ئاگاھ ھالى تەڭگىمى يىـل.
بۇرۇنقى يەتتە يىل بولغاي فەراۋان،
مەئاشى دانەئى نەيسانۇ باران.
فەراۋان نېئمەت ئولغاي جۇملە ئالەم،
بەس ئاندىن يەتتە يىل كەلگەي دەمادەم.
بۇ يىللاردا يېيىلگەي بارچە نېئمەت،
بولۇر ئازۇردە جان ئەھلى مەئىشەت.
ھەۋادىن ياغماغاي ئەبرى ئەتايى،
كى يەردىن ئۇنمەگەي بەرگى گىيايى.
غەنىلەر نان ئۈچۈن ھەيران بولۇرلار،
فەقىرلەر تەڭگىلىكدىن جان بېرۇرلار.
يېتىپ ئانداغكى دەۋران خانىدىن نان،
دېگەي ھەر ئادەمى نان، بەرگەي ئول جان.»
جەۋان ئىشتىپ بۇ سۆزنى ياندى خۇشھال،
ھەرىفى مەجلىسى شاھ ئولدى فىلھال.
دېدى يۇسۇف دېگەن سۆزلەرنى يەكسان،
ئاچىلدى شاھ كۆڭلى چۇن گۇلىستان.
دېدى: «قوپغىل، بارىپ كەلتۈرگىل ئانى،
تاپاي شىرىن سۆزىدىن تازە جانـى.
سۆز ئول رەئنا سارىدىن گەرچە تۇشىن،
ئىشىتمەك ئۆز لەبىدىن تۇرفە شىرىن.
ئەگەر مۇمكىن لەبىدىن ئۆز ئىشىتمەك،
كېرەكمەس ھەر ئاغىزدىن سۆز ئىشىتمەك.»
يەنە زىندان سارى بولدى رەۋانە،
ئاڭا بىر مۇژدەنى كەلتۈردى يانە:
«كى ئەي سەرۋى خىرامۇ نازۇك ئەندام،
سەرا بوستان شەھى سارى ئۇرۇپ گام.
دىلئارا قەد بىلە ئول يان خىرام ئەت،
بۇ دەۋلەتخانەغە يەتكۈر شەرافەت.»

دېدى: «بارماق ھۆزۈرى پادىشاھى،
كى مەندەك بىكەسى نە بىگۇناھى،
نەچە يىل قىلدى زىندان ئىچرە مەھبۇس،
كى ئاسارى كەرەمدىن قىلدى مەئيۇس.
تىلەر بولسە بۇ ماتەمخانەدىن چۇن،
رىزا بىرلە قەدەم قويغايمە بىرۇن.
مېنى كۆرگەن ئۇشۇل جەمئى ھەۋەسناك،
كى ھەيرەتدىن كېسىلدى قوللارى پاك.
شەھ ئالىدا يىغىلسۇن چۇ سۇرەييا،
نىھان رازىمنى قىلسۇن ئاشكارا.
كى بولغاي شاھغە بۇراز رەۋشەن،
خىيانەتدىن ئېرۇرمەن پاك دامەن.
ماڭا ھەرگىز گۇناھ ئەندىشەلىك يوق،
خەيالىمدا خىيانەت پىشەلىك يوق.
نىچۇك ۋاقېئ بولۇر مەندىن خىيانەت،
سىرىشتىمدۇر مېنىڭ سىدقى دىيانەت!؟»
بارىپ بۇ سۆزنى قىلدى شەھغە تەقرىر،
زەنانى مىسرى ئاگاھ ئولدى بىر - بىر.
كى شەھ ئالىدا يەكسەر جەمئ بولدى،
ھەمە پەرۋانەۋۇ ئول شەمئ بولدى.
چۇ شەھ بەزمىغە بول تاپتىلار ئول جەمئ،
تىل ئاچتى شەھكىم ئوتلۇغ گويىيا شەمئ.
كورۇپ ئول جان ھەرىمىن شەمئىن ئول شام،
يۈزىگە تارتىپ ئانىڭ تىغى بەدنام:
«نېدىن زىندانغە مەھبۇس ئەتتىڭىزلەر،
ئانى بۇ نەۋئى مەئيۇس ئەتتىڭىزلەر؟
نە جۇرمى ئەيلەپ ئاخىر ئاندا مەئلۇم؟
قىلىپسىز گۇل يۈزىدىن بىزنى مەھرۇم.
تەنى نازۇك ئاڭا ئازار ئىدى گۇل،
رەۋامۇدۇركى، بولغاي گەردەنى غول؟
گۇلىكىم يوق نەسىمى سۇبھىغە تاب،
ئاياغى زەنجىرى بولغايمۇ جوز تاب؟»
خاتۇنلار ئايدى: «ئەي شاھى جەۋان بەخت،
زىيى فەرخۇندە سەندىن تاجۇ ھەم تەخت.
كېكىم يۇسۇفدىن ئېردى خۇلقى ئەفئال،
يوق ئېردى پاكلىقدىن ئۆزگە ئەھۋال.
سەرى مويى خىيانەت كۆرمەدۈك بىز،
بەجۇز سىدقۇ دىيانەت كۆرمەدۈك بىز.
سەدەفدە يوق بۇ يەڭلىغ گەۋھەرى پاك،
بارى تۆھمەتدىن ئېردى جەۋھەرى پاك.»
زىلەيخا ھەم ھوزۇر ئېردى بۇ دەستۇر،
تىلى يالغاندىنۇ جان ھىيلەدىن دۇر.
كۆڭلىدە ھېچ قالماي مەكرۇ ھىيلەت،
ئانى پاك ئەيلەبان ئىشقى رىيازەت.
كۆڭلىگە پەرتەۋ ئۇردى شۇئلەئى راست،
تىلىدىن جارى بولدى راست بىخاست.
بۇ بەزم ئىچرە دېدى ھەرفى مۇتابىق،
دەم ئۇردى سىدقىدىن چۇن سۇبھى سادىق
قىلىپ ئۆز جۇرمىغە ئىقرارى مۇتلەق،
سەدا بەردىكىم ئالان ھەسھەسۇل - ھەق.
دېدى: «يۇسۇفدە يوق ئېردى گۇناھى،
مەن ئېردىم ئىشقىدا گۇمراھ كەماھى.
ئانى كامىمغە ئەۋۋەل ئىندەپ ئېردىم،
چۇ كامىم بەرمەي ئاخىر قاۋلاپ ئېردىم.
مېنىڭ زۇلمۇمدىن ئول زىندانغە تۈشتى،
مېنىڭ دەردىمدە نەزئى جانغە تۈشتى.
غەمىم ھەددىن ئاشىپ بىھەددۇ غايەت،
ئاڭا قىلدى مېنىڭ ھالىم سەرايەت.
جەفايىكىم ئاڭا چۇن قىلدى سافى،
ئاڭا ۋاجىب ئېرۇر ئەمدى تەلافى.
ھەر ئېھسانىكىم قىلۇر شاھى نىكۇكار،
ئېرۇر يۇسۇف ئاڭا لايىق، سەزاۋار.»
ئىشىتتى شاھ ئالىپ بۇ نۇكتەنى ياد،
ئاچىلدى چۇن گۇلى خەندان بولۇپ شاد.
ئانى كەلتۈرمەك ئەيلەپ ھۆكم بۇ دەم،
ئۇشۇل بوستان سەراغە شادۇ خۇررەم.
لەتافەت باغىدىن ئول بەرگى خەندان،
گۇلى خەندانغە بوستان خوش، نەزىندان
بۇدۇر جان مۇلكىغە شاھى جەۋان بەخت،
ئېرۇر شەھلەر مەقامى پايەئى تەخت.

www.uyghurkitap.com



## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام زىنداندىن چىقىپ، پادىشاھى مىسر ئىززەت ۋە ئىكرام
## شەرايىتىنى بەجا كەلتۈرگەنى ۋە ئەزىز مىسرى ۋەفات بولۇپ،
## زىلەيخا بىكەسلىك ۋە تەنھالىق ئەلەمىگە مۇبتەلا بولغانى.

كۆھەن دەير ئىچرە بۇدۇر ۋەسمى دەيرىن،
كى يوق بىشورۇ مىھنەت ئەيشى شىرىن.
يۇتار تىفلى رەھىمدە توققۇز ئاي خۇن،
چىقار زىيبا رۇخى چۇن ماھ بىرۇن.
تاش ئىچرە لەئل تارتىپ سەختى تەڭگى،
تاپار كۆندىن دەرەخشان لالە رەڭگى.
ئاشىپ يۇسۇفغە چۇن ھەددىن شەبى غەم،
سەئادەت ئۇردى ئاخىر سۇبھىدىن دەم.
اغىر تاغ ئىبردى چۇن جانىغە ئەندۇھ،
شىغە مەشئەلى كۆن تۇتدى ئەنبۇھ.
ىلۇرغە غايەتى تەئزىمۇ ئىكرام،
شەھ ئىركەنگە ئەيلەپ يارلىغ ئام.
كى شەھ ئەيۋانىدىن سەف ئەيلەپ ئاھەڭ،
ھەمە ئەترافىدىن تا ئىككى فەرسەڭ.
دۇرۇيە تۇردىلار تا بامى زىندان،
تۈزۈپ شەئنى تەجەممۇل ئاندا ھەريان.
زىھى خۇرشىد تەلئەت دىلرەبالار،
ھەمە زەركەش كەمەر، زەررىن قەبالار.
بارى شەھزادەئى ساھىبقىران ھەم،
تەمامى مىر زادە نەۋجەۋان ھەم.
مۇرەسسەئ تاجلىق زەررىنە خىلئەت،
ھەمە تازى سەۋارۇ ماھ تەلئەت.
زەھى خۇرشىد پەيكەر، خۇش نەۋالار،
كى ئىبرانىيۇ سەرىيانىي ئەدالار.
سەرۇ سەردارلار ھەم بىشۇمارە،
نىسار ئەيلەپ تۇرۇغلۇق ھەر كەنارە.
تەھى دەستلەر ئۇمىد ئەيلەپ نىسارى،
ئاچىپ ھەريان گىرىبانى كەنارى.
بولۇپ خۇسرەۋ سارى يۇسۇف رەۋانە،
سەراپا خىلئەت ئىلە خۇسرەۋانە.

سەۋارى خىڭگى ئادى پاي تا فەرق،
كى ئەنۋائى جەۋاھىردىن ئىدى غەرق.
ھەمە يەر تۇدە ـ تۇدە مۇشكۇ ئەنبەر،
چۇ ھەريان بەدرە ـ بەدرە زەررۇ گەۋھەر.
يولىدا ساچتىلار بۇ ئەل تەمامى،
گەدالار ھاسىل ئۇلدى بارچە كامى.
بۇ گەنج ئالىپ غەنى بولدى گەدالار،
خەزىنە قىلدى مۇفلىس بىنەۋالار.
چۇ بولدى شاھ دەرگاھى پەدىدار،
تۇشۇپ تۇرغۇزدى رەخشى تىز رەفتار.
خەزۇ ئەتلەس يولىدا پاي ئەنداز،
بۇ پاي ئەنداز ئۇزە ئۇل شەھ سەرئەفراز.
قەدەم ھەردەم قويار ئىبردى خىرامان،
كىم ئۇل ئەتلەس ئۇزە ئايدەك شىتابان.
خەبەر يەتتىكىم ئىقبال ئەتتى ئۇل ماھ،
يۈگۈردى چۇست ئىستىقبالىغە شاھ.
قۇچۇپ ئانداغ كۆرۈشتىلەر ئىكەۋ تەڭ،
چۇ گۇل رۇخ سەرۋىئىلە شەمشادى گۇل رەڭ.
سەرىر ئۇستۇن بىرىپ ئۆز ئورنىدا يەر،
سەرىرىكىم مۇرەسسەئ دۇررۇ گەۋھەر.
قىلىپ ئەئزازۇ ئىكرام ئۇل بۇ مىنۋال،
مۇھەببەت بىرلە قىلدى پۇرسىتىش ھال.
كىم ئەۋۋەل سوردى كۆرگەن تۇشكە تەئبىر،
بۇ نوشىن لەئل بىرلە قىلدى تەقرىر.
قىلىپ ھەر ھالۇ ھەر يەردىن سۇئالى،
بۇرۇنقى كارى بارۇ شۇغلى ھالى.
جەۋابى دىلكەش ئايدى بارچە مەئقۇل،
ئاچىلدى شاھ كۆڭلى، بولدى مەقبۇل.
دىدى: «ئاخىر كۆرۈپمەن تۇشكى بىخاست،
ئىشىتتىم سەندىن ئانىڭ تەئبىرىنى راست.

نېچۈك تەدبىر قىلماق مەسلەھەت بار،
كى مىسر ئەھلى غەمىن يەرگە جەھەتبار؟»
دېدى: «يىللاركى نېئمەتدۇر فەراۋان،
سۈۋى يامغۇر ئاقار ھەر يەردە ئىمكان.
ندا قىلسۇن بارىپ چۈن ھەر دىيارى،
كى ھېچكىم قىلماسۇن جۈز كىشتۇ كارى.
ئۇرۇپ چۈن سەڭگى خارالارغە تىرناغ،
كى قالماي ھېچ يەر، نى دەشتۇ نى تاغ.
تۆكۈپ ياش كۆزلەرىدىن دانە ساچسۇن،
كى ھەركىم فارىغ ئۇلسە يانە ساچسۇن.
كەمالىغە يېتىپ دان ئالسە خۇشە،
تۇرار باشى بىلە قىلماق تىۋىشە.
بۇ خۇشە دانەسىغە يەتمەي ئافەت،
بارى ئافەتدىن ئۇل قالغاي سەلامەت.
چىقىپ ھەر باش تېنىدىن كۆپ سىنانلار،
كىم ئۇرغاي قەسد قىلىسە خەسمى جانلار،
زەخىرە بولدى خۇشە چۈن مەھۇ سال،
كېلۇر ئۇل دەمكى قەھتى تەڭگىئى ھال.
بۇ دەم ھاجەت ئۇچۈنكىم دانە ئالغاي،
بۇ باشدىن [بولسە] ھاجەت يانە ئالغاي.
ئالىپ ئۆز ھاجەتى چاغلىق زەخىرە،
كى دەفئ ئەتمەك ئۈچۈن بۇ ئەيشى تىرە.
ۋەلې ھەر ئىشغە لازىمدۇر كەفىلى،
كى بولغاي ئۇل قىلۇر ئىشغە دەلىلى.
كى بىلگەي دانىش ئىلە غايەتى كار،
قىلا ئالغاي تاپىپ ئۇل ئىشنى ھەر بار.
نېكىم ئالەمدە باردۇر، يوق تاپىلماس،
چۈ مەن دانا كەفىلى تاپسە بولماس.
ماڭا قويغىل بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى،
كى مەندەك بىلسە بولماس دىگەرىنى.»
ئانىڭ بۇ كارى سازى كۆردى چۈن شاھ،
تەسەررۇفنى ئاڭا تاپشۇردى دىلخاھ.
ئاڭا قىلدى سىپەھنى بەندە فەرمان،
ھۇدۇدى مىسرنى چۈن سەھنى مەيدان.
ئۆز ئۇرنىدا سەزايى بەخت قىلدى،
بېرىپ ئىززەت ئەزىزى مىسر قىلدى.
ئاياغىن تەخت ئۈزرە قويسە ھەردەم،
قويۇپ باش تەختى ئاستىن ئەھلى ئالەم.
ئەگەر خىلۋەت سەرادىن چىقسە سەھرا،
فەلەك ئەيۋانىدا پۇر ئېردى غەۋغا.
چۇ ھەريان قىلسە سەير ئەتمەك خەيالى،
جەھاندا پۇر ئىدى سىنىيەت جەلالى.
ھەر ئۇل كىشۋەركىم ئۆتسە چۈن سەۋارە،
سىپاھى ئېردى بىھەد، بىشۇمارە.
خۇدا چۈن بەردى يۇسۇفغە بەلەندى،
بۇ يەڭلىغ تاپتى قەدرى ئەرجۇمەندى.
ئەزىزى مىسرغە يەتتى زەبۇنلۇق،
بۇ ئاينىڭ دەۋلەتىغە سەرنىگۇنلۇق.
قىلالماي كۆڭلى تاقەت بۇ خەلەلغە،
نىشانە بولدى پات تىيرى ئەجەلغە.
زىلەيخا قالدى غەم دىۋارى ئاستىن،
خەم ئۇلدى قەددى ھىجران بارى ئاستىن.
ئەزىز ئېھسانىدىن نى خانە ئاباد،
نى يۇسۇف قايغۇسىدىن خاتىر ئازاد.
فەلەككىم مېھر ئازۇ كىمنە بىسيار،
بۇ ھىرماندا ئاڭا ئۇلدۇر سەزاكار.
بېرۇر كۈندەك بىرەۋگە كۆكدە جەۋلان،
بىرەۋنى سايەدەك يەر بىرلە يەكسان.
خۇش ئۇل داناكى ھەر بىر كارۇ بارى،
جەھانغە قىلماغاي ھېچ ئېئتىبارى.
نى ئىقبالىدىن ئانىڭ بولغاي ئۇل شاد،
نېكىم ئىدبارىدىن جانىدا فەرياد.

## ئەزىز مىسرى ۋەفاتىدىن كېيىن زىلەيخا ئەھۋالىنىڭ شەرھى ئىبتىداسى، يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ مۇھەببەتى ئىستىلاسى ۋە ھىجران فىراق ئەييامىدا غەمۇ مېھنەت ئىبتىلاسى

كۆڭۈلكىم دىلبەرىدىن بولدى ناشاد،
بارى شادىيۇ غەمدىن بولدى ئازاد.
ئانىڭ گەردىنى كۆرمەي يانە بىر غەم،
ئانىڭ يادى سارى ناشادلىق ھەم.
ئەگەر بولسۇن جەھان دەريايى ئەندۇھ،
كى ئەمۋاجى تەلاتۇم بولسە چۇن كوھ.
ئوشۇل دەريادىن ئولماي دامەنى نەم،
غەمىكىم جاندا ئېردى زەررەئى كەم.
تەرەب بەزمىدە چەشن ئەيلەپ زەمانە،
ئەگەر يۈزلەنسە ئەيشى جاۋىدانە.
يۈز ئۆرۈپ تۇرغاي ئول چەشن تەرەبدىن،
غەمىغە نۇقس بولماي بۇ شەبەبدىن.
زىلەيخا ئېردى مۇرغى مېھنەت ئاھەڭ،
جەھان بىر ئاشىيان مۇرغى ئولۇپ تەڭ.
ئوشۇل ۋەقتىكى دەۋلەت يار ئېردى،
دەرى دىيۋار چۇن گۇلزار ئېردى.
ئەزىز ئېردى باشى ئۈستىدە سايە،
نىھالى ئېردى زەئنا سەيرمايە.
ھەمە ئەسبابى راھەت جەمئ ئېردى،
كى مەھ رۇخسارى گويا شەمئ ئېردى.
يوق ئولماي جاندا يۇسۇف فىكرى ھەرگىز،
تىلىدىن كەتمەي ئانىڭ زىكرى ھەرگىز.
بۇ ۋەقتىكىم ئەزىزى كەتتى ئاخىر،
ھەمە ئەسبابى مېھنەت يەتتى ئاخىر.
ئاڭا يۇسۇف خەيالى بار ئېردى،
دىل ئەفكارىغە [ئول] غەمخار ئېردى.
تۈنۈكۈن گۆشەئى ۋەيرانە تۇتتى،
ۋەتەن ھەم كۈنجى مېھنەت خانە تۇتتى.
نې خاب ئېردى ئانىڭ يادىدا، نې ھۇر،
دەر ئېردى كۆزلەرىدىن قان تۆكۈپ پۇر:
«خوش ئول ۋەقتىكى بەخت ئېردى مەدەدكار،
مۇيەسسەر ئېردى ھەر كۈن سۇھبەتى يار.
بار ئېردى كامى دىلدىن گەرچە ھەر يان،
كۆرەر ئېردىم يۈزىن ھەر كۈندە خەندان.
بۇ دەۋلەتدىن مېنى بەخت ئەتتى مەھرۇم،
ئانى زىندانغە سالدىم زار مەرھۇم.
نىھان بىر تۈن بارىپ زىندان سارى ئاھ،
قىلۇر ئېردىم تاماشا ھەر تۈن ئول ماھ.
غەمى رەۋزانە دەفئى ئېردى دىيۋار،
ئوشۇل مەنزىلدە تاكىم بار ئىدى يار.
بۇ كۈن مەن بارچەسىدىن بۇ سىفەتدۇر،
كۆڭۈل رەنجۇ بەدەن مەھجۇر، رەنجۇر.
ماڭا يوق ھىچ ئاندىن تاش خەيالى،
ئەمەس خالىكى ئاندىن ھىچ ھالى.
خەيالى سەير ئېتىكلىك قايدا ئىمكان،
ماڭا ھەر دەم خەيالى تەندەدۇر جان».
قىلىپ مۇنداغ شىكايەت ئەيلەپ ئول ماھ،
كى ئاھى تابىغە تاب ئەتمەيىن ماھ.
چۇ مەددى ئاھى دايىم دۇدى ئاھى،
باشى ئۈستۈن بولۇپ چەتر سىياھى.
پەناھى ھارىس ئەتمەي بۇ فەلەك ھىچ،
ھەۋادىس تابىغە ئاندىن بۆلەك پىچ.
نې چەتر ئېردى بۇ باش ئۈستۈن نەمۇدار،
فەلەك رۇخسارىغە بولمىش سۇپەردار.
خەدەڭگى زەخمىدىن ئېردى ھەزەر ناك،
سۇپەر تۇتتى يۈزىگە يەتتە ئەفلاك.
خەدەڭگىدىن قاچان مەنئ ئولماق ئىمكان،
فەلەك سەندۇقىدىن تىز ئۆتتى پەرران.

كۆزدىدىن دىم- بەدەم خۇناب تۆكتى،
دىمە خۇناب، خۇنى ناب تۆكتى.
كۆزى تابىدىن ئىبردى سوزىشى تاب،
نەم ئەيلەر ئىبردى كۆزدىن سۇ تۆكۇپ ئاب.
يۇماي خۇنابەدىن ھەر دەم يۇزۇ كۆز،
قىزىل ئىبردى مەگەر خۇنابدىن يۇز.
ئۇشۇل خۇنابەدىن يۇز غازە ئەيلەپ،
مۇھەببەت ئەقدى جانىنى تازە ئەيلەپ.
يوق ئىبردى ئاندا ھازىر ھىچ نەقدى،
جىگەر قانىدىن ئۆزگە مەھر ئەقدى.
ئۇرۇپ گۇلگۇن يۇزىگە زەخمى ناخۇن،
ئىچەر ئىبردى كۆزىدەك چەشمەئى خۇن.
بار ئىبردى ھەر بىرى سۇرۇخ دۇۋاتى،
پىتىپ ئەندۇھىدىن خەتتى نەجاتى.
گەھى سىينەخەراش ئەيلەپ، گەھى جان،
تەراش ئەيلەر ئىدى جۇز نەقشى جانان.
تىزىغە ھەسرەت ئىلكىدىن ئۇرۇپ سەك،
سىمەنىنى ئەيلەر ئىبردى نىلۇفەر رەك.
كى يەئنى دوست مىھرىغە سەزا مەن،
كى ئول خۇرشىد نىلۇفەر نەما مەن.
كى بولسە ئافتابى خاۋەرى يار،
ماڭا ئىش نىلۇفەرلىكدىن بۆلەك ئار.
سەنەۋبەرۋار ئۇرۇپكى كۆكسىگە مۇشت،
گەھى ئول نەيشەكەردەك تىشلەپ ئەنگۇشت.
كەفىكى ئىبردى ھەر نەقشىنەدىن ئار،
قىلۇر ئىبردى نىگارىن ئىلكىن ئەفكار.
كى بۇ خۇنىن ئىلىكدىن خامە ئەيلەپ،
چۇ كافۇرى كەفىدىن نامە ئەيلەپ.
يازىپ بۇ نامە ئىچرە قىسسەئى غەم،
كىم ئاندىن ئۆزگەنى نەقش ئەيلەبان كەم،
ئۇقۇماي دىلبەرى ئول نامەدىن ھەرف.
نەزەر ئول نامە سارى قىلمايىن سەرف.
بۇ ئىبردى كارۇ بارى ماھۇ سالى،
بۇ ئىبردى ھەجر ئارا رەنجۇ مەلالى.
جەۋانلىق كەتتىيۇ چەرخ ئەيلەدى پىر،

مىسالى قىر ساچى بولدى چۇن شىر.
تۇشۇپ مەھ تەلئەتىغە سۇبھىدىن نۇر،
كى مۇشكىستان ئارا ياغدۇردى كافۇر.
قاچار تەقدىر ئوقىدىن زاغ ناچار،
بولۇپ زاغ ئورنىدا بوم ئاشيانۋار.
بۇ باغ ئىچرە ئەمەس ئوق يادى مەۋسۇم،
كى زاغ ئورنىنى ئالدى بۇ سىفەت مۇم.
يۇدى نەرگىس قاراسىن ئەشك ھەر بار،
كى نەرگىستانى بولدى ياسىمەنزار.
بۇ تاقى كۇنج ئىچىدە شادلىق چىن،
سىيەھنۇش ئىبردى ئول چەشمى جەھانبىن.
بۇ كۇن نەۋمىدلىقدىن ۋەقتى ماتەم،
نىبدىن بولدى سەفىدى پوش، بىلمەم.
چۇ ھىندۇستان ئىبردى ئول نەمۇنە،
كى ھىندىنىڭ ئىشىدۇر ۋاژگۇنە.
چۇ گۇل تازە يۇزىگە تۇشتى پەرچىن،
شىكەنۋار ئولدىكىم ئول رويى نەسرىن.
بىلۇرمۇ ھىچكىم بۇ بەھرىدە باد،
كى تۇشكەي سۇغەچىن بى جۇنبىش باد.
ۋەلى بى باد ئانىڭ بۇ تۇرفە ھالى،
بولۇپ سافى سۇدەك چىن-چىن جەمالى.
سىھى سەرۋى بولۇپ غەم بادىدىن ھەم،
قەدەم چۇن ھەلقە باشى بىرلە ھەمدەم.
قىلىپ بى پا ۋە سەر بۇ بەخت ۋاژۇن،
ۋىسالى بەزمىدىن چۇن ھەلقە بىرۇن.
قەدى خەم بىرلە چۇن سالىپ قويى باش،
يىتىپ سەرمايەسى ئىستەپ مەگەر فاش.
بۇ ۋەيراندا كۇن ئۆتكەردى سۇيىل- ئاي،
بۇ يەگلىغ تەلخ ئەيشۇ بى سەرۇ پاي.
نى تاج ئىبردى باشى ئۇستۇن، نې سايە،
ئاياغىدا نې خەلخالۇ، نې ۋايە.
نې دىبا ئىبردىيۇ نې ئەتلەس،
فەقىرۇ، ئاجىزۇ مىسكىنۇ بىكەس.
بولۇپ تامۇۋدەئى يۇسۇف گۇھەرۋار،
قۇلاغىدا نې دۇرلاردىن سەبۇكبار.

نى . پويىنىدە ئانىڭ تەۋقى مۇرەسسەئى،
نى يار ئېردى يۈزىدە خامى بۇرقەئى،
سالىپ ئاستىغە تۈفراقدىن زىمالىنى،
گۈلى رۇخسارى ئاستىنى خىشت بالىنى،
كى يۇسۇف يادىدا بۇ خاك بىستەر،
ھەرىرى ھۇللەدىن سەد بار بېھتەر،
بۇ گۈل رۇخسار ئاستىنى پارە خىشتى،
ئانىڭ يادىداكىم بالىنى بېھىشتى.
بۇ مېھنەت رەنجىكىم قىلدىم مەن ئىزھار،
دېدىم شەرھىدە ئانىڭ نۆكتە بىسيار،
ئاڭا يۇسۇفدىن ئۆزگە يولمايىن كام،
يوق ئاندىن تاش داغى جانىغە رام.
بار ئېردى ئول زەمانكىم سىيم ئىلە زەر،
تۈمەنمىڭ ھۇققەسى پۇر دۇررۇ گەۋھەر.
كىم ئول كەلتۈرسە يۇسۇفدىن خەبەرنى،
تۆكەر ئېردى ئاڭا بۇ سىيم - زەرنى.
ئاغىزكىم بۇ گۈھەردىن دۇرج ئىدى پۇر،
لەبا - لەب ئەيلەر ئېردىكىم گۈھەر - دۇر.
بۇ يەڭلىغ بەخشىشىنى كارۇ گەردىن،
تېھى دەست ئولدى ئاخىر سىيمۇ زەردىن.
خىپىش چەكمەن ئىدى ئىگنىدە كىمخا،
كەمەربەندى زەر ئېردى، يىغى خورما.
بۇ پەشمىن جامە بىرلە قانىئ ئېردى،
بۇ مېھنەت بىرلە ئۆمرى زايىئ ئېردى.
خەبەركەشلەر خەبەردىن بولدى خامۇش،
كى يۇسۇفدىن بارى بولدى فەرامۇش.
بۇ ئېردى گويىيا ھەر تىلدا مەزكۇر،
بارى ھۇش ئەھلىنىڭ بەزمىدە مەشھۇر.
ئېشىتمەك زىكرى يۇسۇفدۇر ئاڭا قەن،
غىزايى روھى قۇتى، قۇۋۋەتى تەن.
زەرۇر ئېردى ئاڭا تەھسىلى قۇتى،
كى بولغاي تاھەياتىغە سەبۇتى.
غىزا مۇندىن بۆلەكدىن مۇمكىن ئېرمەس،
ۋەتەن يولىدا تۇتماق ئېردىكىم بەس.
بۇ يولنى قىلغاي ئول ناگاھ گۈزەر گاھ،
سىپاھ ئەقدامى يەتكەي ئاندا ھەرگاھ.
ئاڭا تا بولغاي ئاندىن قۇت ھاسىل،
بولۇپ بى قۇتلۇق ئەندۇھى زايىل.
بەنا قىلدى بۇ يولدا بەيتۇل - ئەھزان،
تۈنۇ كۈن ئەيلەر ئېردى ئاندا ئەفغان.
ئىشى بىچارەلىكدىن ئاھۇ زارى،
كېتىپ قولدىن زىمامى ئىختىيارى.
قىلىپ جانان ۋىسالى بەزمىدىن دۇر،
بۇ ماتەمخانەدە رەنجۇرۇ مەھجۇر.
يوق ئېردى يار يولىدىن ئاڭا بەھر،
كى ھىجران گەژدۇمىدىن بەھرئىدى زەھر.
بۇ ئۆيدە ئاھ ئاڭا بار ئېردى ھەمراز،
گەھى ئەيلەپ ھەۋادا قۇشنى دەمساز.
ئەگەر كۆرسە بۇ يولدا رەھگۇزارى،
يۈزىدە كۆرسە غۇربەتدىن غۇبارى.
ئاياغىنى ئۆپۈپ، ئەيلەپ تەزەررۇئ،
خەبەر ئاندىن دېمەك ئەيلەپ تەۋەققۇئ.
كەفى پايىغە سۈرتۈپ گاھى رۇخسار،
ئاياغى گەردىنى يۇپ يىغلابان زار.
بىناگاھ كەلسەكىم سۇلتان سەۋارە،
ئاڭا بولماي دەمى تابى نەزارە.
بولۇپ خاكى رەھىدىن خاتىرى شاد،
سىپاھى غۇلغۇلىدىن كۆڭلى ئاباد.

## زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۆتەر يولىدا قومۇش ئۆي بىنا قىلمىغانى ۋە كۆڭلى ئانىڭ سىپاھى دەبدەبەسىنىڭ ئاۋازى بىرلە خۇرسەند بولغانى

زىلەيخا ئېردى تەنھالىقدا جانگاھ،
قامىشدىن ئۆيى بىنا قىلدى سەرى راھ.
ئاڭا يى بەندەلىك بولدى ھەۋالە،
كى مۇرغ ئىسغاردەك فەريادۇ نالە.

جۇدالىقدىن چۇ قىلسە ناللە ئاغاز،
چىقار ئىبردى سەدا ھەر نەيدىن ئاۋاز.
ئاگا ھىجراندىن ئوتكىم توشسە ھەر ئاھ،
تۇشۇپ ھەر نەيگە چەندان شۇئلەئى ئاھ
تاپىپ بۇ خەستەنى بەند ئىپرە بارى،
قادالغان ئوقدەك ئەترافى شكارى.
ھەزىن جانىمدا زەۋقى ئىشق بسيار،
بۇ ھەر بىر ئوق ئاگاچۇن نەيشەكەرزار.
ۋەلې تەخت ئۆزرە يۇسۇف خۇررەم شاد،
فەراغى خاتىر ئىلە غەمدىن ئازاد.
مىنەر ئاتىكىم ئىبردىيۇ يۇز ئاۋى،
ئەناسىر پەيكەرى گەردۇن نىھادى.
تەكاۋەر ئەبلەقى چۇن چەرخى گەردان،
سەراپا، سەللە، تۇن كۇندىن ھەزاران.
تۇنۇ كۇن ئىختىلاتى ئاندا پەيدا،
فىشانى نۇرى زۇلمەتدۇر ھۇۋەيدا.
چۇ بەرق ئاسا ئاياغى چەرخى فەرساي،
تۇۋاغىدىن شكەنلىغ كاسە رەۋ ئاي.
دەمى زىيباسى چۇن كاكۇل مۇسەففا،
گىرىھ كۆك خۇشەسى ئاندىن سەراپا.
تاقاپ ھەر سىيمىغە زەررىن ھىلالى،
قاقىپ سىيمىن مىخى ئەختەر مىسالى.
سۇمىندىن زەخمىن ئولسە سەگگى خارە،
ھىلالىدىن ھەمە چاقىپ سىتارە.
تەكو پودىن چۇ نەئلى بولسە پەرران،
ياغى ئايدەك بولۇر كۆكدە نەمايان.
قۇتۇلماي سەيدگە ھەدە ھىچ نەخجىر،
ئۆتۇپ نەخجىرلەردىن گويىيا تىير.
ئەگەر مەيدانى ئولسە غەربدىن شەرق،
قىلىپ تەي بىر ئاقەدەمدە فىل مەسەل بەرق.
ئۆزىن توختاتماسا كىمردى مۇقەررەر،
قاچان كىيردىغە يەتكەي باچى سەر سەگ.
چۇ گەنجى ئىبردى گەۋھەردىن رەۋانە،
كىبرەكمەس ھىچ مارى تازيانە.
كىبرەك بولسە گەر ئاخىر ئىبرلە خىزمەت

تۇتۇپ گەردۇن ئۆزىگە ئانى مىننەت
ئالىپ كۆزى چەشمە شەمدىن ئاب سافى،
بىرىپ ئاي كاسەسىدە ئاگا كافى.
قىلىپ ھەر سۇنبۇلەدىن يەر ھىمبانگاھ
ھۇمەييا كەھكەشاندىن ئەيلەبان كاھ
مۇشكبىد چەرخدىن ھەر تۇن ھەمۇ سال،
قىلىبدۇر چۇ ئۇچۇن ئامادە غەربال.
قىزىل ئالتۇندىن ئىبردى زىن زىنىسا،
مۇرەسسەئ دۇررۇ گەۋھەردىن سەراپا.
ئىكى ياندىن رىكابى مەھ مىسالى،
ھەر ئەتراپى ئانىڭ تابان ھىلالى.
ھىلالى سارى يۇسۇف سالسە چۇن پاي،
ئاياغىكى تاپىپ بەدر ئۈستىندە جاي.
سۇھەيل ئەيلەر ئىدى ئول دەم بۇ زاييل،
كىتىپ فەرياد ھەر ياندىن نەچە مىل.
نە يەرگە يەتسە ئانىڭ بۇ سۇھەيلى،
ئەمەسدۇر ھاجەتى كۇسى رەھىلى.
ئىشتكەنلەر شىتابان شاھ سارى،
كىلىپ سەييارەلەردەك ماھ سارى.
زىلەيخا ھەم ئىشتىسە ئانى ناگاھ.
قامۇش ئۆيدىن چىقار ئىبردى قىلىپ ئاھ.
يولىدا ئولتۇرۇپ پەرۋەرد ھەسرەت،
قىلۇر ئىبردى تەمەننا ئاھ نىدامەت.
گۇرۇھى كەلسە يۇسۇف بولمايىن گاھ،
تەمەسخۇردىن يىتىشلار ئەيلەپ ئاگاھ.
كى يۇسۇف يەتتى ئاگلاپ: «ھازىر ئولغىل،
يۇزى مىھرىغە بىر دەم نازىر ئولغىل».
زىلەيخا ئەيتۇر ئىبردى ئاگلاپ ئانى
«بولار دا يۇسۇفمىدىن يوق نىشانى.
پىسەند ئەتمەس بۇ سۇزنى جاندا داغىم،
بۇ گۇلدىن ھىچ بوي ئالماس دىماغىم».
ھەر ئول ئەنزىلكىم ئاندا بولسە دىۋانە
جەھان ئولغاي ھەمە پۇر مۇشكى تاتار
ھەر ئول مەھمىلكىم ئولتۇرسە جانان
شەمىمىدىن پۇر ئولغاي مۇھمىلى جان.

يېتىپ كەلسە بىناگەھ بىر گورۇھى،
كى بولسە ئاندا يۇسۇفنىڭ شۇكۇھى.
دەر ئېردىكىم: «يۇسۇفدىن ھېچ خەبەر يوق،
بۇ جەمئ ئىچرە ئانىڭدىن ھېچ ئەسەر يوق»
زلەيخا قىلمايىن بۇ سۆزگە باۋەر،
دەر ئېردى: «ئەي گورۇھى نازەنىنلەر.
فەرىب ئەيلەپ ماڭا مۇنداغ فەن ئۇرماڭ،
كى يۇسۇف مەقدەمىن مەندىن يوشۇرماڭ.
بىرەۋكىم بولسە شاھى كىشۋەرى جان،
ئانى ھەرگىز بولۇرمۇ قىلسە پىنھان.
نەسىمى باغى جاننى تازە ئەيلەر،
نە تەنھا جان، جەھاننى تازە ئەيلەر.
كى جانغە تازەلىك چۇن تۇشسە ھەمراھ،
بەلى جان ئافەرىندىن بولغاي ئاگاھ».
ئىشتىپ ھەر دەم ئول ھەيرانۇ مەھجۇر،
سەدايى پادىشاھ كىمدۇر شۇبۇدۇر.
قىلۇر ئېردى فىغانكىم: «دۇر ئېرۇرمەن،
تۇمەن مېھنەت ئىلە مەھجۇر ئېرۇرمەن.
ماڭا يوق مۇندىن ئۆزگە تاب دۇرى،
بۇ غايەتمۇ بولۇر سەبرى سەبۇرى.
قاچانغە ياردىن مەھجۇر بولغۇم،
ئۆزۈمدىن ياخشىراقكىم دۇر بولغۇم».
بۇ سۆزنى دەپ يىقىلدى زار مەدھۇش،
جەھاندىن بەھۇشۇ جاندىن فەرامۇش.
بۇ بىخۇدلۇق مەيىدىن بىخۇد ئېردى،
بۇ نەۋئ ئول بەيتۇل - ئەھزانغەكى كىردى.
كۆڭۈل پەرۋەر جانىكىم ئېردى ناشاد،
بەدەن رەنجۇر ئىشى ئەفغانۇ فەرياد.
بۇ دەستۇر ئېردى چەندان روز كارى،
يوق ئېردى مۇندىن ئۆزگە كارۇ بارى.

## زلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ سىرراھىنى ئالغانى ۋە ئانىڭ ئىلتىفاتىدىن مەھرۇم قالغانى ۋە ئاندىن ئۆيىگە بارىپ بۇتلارنى سىندۇرۇپ، ھەقتەئالاغە ئىمان كەلتۈرگەنى ۋە يەنە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ بويىنى ئالىپ ئىلتىفاتىغە مۇشەررەف بولغانى

نە بىلسۇن ئاشىقى بىدىل قەنائەت،
تاشار جەرھى ئانىڭ سائەت - بەسائەت.
ئىكى دەم بىر تەلەبدە تاپماي ئارام،
قويار ھەردەم بۆلەك مەتلەبكە ئول گام.
چۇ تاپسە بويى گۇل كۆرمەك تىلەر ئۇل،
مۇيەسسەر بولسە گەر ئۈزمەك تىلەر بۇل.
زلەيخا داغى ھەسرەتدىن نەچە يىل،
يول ئۆزرە ماھۇ سالى قىلدى مەنزىل.
يوق ئېردى ھېچ يۇسۇفدىن ئاڭا كام،
سىپاھىلىغ غۇلغۇلىدىن ئېردى ئارام.
بۇتى ئالىدا باشى ئىندۇردى بىر تۇن،
ئاڭا ئۇمرى باشى ئۇزغان ئېردى ھەر كۈن،
دېدى: «ئەي قىبلەئى جانىم جەمالىڭ
باشىمدۇر قۇللۇغۇڭدا پايىمالىڭ.
ساڭا جان بىرلە قەسدىم كۆپ پەرەستىش،
ماڭا يوق گەۋھەرى ناياب بىنىش.
كۆزۈڭ بىرلە كۆرۈپ رەسۋالىقىمنى،
كۆزۈمگە بەر يەنا پىنھانلىقىمنى.
نەچە يۇسۇفدىن ئولغۇم زار مەھجۇر،
كۆرەي يۇسۇفنى، بەرگىل كۆزۈمە نۇر.
ماڭا يوق ھېچ ھەڭگامى مەقامى،
ئانىڭ دىيدارىدىن تاش ھېچ كامى.
بېرۇر بولساڭ، ماڭا بەر ئۇشبو كامىم،
مۇيەسسەر قىل ماڭا بۇ نۇش جامىم.

رەۋا كۆرمە ماڭا جان سەختلىقنى،
بۇ يەڭلىغ مىھنەتۇ بەدبەختلىقنى.
بۇ يەڭلىغ زىندەگانلىغ يوقلۇغى خوب،
ئەدەم يولىدا جان چەكمەك داغى خوب».
ساچار ئىبردى مۇنى دەپ باشىغە خاك،
تۆكۈپ ياش يەر يۈزىگە قىلدى نەمناك.
بۇ هالەت چىقتى مەشرىق پادىشاهى،
كى يۇسۇف ئەبلەقىنىڭ هەم سەداسى.
زىلەيخا چىقتى ئاندىن چۇن گەدايى،
ئالىپ يۇسۇف يولىدا تەڭگىنايى.
قىلىپ چۇن دادخاهلار رەسمىدە داد،
كۆڭۈلدىن نالە، جاندىن چەكتى فەرياد!
سەدايى تەررىقۇ هەر يان فەراۋان،
يېتەر ئىبردى فەلەك ئەۋجىغە هەر يان.
تۇتۇپ ئالەمنى ئاتلارنىڭ سەداسى،
قۇلاقنى پۇر ئالىپ ئەل ماجەراسى.
بۇ غەۋغا شىددەتىدىن قىسسە كوتاه،
زىلەيخا هالىدىن هېچ ئولماي ئاگاه.
ئاڭا تۇشتى بۇ هالەت تۇرفە بىر هال،
كىشىگە تۇشمەگەي هالى بۇ مىنۋال.
ئۆزىگە تاپماي ئاخىر هېچ چارە،
كۆڭۈل نەۋمىدلىقدىن پارە-پارە.
كۆڭۈل دەردىدىن ئەيلەپ نالەۋۇ ئاه،
ساچىپ ئوت يۈزىنىڭ ئەيلەپ ئاه جانگاه.
ئۆزىنى ئالدى مىھنەت خانەسىغە،
دەمىدىن ياقتى ئوت كاشانەسىغە.
چۇ كەلتۇردى قاشىغە ئول سەنەمنى،
ئۆزىندىن دەفئ ئېتەرگە بۇ ئەلەمنى.
دېدى: «ئەي شىشەئى ئەيشىم شىكەستى،
ۋە ئەي سەڭگى سەبۇيى هەق پەرەستى،
بەلايى سەرسەرى گۇلزار جايىم،
مۇرادىم يوللارىدا سەددى راهىم.
ئېرۇر سەندىن مېنىڭ بەختىم يولى تەنگ،
بەجادۇر سەندىن ئۇرسام كۆكسۈمە سەنگ،
سېنىڭ ئالىڭدا قويدۇم سەجدەگە باش،

سەزاۋار ئەمدى ئۇرسام باشىمە تاش.
يۇدۇم قول ئىككى ئالەم كامىدىن پاك،
بولۇر هەر كامىكىم سەندىن تەلەبناك.
سېنىڭدەك تاشدىن ئەمدى سەسكەنۇر مەن.
كى قەدرىڭ گەۋهەرىنى سىندۇرۇرمەن.»
مۇنى دەپ ئۇردى زەخمى سەڭگى خارە.
خەلىل ئاسا بۇ بۇتنى قىلدى پارە.
بۇ سىندۇرماقدا چۇن كۆرگۈزدى چۇستى،
بۇ ئىشدىن هاسىل ئولدى كۆپ دۇرۇستى.
بۇ بۇتنى سىندۇرۇپ، ياندۇردى كۆڭلىن،
سېغىندى تەڭرى دەرگاهىغە بۇ هىن.
يۈرەك قانى بىلە كۆز ياشىدىن پاك،
تەهارەت قىلدى بۇ دەم چۇستۇ چالاك.
يۈزدىن تۇفراقغە قويدى يىغلابان زار،
تەزەررۇئ تەڭرى دەرگاهىدا بىسيار:
«كى ئەي ئىشقىڭ زۇهۇرىدىن سەراسەر،
بۇتۇ بۇتگەرلەرۇ هەم بۇتپەرەستلەر.
ئەگەر بۇتلاردا ئەكسىڭ بولماسا فاش،
كىشى بۇت ئالىدا ئىنىدۇرمەگەي باش.
تۇشۇپ بۇتگەرگە مېهرىڭدىن خەراشى،
قىلۇر ئول بۇ سەبەبدىن بۇتتەراشى.
بۇت ئالىدا كىشى چۇن بولسە سۇست ئول،
ئەمەس ئول بۇتپەرەست، ئىزد پەرەست ئول.
ئەگەر مەن بۇتغە باش ئۇردۇم، خۇدايا،
جەفا جانىمغە يەتكۇردۇم، خۇدايا.
كەرەم ئەيلەپ چۇ كۆرگىل بۇ جەفانى،
خەتا قىلدىم، كەچۇرگىل بۇ خەتانى.
بۇ نەۋئ ئۆتكەچ خەتا جويانى مەندىن،
يوق ئەتتىڭ گەۋهەرى پىنهانى مەندىن.
مېنى قىلغىل خەتالاردىن گەردىدىن پاك،
يەتا ئەبەرگىل كۆزۈمگە نۇرى ئىدراك.
كى تا يۇسۇف باغىدىن ئۆزگەمەلى گۇل،
تەئەسسۇف داغى مەيدىن بولغاي ئۇنتۇل».
چۇ كەلدى ئىبرامە بۇ يول ئۆززە ئول شاه،
قىغان ئەيلەپ يېنانا ئالدىنيۇ ئىلۇراه

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«كى پاكا، شەھنى قىلدىڭ بەندەئى زار،
بۇ يەڭلىغ ئاجىزۇ بىچارەئى خار.
بىرەۋكىم بەندەئى مىسكىنۇ مۇھتاج،
ئانىڭ باشىنى قىلدىڭ لايىقى تاج!»
چۇ يۇسۇف سەمئىغە يەتتى بۇ ئەفغان،
بۇ سۆزنىڭ ھەيبەتىدىن ئولدى تەرسان:
دېدى ھاجىبغە: «بۇ شەيخى جەۋاننى،
كى جاندىن ئالدى ئول تابۇ تەۋاننى.
ئالىپ تا خىلۋەتى خاسىمغە كەلتۇر،
نې [خىلۋەت خاس] ئىخلاسىمغە كەلتۇر.
سۆزىدە بۇ نې شورۇ نې شەئەبدۇر،
ئەجەب سۆزدۇركى تەئسىرى ئەجەبدۇر.
سوراي تا شىممەئى ھالىدىن ئاخىر،
ئانىڭ ئىدبارۇ ئىقبالىدىن ئاخىر.
ئەگەر: دەرد ئولمەسە جان ئىچرە چاكىر،
قاچان بۇ نەۋئى بولغاي سۆزدە تەئسىر؟
گەدا يىكىم تاپار ئول تاج شاھى،
ئاڭا بائىسدۇر ئاھى يا نىگاھى.
نىگاھى قىلسە شاھى خاكپاغە،
يېتەر باشى ئانىڭ ئەۋجى ھەۋاغە».
گەدالار ھالىغە ئەيلەپ تەرەھھۇم،
يېتەر دادىغەكىم ئەيلەر تەزەللۇم.
قىلۇر چۇن ئەدل ئالەم مۇلكىن ئاباد،
خەيالى فىكرى ئانىڭ ئەدل ئىلە داد.
نى ئول شەھلەركىم ئولغاي بۇ زەمانە،
قىلۇرلار زەر ئۈچۈن چەندان بەھانە.
ئالىپ ھەر زالىمى دىينار چاغلىق،
قىلىپ يۈز بىگۇناھنىڭ ئىلكى باغلىق.
ئانىڭ زۇلمىغە بۇ زالىم مەدەدكار،
تەزەللۇم قىلماق ئاندىن ناسەزاۋار.

## زلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ خىلۋەت خانەسىغە مۇشەررەف بولۇپ، ئانىڭ دۇئاسى بەرەكاتىدىن بۇرۇنقىدەك نەرگەسلەرى بۇنياد، جەمالى زىبا ۋە جەۋانلىقى تازە ۋە رەئنا بولغانى

قايۇ ئاشىقغە مۇنداغ دەۋلەتى جاھ
كى بولغاي يار ئاڭا يارى نىكۇ خاھ،
تاپىپ ئول يار خىلۋەتگاھىغە بار،
بۇ ياردىن ئاڭا ھىچ ئولماي ئازار.
بۇ ئالىدا تۆكۈپ مۈڭ ئەرز ئېتىپ ھال،
سوراپ ئول ھەم بۇ نەۋئ ئىدبارۇ ئىقبال.
چۇ يۇسۇف بەزدى فەيسەل ماجەراغە،
كىرىپ ئولتۇردى چۇن خىلۋەتسەراغە:
«ماڭا ئايتىپ ئىدىڭكىم ئانى ھەمراھ
ئالىپ كەلتۇرگىل ئەلبەتتە بۇ دەرگاھ!»
كېلىپ ئايدىكى ھاجىب: «ئەي يىگانە،
جەھاندە ياخشى خۇي بىرلە فەسانە.
كېلىپ تۇردى ئىشىكدە ئول زەنۇ پىر،
كىم ئول پولدا ئىنان بولۇپ ئېرۇر گىر».
دېدىكىم: «ھاجەتىنى سەن رەۋا قىل».
نەچۇن دەردىكى باردۇر، سەن دەۋا قىل».
دېدى: «ئانداغ ئەمەس ئول پىر پۇر كار،
كى قىلغاي ھاجەتىنى بىزگە ئىزھار».
دېدى: «كىر سۇنكى ئول، بەرگىل ئىجازە،
ئۆزى ئايسۇن نە سۆزكىم بولسە تازە».
تاپىپ رۇخسەت بولۇپ چۇن زەررە رەققاس،
قەدەم كەلتۇردى خۇررەم خىلۋەتى خاس.
كۈلۈپ گۈلدەك ئاچىلدى غۇنچە سان ھەم،
بولۇپ خەندان دۇئا ئەيلەپ دەما-دەم،
بۇ يەڭلىغ ھەددىن ئارتۇق بولدى خەندان،
تەئەججۇب قىلدى يۇسۇف، بولدى ھەيران.
دېدى: «بېھۇدە قىلۇرسەن خەندە بىسىيار،
نېدۇر [ھالىڭ]، دېگىل تې ھاجەتىڭ بار».

دېدى: «ئول دەمكى كۆردۇم گۈل يۈزۈڭنى،
ئىشتمەسدىن بورۇن شىرىن سۆزۈڭنى.
سېنى سۆيدۇم بارى جانۇ جىھاندىن،
غەمىڭ ئارتۇق بېلىپ گەنجى داۋاندىن.
بەھا بەردىم تۆكۈپ مەن گەۋھەرۇ گەنج،
فىدا قىلدىم دىلۇ جان تاتىبان رەنج.
سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن ئاۋارە بولدۇم،
غەمىڭدە بۇ سىفەت بىچارە بولدۇم.
جەۋانلىقنى قىلىپ ئىشقىڭدا بەرباد،
بۇ نەۋ ئولدۇم غەمىڭدە پىر ھەفتاد.
بۇ كۈن سەن شاھىدى مۈلك ئەيلەپ ئاغۇش،
مېنى يەكبارەكى قىلدىڭ فەرامۇش.»
چۇ يۇسۇف بىلدى، كىمدۇر بۇ گىرىفتار،
ئاڭا ئەيلەپ تەرەھھۇم يىغلادى زار.
دېدىكىم: «ئەي زىلەيخا، بۇ نەچۈك ھال،
نەچۈك دىندۇر سېنىڭ ھالىڭ بۇ مىنۋال؟»
دېدى ئول دەمكى يۇسۇف «ئەي زىلەيخا!»
بۇ سۆز خەتتىدە مەھۇ ئولدى زىلەيخا.
سەداسى لەززەتىدىن تەرك ئېتىپ ھۇش،
كۆڭۈلدىن قىلدى بىخۇدلۇق مەيى جۇش.
يەنە كەلدى ھۇشىغە بولدى ھەمراز،
ئاڭا يۇسۇف ھىكايەت قىلدى ئاغاز:
دېدى: «ئول سەرۋىنازىڭدۇر نېدىن خەم؟»
دېدى ھىجران يۈكى غەم بارىدىن ھەم:
«قانى ئول بۇرناقى ھۇسنۇ جەمالىڭ؟»
دېدى: «مەھۋ ئەتتى ئەندۇھى ۋىسالىڭ.»
دېدى: «نېچۈن بۇ يەڭلىغ كۆزلەرىڭ كور؟»
دېدى: «سەنسىز تۆكۈپ قان، بولدى بىنۇر».
«قانى ئول ئىززۇ جاھ ئىلە زەرۇ سىيم؟
قانى باشىڭ ئۈزە ئول تاجۇ يەھىم؟»
دېدى: «ھۇسنۇڭدىن ئولكىم قىلدى ئىزھار،
باشىمغە تۆكتى ۋەسفىڭ دۇررىن ئىسار.
ئانىڭ باشىغە تۆكتۈم سىيمۇ زەرنى،
نىسار ئەتتىم ئاڭا دۇررۇ گۆھەرنى.
بېرىپ مەن دەۋلەتۇ تاجىمنى تاراج،
ئالىپ خاكى رەھىڭنى ئەيلەدىم تاج.
تۆگەندىم مۈلكۇ مالىم ھەرنەكىم بار،
بۇ كۈن غەم گۆشەسىدە بارۇ مەن زار.
نېتەي ھەجرۇ فىراقىڭ قىلدى بېكەس،
ۋۇجۇدۇم گەۋھەرىنى ئەيلەدىم خەس.»
دېدى: «ئەمدى سېنىڭ نې ھاجەتىڭ بار؟
بۇ كۈنكىم ئېھتىياجىڭغە مەدەدكار.»
دېدى: «ھەجرىڭ ئالىپدۇر تاقەتىمنى،
قىلۇر بولساڭ، رەۋاقىل ھاجەتىمنى.
مېنىڭ يوق سەندىن ئۆزگە ھىچ كامىم،
مۇرادىم سەن - سەن، ئەي ماھى تەمامىم.
ئەگەر سەۋگەند ئىلە بولساڭ زەمانگەر،
قىلۇرمەن شەرھىنى يۇسۇف مۇقەررەر.
ۋەگەر نې مەن بۇ سىر پىنھان تۇتارمەن،
غەمۇ دەردۇ ئەلەمدىن قان يۇتارمەن.»
قەسەمياد ئەتتى ئول كانۇن فۇتۇۋۋەت،
ئاڭا كىم ئەيلەپ ئول ئىزھار قۇدرەت.
كى ئوتدىن لالەۋۇ رەيھان چىقاردى،
خەلىلغە خىلئەتى خىللەت ئىبەردى:
«كى ھەر ھاجەتكى سەندىن بىلسەم ئانى،
قىلا ئالسام رەۋا ئەيلەي رەۋانى.»
دېدى: «ئەۋۋەل جەۋانىيۇ جەمالىم،
كى سەن كۆرگەن كەبى ھۇسنۇ كەمالىم.
ئىككىنچى، دىيدەئى بىينا تىلەرمەن،
جەمالىڭ باغىدىن تا گۈل ئۈزەرمەن.»
دۇئاغە قول كۆتەردى يۇسۇف ئول دەم،
لەبىدىن ئاققۇزۇپ ئابى بەقا ھەم.
جەمالى مۇردەسى چۈن زىندە بولدى،
رۇخى پەژمۇردەسى فەرخۇندە بولدى.
يېتىپ جويانىغە ئابى رەۋانى،
كى بولدى تازە گۈلزارى جەۋانى.
چىقىپ كافۇرىدىن چۈن مۇشكى تاتار،
كى سۇبھىدىن زۇھۇر ئەتتى شەبى تار.
چۇ مۇشكىن مۇھرەدىن دۇر ئولدى كافور،

www.uyghurkitap.com



بولۇپ ھەر كۆز قاراسى مەشئەلى نۇر،
تۇزۇلدى ئۇل خەمى سەرۋى گۈلئەندام،
يوق ئېردى ئۇل شىكەنجى نۇقرەئى خام.
جەۋانلىق پىرلىقغە بولدى نالە،
بولۇپ چەھل سالەدىن سوڭ ھەژدە سالە.
جەمالى تازەلىكدىن بولدى خۇررەم،
قۇزۇن ئۇلدى بۇرۇنقى ئەھدىدىن ھەم.
يەنا يۇسۇف دېدىكىم: «ئەي نىكۇ كار،
مۇرادىڭ يانە بولسە ئايت زىنھار.
دېدى: «مۇندىن بۆلەك يوقدۇر ماڭا كام،
ۋىسالىڭ بىرلە بولسام ئەرتەۋۇ شام.
كى كۈندۈز ئەيلەسەم ھۇسنۇڭ تاماشا،
تۈن ئۇلسە تا سەھەر ئۆپسەم كەفۇ پا.
چۇ سەرۋىڭ سايەسى بولسە مۇيەسسەر،
ئەبىڭ نۇشىدىن ئالسام شەھدۇ شەككەر.
چۇ بولساڭ مەرھەمى جان جان فىگارىم،
كى ئۆز كامىمچە بولسە كارۇ بارىم.
كۆلى باغىم قۇرۇپدۇر فۇرقەتىڭدىن،
سۇغارسام چەشمە سارى سۇھبەتىڭدىن.»
چۇ يۇسۇف بۇ تەمەننا ئەيلەدى كۇش،
باشىن سالىپ زەمانى تۇردى خامۇش.
جەۋابىنى نې ئېردىيۇ نې ئارى،
كىم ئېردى غەيب سارى ئىنتىزارى.
قەبۇلۇ رەدد يەكسان ئېردى بۇراز،
بىناگەھ جىبىرەئىلدىن يەتتى ئاۋاز.
خۇدادىن يەتكۈزۈپ ئەۋۋەل سەلامى
بەس، ئاندىن سوڭرە كەلتۈردى پەيامى.
كۆرۈپ چۈن ئەجزىيۇ رازى زىلەيخا،
ساڭا ئەرزۇ نىيازىدىن ئاشكارا.
كى مەۋج ئۇردى ئانىڭدىن ئەجز كوشىش،
كېلىپ جوشىشغە بۇ دەريايى بەخشىش.
مۇرادى ھاسىل ئۇلدى شاد ـ خۇررەم،
ساڭا ئەرش ئۆزرە قىلدى ئەقد مەھكەم.
يەر ئۆزرە سەنھەم ئەتكىل ئەقد بەرپا،
تەمام ئەل ئىچرە بولسۇن ئاشكارا.
ئىنايەت ئەيندىن سەن ئاخىرى كار،
كى مەنزۇرى نەزەر بولغايسەن، ئەي يار.
بۇ ئەقدىڭدىن ساڭا چەندان گۆھەرلەر،
تۇغۇلغاي بۇ سەدەفدىن تازەۋۇ تەر.

## ھەقتەئالا ئەمرى - پەرمانى بىرلە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام زىلەيخانى ئەقدە نىكاھ قىلغانى ۋە توي ئارايىشى ۋە مۇبارەكبادلىق ئىشى سەرەنجام تاپىپ، زىفاف ۋاقىئ بولغانى

كېلىپ يۇسۇفغە فەرمانى خۇداۋەند،
زىلەيخا بىرلە قىلدى ئەقد پەيۋەند.
مۇھەييا قىلدى جەشنى خۇسرەۋانە،
بۇ جەشنى ئېردى تەھسىنى زەمانە.
ھۇدۇدى مىسىردا ھەر سەرۋەرى شاھ،
كېلىپ ئولتۇردى بارچە مەسنەدى جاھ.
خەلىل ئايىنى بىرلە دىن يەئقۇب،
كى دەستۇرى جەمىلى سۇرەتى خوب.
زىلەيخا ئەقدىن ئەتتى ئاشكارا،
كىم ئۇل ئەقدىغە ئالدى دۇررى يەكتا.
ساچىپ ئالەمگە تولدى گەۋھەرۇ زەر،
مۇبارەكباد ئېتىپ شاھۇ سىپەھلەر.
قىلىپ چۈن مۇئزىرەت رەسمىنى ئىزھار،
بولۇپ بەزم ئەھلى داغى شاد سەرشار.
يەنە ئەيلەپ زىلەيخانى داغى ياد،
ئىبەردى خاس مەھرەمخانەغە شاد.
يۈگۈرشۈپ ئالىدا جۇملە پىرىستار،
بارى خىزمەتدە ئەيلەپ قۇللۇق ئىزھار.

باشىغە قويدىلار تاجى مۇرەسسەئ،
لىباسى خۇسىرەۋى شاھانە بۇرقەئ.
مەيى زەۋقى سۇرۇر ئەلدىن قىلىپ جۇش،
بەغايەت شادۇ خۇش، غەمدىن فەرامۇش.
قويۇپ ئۆز مەنزىلىگە ھەر كىشى گام،
كى ئەلنىڭ ھايۇ ھۇيى تاپتى ئارام.
ئەرۇسى مەھ نىقاب مۇشكىن ئارتىپ،
يۈزىگە پۇر زەرەفشان پەردە تارتىپ.
قاراردى يەئىنى بۇ فىيرۇزە تارۇم،
ئاڭا ياندۇردى گىيتى شەمئى ئەنجۇم.
فەلەك ئاستى يەنە ئەقدى سۇرەييا،
شەفەق تۆكتى ئاڭا ياقۇتى ھەمرا.
چۇ بولدى تۈن سەۋادى پەردەئى راز
جەھان ئول پەردە ئىچرە راز پەرۋاز.
تۈزۈپ بەزمى مۇھەببەت بارچە مەھرەم،
بولۇپ خىلئەت ئارا ھەمرازۇ ھەمدەم.
قابۇغ مەھكەم ئېتىپ ئەغيارلارغە،
بېرىپ يول جۇملە ھەمئەسرارلارغە.
زىلەيخا خىلۋەت ئىچرە مۇتەزىر زار،
قىلىپ كۆڭلى تىپپىشتىن رەقس ھەر بار:
«مەنى تەشنە قويۇپمەن جامغە لەب،
ئۆكۈەمۇ يا تۈشۈمدۇرمۇ بۇ، يارەب.
بولۇپ بۇ تەشنەجان سىراب، يا يوق،
كېتەر يا كۆڭلىمدىن بۇ تاب، يا يوق.»
كى ئەيلەپ شادلىقدىن دىيدە پۇر ئاب،
گەھى مەئيۇسلۇقدىن كۆڭلى بىتاب.
دەر ئېردى: «كۆڭلۈم ئەتمەس ھېچ باۋەر،
كى مۇنداغ ھەم بولۇرمۇ بەخت ياۋەر.»
گەھى دەپ: «ئام ئېرۇر لۇتفى خۇداۋەند،
ئېرۇر نەۋمىد ئانىڭدىن ناخىرەدمەند.»
بۇ نەۋئ ئەندىشەدىن خاتىر كۇشايىش،
گەھى خۇش ئېردى كۆڭلى گاھ ناخۇش:
بەناگاھان ئاچىلدى پەردەئى دەر،
كىرىپ كەلدى خىرامان ماھى ئەنۋەر.
زىلەيخانىڭ كۆزى تۈشتى بەناگاھ،

تاماشا قىلدى چۇن پەي-دەرپەي ئول ماھ.
بۇ نۇر ئىشراقى ئانى قىلدى بىخۇد،
كۈن ئىشراقىدىن ئانداغ سايە نابۇد.
چۇ كۆردى يۇسۇف ئانى ئىشق ئارا خەرد،
بۇ يەڭلىغ بىخۇدۇ باشدىن-ئاياغ دەرد.
تەرەھھۇمدىن كېلىپ ئولتۇردى بۇ ھىن،
كەنارىنى قىلىپ باشىغە بالىن.
ئەبىر ئاسا ھىمدىدىن قىلدى ھۇشيار،
كۆز ئاچتى ئۇيقۇسىدىن بولدى بىدار.
جەمالىكىم كۆزىدىن ئېردى بەس دۇر،
مەھۇ سالى ئانىڭ ھەجرىدە مەھجۇر.
تاماشا قىلدى ئانداغ خوب زىيبا،
چۇ نەقشى چىن ئىدىيۇ روھى زىيبا.
جەمالى ھۇرى ئەيندەك خوب مەقبۇل،
ئېرۇر مەششاتەئى زىيب ئاندا مەئزۇل.
قاراپ كۆرمەكدە چۇن تاپتى قەرار ئول
قىلۇرغە ئوغرادى بوس كەنار ئول.
ئۆپەرگە تۇردى ئول شىرىن شەكەرنى،
ئۆپۈپ ھەم تىشلابان ئەنناب تەرنى.
چۇ بۇ مىھمان ئۈچۈن ئېردى مۇرەتتەب،
نەمەكدان خان ۋەسل ئۆزرە ئىكى لەب.
كىم ئاندىن قىلدى ئەۋۋەل بوسەئى ساز،
كى خان ئىچرە نەمەكدىن ياخشى ئاغاز.
نەمەكدىن شەۋق بولدى شور ئەنگىز،
كەمەر قىلدى ئىكى بازۇسىنى تىز.
كەمەر ئاستىدا چۇن بى پىچ رەنجى،
بولۇپ زاھىر ماڭا ناياب گەنجى.
كەمەر باغلاپ تەلەبدە چۇست جابۇك،
بۇ گەنجىغە تىلەپ بىر دۇرج نازۇك.
نەزەردە قويدى ئول سەرۋى گۇلئەندام،
مۇقەففەل ھۇققەئىكىم نۇقرەئى خام.
نې خازىن سۇنغان ئىلكىن ھۇققە سارى،
نى خازىندىن ئاچىلغاي قۇفل بارى
كەلىدى دۇرج ئېتىپ ياقۇتى ئەھمەر،
ئاچىپ قۇفل ئاندا سالدى ساف گەۋھەر.

www.uyghurkitap.com

سەمەندى ئەرسەسى ئىيردى بەساتەك،
كىرىپ جەۋلانغە بولدى ئاقىبەت لەك.
چۇ نەقش ئەۋۋەل قىلىپ سەركەشلىك ئىزھار،
كىچىپ ماۋۇ مەنىدىن ئاخىرى كار.
ئىكى گۇلبۇندەك ئىككى غۇنچەئى تەر،
ئىكەۋ بادى سەھەردىن بولدى ھەمپەر.
ئۇل ئىيردى ناشۇكۇفتە، بۇ شۇكۇفتە،
بۇ يەردە ئۇل، بىرى ئىيردى نۇھۇفتە.
چۇ يۇسۇف كۆردى بۇ ناسۇفتە گەۋھەر،
گۇلىستانىدىن ئۇزدى غۇنچەئى تەر.
دېدى: «ناسۇفتە نېچۇن قالدى بۇ دۇر،
نېدىن بۇ گۇل ئاچىلماي قالدى مەستۇر؟»
دېدى: «ھېچكىم ئاڭا سەنگەر مەكاندۇر،
ئەزىزدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەگەندۇر.
گۇلى باغىم ۋەلى گۇل ئۈزمەدى ھېچ،
تەمەننا ھەم ئاڭا كۆرگۈزمەدى ھېچ.
ئەگەرچە تۈند ئىدى شەھلىق زەمانى،
بەغايەت سۇست ۋەقتى كامرانى.
تۈشۈمدە تىفل ئىكەن چاغ كۆرگەن ئىيردىم،
سوراپ نامۇ نىشانىڭ بىلگەن ئىيردىم.
قىلىپ كۆپ مەرھەمەت، ئەيلەپ نەۋازىش،
قىلىپ ئىيردىڭ بۇ گەۋھەرنى سىپارىش.
تۈتۈپ ھەركىمدىن ئۇل نەقدىمنى مەنپاس،
تىگكۈرمەي گەۋھەرىمغە ھېچ ئالماس.
بەھەمدۇللاھكى، بۇ نەقدى ئەمانەت
كى ھەرگىز يەتمەيىن دەستى خىيانەت.
ساڭا بىئافەتى تەسلىم قىلدىم،
ئەگەرچە يۈز تۈمەنىمىڭ بىيىم قىلدىم.»
دېدى يۇسۇفغە بۇ سۆز ئۇل پەرى چېھر،
فۇزۇن يۇسۇفغە بولدى مېھر ئۆزە مېھر.
دېدى: «بۇ خوب ئەمەسمۇ سۇھبەتى خۇش،
بۇرۇن قەسد ئەتكەنىڭدىن، ئەي پەرىۋەش.»
دېدى: «ئارى، ۋەلې مەئزۇر ئىيرۇرمەن،
مەلامەت ۋەجھىدىن بەس دەۋر ئىيرۇرمەن.
مەن ئىيردىم ئىشق دەردىغە گىرىفتار،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئىيردىم ئاشىقى زار.
بۇ جان شەۋقىغە پايانى يوق ئىيردى،
كۆڭۈل دەردىغە دەرمانى يوق ئىيردى.
بۇ ھۇسنىڭكىم ساڭادۇر سۇرەتى ھۇر،
بۇلۇر ئەفزۇن دەما-دەم مەستۇ پۇر شور.
يوق ئىيردى سەبر ئىيتەرگە مەندە، يارا،
ماڭا ئەفۋ ئەيلەبان قىلغىل مەدارا.
كەمالى ئىشقىدىن ئۆتكەن خەتايى،
ئاڭا ئىشق ئىچرە يوق چۇنۇ چەرايى.
ئەگەر بۇ جۇرم تارتار سەر بەئىيۇق،
سىتېز ئەيلەر قاچان ئاشىقغە مەئشۇق.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ زلەيخاغە مۇھەببەتى غەلبە قىلغانى ۋە ئاڭا ئىبادەتخانەئى خاس بىنا قىلۇرغە مەشغۇل بولغانى

بىرەۋكىم قويدى ئاشىقلىقدا ئۇل گام،
ئاڭا مەئشۇقلۇقدۇر ئاقىبەت نام.
نېچۇككىم ئاشىق ئۇل ئىشقىدا سادىق،
ئاڭا مەئشۇق بولماي قالدى ئاشىق.
كەمالى سىدق ئىدى ئىشقى زلەيخا،
تەمام ئۆمرى ئۆتۈپ ئىشق ئىچرە شەيدا.
ئويۇن ۋەقتىكىم ئىيردى تىفل ئىكەن چاغ،
ئويۇندىن ئۆزگە بولماي شەۋق ئىشتىغال.
چۇ لۇئبەتبەتبازلىقكىم ئىيردى ئاغاز،
بارى ئىشتىغاللارغە ئىيردى دەمساز.
قىلىپ بازى ئۆچۈنكىم چارە سازى،
ئاڭا يوق ئىردى غەيرى ئىشقبازى.
قىلىپ ھازىر ئىكى لۇئبەتنى ھەردەم،
بۇلارنى ئەيلەبان بىر-بىرگە ھەمدەم.

بۇ بىرگە ياندىش ئەيلەپ ئۇل بىرەۋنى،
ئاتاپ مەئشۇق-ئاشىق بۇ ئىككەۋنى.
يامان-ياخشىنىڭكىم فەرق ئەيلەگەن چاغ،
ئىشەستۇ خاست رەسمىن ئاڭلاغان چاغ.
بۇ تۇشكىم كۆرگۈزۈپ ئۇل بەخت بىدار،
كى يۇسۇف ئىشقىغە قىلدى گىرىفتار.
كېچىپ ئۆز مۈلكىدىن ئەزم ئەتتى غۇربەت،
دىيارى مىسىردە قىلدى سۈكۈنەت.
بولۇپ يۇسۇف دىيارى ئارزۇسى،
تەمەننا ئەيلەپ ئانىڭ خاكبۇسى.
كېلىپ ئۆز شەھرىدىن ئۇل شەھر يۇسۇف
بارىدىن كەچتى ئاخىر بەھر يۇسۇف.
خەيالى بىرلە سەرف ئەتتى جەۋانى،
ۋىسال ئۈممىدىدە تابى نەۋانى
تەمەنناسى ئۇل ئىردى پىر ئىكەن چاغ،
تاماشايى ھەۋايى كور ئىكەن چاغ.
چۇ بولدى ئىرسە بۇنيادى جەۋان ئۇل،
نىسار ئەتتى ئانىڭ مېھرىدە جان ئۇل.
ئانىڭ مېھرىدە ئىردى تا تىرىك بار،
ئانىڭ يادىدە ئۆمر ئۆتكەردى بىسيار.
بولۇپ ئىشقى ئانىڭ بىھەددۇ غايەت،
بىل، ئاخىر قىلدى يۇسۇفغە سىرايەت.
ئاڭا جان بىرلە يۇسۇف بولدى مايىل،
كۆڭۈلدىن غەيرى نەقشىن قىلدى زايىل
سالىپ ئوت كۆڭلىگە ئۇل لەئل سىيراب،
كى بىر سائەت ئانىڭسىز قىلمايىن تاب.
بولۇپ ئانىڭ رىزاسى بارچە كامى،
قويۇپ يۈز يۈزگە، لەب لەبگە دەۋامى.
بېرىپ گەشتى تەرەفغە سۇ بەغايەت،
تۇشەر ئىردى دەما-دەم سۇغە ھاجەت.
زىلەيخاغە ئاچىلدى پەردەئى نەۋ،
ھەقىقەت ئافتابى سالدى پەرتەۋ.
بولۇپ يۇسۇفدىن ئۇل بىر تۈن گۇرىزان،
خەلاس ئىستەپكىم ئۇل ئۇفتان خىزان.
يېتىپ بۇ ئارقاسىدىن دامەنىنى،
تۇتۇپ چاك ئەيلەدى پىراھەنىنى.
زىلەيخا ئايدى: «مەن ئىردىم ئەلەمناك،
سېنىڭ پىراھەنىڭنى ئەيلەدىم چاك.
چۇ سەنھەم پارە قىلدىڭ دامەنىمنى،
ئانىڭ پاداشىغە پىراھەنىمنى.
ئەمەسمەن بۇ تەفاۋۇتدىن ھەراسان،
ئىككەۋ بۇ پىرەھەنۋەرلىكدە يەكسان.»
كۆرۈپ يۇسۇف ئانى نىيەتدە خالىس،
بەسىدقى دىل ئۇبۇدىيەتدە خالىس.
ئاڭا ئالتۇندا بىر كاشانە قىلدى،
نې كاشانە، ئىبادەت خانە قىلدى.
دەرى دىۋارى پۈر نەقشى نىگارىن،
فەزائى فەرشىدىن تا سەقفى نەقشىن.
سىزىپ نەقش ئەجەب ئۇستاد كامىل،
مۇھەندىسلەر خەيالى ئاندا باتىل.
تونۇكدىن بەخت نۇرى ئىردى تابان،
ئىشىكدىن قاسىدى دەۋلەت شىتابان.
يامان كۆزدىن چۇ ئالىي غەرقەسىدۇر،
مۇقەۋۋەس تاقى گويا ئەبرۇيى ھۇر.
ئالىپ چۇن شەممەسىدىن مايە خۇرشىد،
مەھال ئىردى ئۇل ئۆيدە سايە ئۈممىد.
تامىپ نەققاشى كىلكىدىنكى ئابى،
تۇشۇپ ھەر شەممەلەرنىڭ ئەكس تابى.
ئۇنۇپ دىۋار ئاياغىدىن مۇكەررەر،
سەئادەت ئەسلىدىن رەئنا شەجەرلەر.
قونۇپ ھەر شاخىغە بىر خۇشلىقا قۇش،
ۋەلې لەھن ھەۋادىن ئىردى خامۇش.
قويۇپ بۇ ئۆيدە بىر فەرخۇندە تەختى،
كى تەختى زەرر لەئلى ناب لەختى.
قويۇپ كۆز نەقشىغە چەندان گۇھەرلەر،
تاپىلماي ئاندا بىر كۆز قويغالى يەر.
زىلەيخا ئىلكىنى مېھر ئەيلەپ ئىزھار،
تۇتۇپ تەخت ئۆزرە ئۇلتۇرغۇزدى سەرشار.
دېدىكىم: «ئەي ماڭا چەندان كەرامەت
قىلىپ، شەرمەندە قىلدىڭ تا قىيامەت.

كىم ئۇل ۋەقتى غۇلام ئېردىم ساڭا مەن،
كەرامەت خانەئى قىلدىڭ ماڭا سەن.
زەرۇ لەئلى - گۆھەر ھەرف ئەيلەپ، ئەي جان،
ھەر ئۇل زىيىنەتكى باردۇر قىلدىڭ ئىمكان.
ساڭا شۈكرى ئەتا ئەيلەرگە بۇ دەم،
بىنا قىلدىم ئىبادەتخانەئى مەن.
قىل ئاندا ئولتۇرۇپ شۈكرى خۇدايى،
كىم ئاندىن ھەر سەرى مۇ دۇر ئەتايى.
فەقىر ئېردىڭ، سېنى قىلدى تەۋانگەر،
زەئىفى پىر ئىدىڭ، رەئناۋۇ دىلبەر.
كۆزۈڭ قۇتى كور ئېردى، بەردى ئۇل نۇر.
ئاچىپ رەھمەت ئىشىكىن، قىلدى مەسرۇر،
نەچە يىل ئەيلەدىڭ غەم زەھرىدىن نۇش،
بۇ كۈن قىلدى سېنى ئاندىن فەرامۇش.
مۇرادۇ مەقسەدىڭغە يەتتىڭ ئاخىر،
ۋىسالىم دەۋلەتىنى تاپتىڭ ئاخىر.»
خۇدا تەۋفىقى بىرلە ھەم زىلەيخا
كېلىپ ئولتۇردى تەخت ئۇستىدە يەكتا.
بۇ خىلۋەتدە مۇيەسسەر، شاد - خۇرسەند،
ۋىسالى يۈسۈفى فەزلى خۇداۋەند.

## يۈسۈف ئەلەيھىسسەلام ئاتا - ئاناسىنى تۈشىدە كۆرۈپ، ھەقتەئالادىن ئۆزىگە ۋەفات تىلەگەنى ۋە زىلەيخا بىچارە ئىزتىرابغە قالغانى

زىنى ھەسرەتكى، بىر فەرخۇندە بەختى
كى ئېلىتىپ بارىگاھى ۋەسل رەختى.
ئەرۇسى ئىززۇ دەۋلەت ئەيلەپ ئاغۇش،
قىلۇر ئەندۇھى ھىجرانىنى فەرامۇش.
چۇ كۆرمەي خاتىرى غەمدىن غۇبارى،
كەچۈرگەي شادۇ خۇررەم روزگارى.
بەناگاھ تۇند يەتكەي باد ئىدبار،
سەمۇمى ھەجر ئەتكەي نا سەزاۋار.
كىرىپ چۇن ۋەسل باغى ئىچرە گۇستاخ،
دەرەختى ئاررۇدىن سىندۇرۇپ شاخ.
زىلەيخا تاپتى يۈسۈف ۋەسلىدىن كام،
ۋىسالى بىرلە دايىم تاپتى ئارام.
يىلۇ ئاي ئۆتتى ئەييامى ۋىسالى،
بۇ دەۋلەت بىرلە چىھىلدىن ئۆتتى سالى.
بېرىپ كۆپ مىۋە ئۇل نەخلى بەرۇمەند،
نى مىۋە، مىۋەئى فەررەزەندۇ فەرزەند.
فەلەك دەۋرىدىن ئېردى شاد خۇشدىل،
تەمامى ئاررۇسى ئېردى ھاسىل.
بۇ غەددارى يەنە جەۋر ئەيلەپ ئىزھار،
سىتەمغە تۇردى ئاخىر ئۇل سىتەمكار.
تۇتۇپ بىر تۈن ۋەتەن مېھراب تائەت،
بەناگاھ ئىلتىبان ئۇيقۇ بۇ سائەت.
باشىغە دەرمەھەل سالدى چۇ بۇرقەئ،
تۈشىدە كۆردى يۈسۈف تۇرفە ۋاقىئە.
ئاتا بىرلە ئاناسى ئولتۇرۇغلۇق،
ئىكەۋ ئاي كۈن كەبى مەجلىس قۇرۇغلۇق.
نىدا قىلدىلار: «ئەي فەررزانە - فەرزەند،
كۆزۈمغە نۇرسەن، جانىمغە پەيۋەند.
فىراقىڭ ھەددىدىن ئاشتى، كەلگىل، ئەي جان!
بەغايەت ئىشتىياقىڭ، كەل شىتابان.
رەقەم تاكى چېكەرسەن ئاب - گىلغە،
قەدەم قويغىل ھەرىمى جانۇ دىلغە.»
چۇ يۈسۈف ئۇيقۇدىن ئويغاندى ناگاھ،
زىلەيخانى تۈشىدىن قىلدى ئاگاھ.
بۇ تۈشدىن تۈشتى كۆپ ۋەھمى جۇدالىق،
يەنە ھىجران ئوتىغە مۇبتەلالىق.
زىلەيخا جانى غەم خەيلىغە پامال،
جۇدالىق فىكرى ئانى قىلدى بەدھال.
فەنا شەھرىدە يۈسۈف ئېردى مەھزۇن،
بەقا مۈلكىغە شەۋقى بولدى ئەفزۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرۇن چەكتى قەدەم بۇ تەڭگنادىن،
نىشان ئالدى رەھى ۋۇسئەت سەرادىن.
فەنا دەيرىدىن ئىلتىپ ھوش مەتائىن،
بەقا مىھرابىغە يۈزلەندى بۇ ھىن.
دۇئاغە قول سۇنۇپ قىلدى مۇناجات،
تەزەررۇئ باشلاپان ئىزھارى ھاجات:
«كى ئەي مۇھتاجلار ھاجەت رەۋاسى،
شەھەنشاھى جەھانلار پادىشاسى.
بۇ شەھلەر باشىغە تاج ئۇرغۇچىسەن،
گەدالار ئىھتىياجى بەرگۈچىسەن.
باشىمغە قويدۇڭ ئانداغ تاجى ئىقبال،
كى ھەرگىز بەرمەدىڭ ھىچكىمگە بۇ ھال.
بۇ كىشۋەردىن مىنىڭ كۆڭلۈم بەسى تەڭ،
جەھانبانلىقدىن ئولدى خاتىرىم دەڭ.
فەنا مۇلكىنى مەندىن ئەيلەبان رەد،
بەقا شەھرىدە بەر مۇلكى مۇئەببەد
ئالىپدۇر ھەق يولىنى ئەھلى دىنلار،
رىسالەت بەزمىدە بالا نىشىنلار.
مىنى ھەم ئەمدى بۇ ئەل بەزمىغە سۇر،
بۇلارنىڭ قۇربەتى ئەسرىغە يەتكۇر.»
يەقىن بىلدى بۇ دەئۋەتنى زىلەيخا،
ئەسەر زاھىر قىلۇر پات ئاشكارا.
دۇئاسى ياسىدىن چىقتى خەدەڭگى،
ئانىڭ تەئسىرىدە يوقدۇر دەرەڭگى.
كىرىپ ئول كۇلبەئىغە تىيرەۋۇ تەڭ،
يايىپ گىسويى مۇشكىن زۇلفى شەبرەڭ.
ساچار ئىردى بۇ غەمدىن باشىغە خاك،
سۇرۇپ قان چىھرەسىن يەرگە ئەلەمناك.

بۇ نەۋئ ئول دەردۇ غەم بىرلە ھەمئاغوش،
دەر ئىردى يىغلايۇ ئۆزدىن فەراموش:
«كى ئەي ھەر دەردۇمەند دەردىغە دەرمان،
ۋە ئەي ھەر خەستە دىلغە مەرھەمى جان.
مۇرادى خاتىرى ھەر نامۇرادا،
بارى دەرماندەغە مۇشكىل كۇشادا.
كەلىدى قۇفل ھەر دەر بەستە گەنجۇر،
شىفا بەخشايى ھەر دىلخەستە رەنجۇر.
ئەسىرى غەمغە لۇتفۇڭ يارۇ غەمخار،
خەلاسى بەخش بەندى ھەر گىرىفتار.
كۆڭۈل سەد پارەئى ھالىم پەرىشان،
ئىشىمغە چارە تاپماي تۇرفە ھەيران.
ماڭا يوق تاقەتى ھىجرانى يۇسۇف،
تەنۇ جانىم فىدايى جانى يۇسۇف.
دەمى ئانسىز جەھانۇ جان كىرەكمەس،
ملك ئانچە بولسە نې جانان كىرەكمەس.
ئانىڭسىزدۇر نىھالى ئۇمر بىبەرگ،
ھەياتى جەۋىدان ئانسىز ئىرۇر مەرگ.
ۋەفا قانۇنىدا نىكومۇدۇر بۇ:
كى مەن بولغايمەن ئاندا، بولماغاي ئۇ.
ماڭا گەر قىلماس ئولساڭ ئانى ھەمراھ،
مىنى ئەۋۋەل چىقارغىل، ئانى ئانگاھ.
جۇدالىق مىھنەتىغە تاقەتىم يوق،
جەھانغە ھەرگىز ئانسىز ھاجەتىم يوق.»
بۇ نەۋئ ئەيلەپ تۇنۇكۈن گىريەۋۇ سوز،
ئاڭا يەكسان ئىدى ھالىيى شەب-روز.
بەلې ھەركىمكى غەمدىن كۆڭلىدۇر تەڭ،
تۇنۇ كۈندۇر ئانىڭ ئالىدا يەك رەڭ.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ روھى بۇلبۇلى تەن قەفەسىدىن پەرۋاز قىلغانى ۋە زىلەيخا ئانىڭ فىراقىدا ھەلاك بولغانى

چۇ يۇسۇف بامدادى غەمدىن ئازاد،
سەھەر فەيزىدىن ئىردى غەمدىن ئازاد.
كىيىپ زىبىا لىباسى شەھرىيارى،
چىقىپ ئىردى قىلىپ ئەزمى سەۋارى.
ئۆزەڭگۈگە ئاياغ ئالغاندا جىبرىل
كېلىپ، ئايدى: «كۆپ ئەتمە ئەمدى تەئجىل.

www.uyghurkitap.com

يەنە بىرگە سۇنارىڭغە زەمان يوق،
بۇ چەرخى ئۇمر فەرسادىن ئەمان يوق.
ئەنان قايتارغىل ئەمدى ئۆزگىل ئامال،
رىكابى زىندەگانلىقدىن ئاياغ ئال.»
ئىشىتتى يۇسۇف ئاندىن بۇ بىشارەت،
فەراموش ئەتتى جەمئى مالۇ مۇلكەت.
سۆيۈنۈشدىن قىلىپ فاش، ئول، بۇسىرنى،
تىلەپ ۋاپىسلارىن كەلتۇردى بىرنى.
ئۆزى ئورنىدا ئانى ئەيلەدى شاھ،
بېرىپ ياخشى نەسىھەت، قىلدى ئاگاھ.
يەنە ئايدى: «زىلەيخا كەلسۇن، ئايتىڭ،
ۋىدائىم مۇئەدىنى بىلسۇن، ئايتىڭ.»
دىدىلار: «ئول بۇ غەمدىن زارۇ ھەيران،
ياتىپدۇر قانۇ تۇفراق ئىچرە غەلتان.
سالماس تاقەت ئول بىچارەئى زار،
انى ئۆز ھالىغە قوي، بەرمەي ئازار.»
دېدى: «قورقارمەن ئاندىنكىم، بۇ ھەسرەت
ئانىڭ كۆڭلىدە قالغاي تا قىيامەت.»
دېدىلار: «ھەق ئانى خۇرسەند تۇتغاي،
شىكىباۋۇ قەۋيى پەيۋەند تۇتقاي.»
بار ئېردى جىبرەئىل ئىلكىدە بىر سىيىب،
كى باغى خۇلدغە ئاندىن ئىدى زىيىب.
ئانى يۇسۇف قولىغە بەردى فىلھال،
ئالىپ يىدلاپ، پۇراپ، جان بەردى خۇشھال.
بەقا باغىدىن ئارى ئالدى بويى،
كى بولدى باغ سارى جۇستجويى.
چۇ يۇسۇفدىن چىقىپ ئول سىيىب ئىلە جان،
بۇ ھازىرلار جانىدىن چىقتى ئەفغان.
بەغات ئەۋجىغە يەتتى بۇ فەرياد،
سەدا كۆك گۇنبەزىدە قىلدى بۇنياد.
بۇ غەۋغانى ئىشىتتى چۇن زىلەيخا،
تۆكەر ئېردى كۆزىدىن خۇن زىلەيخا.
دېدىكىم: «بۇ نەچۇك شورۇ فىغاندۇر؟
فىغاندىن پۇر زەمىنۇ ئاسماندۇر؟»
دېدىلاركىم: «ئۇشۇل شاھى جەۋانبەخت
جەھاندىن ئاخىرەتغە ئېلىتتى رەخت.
ۋىدائ ئەيلەپ جەھاندىن شاد خۇشدىل،
سەرايى لامەكاننى قىلدى مەنزىل.»
ئىشىتتى چۇن بۇ سۆزنى، بولدى مەدھۇش،
ئۆچۇپ چۇن تىيرە بولدى مەشئىلى ھۇش.
بۇ سۆزنىڭ ھەۋلىدىن ئول سەرۋى رەئنا.
كى بىخۇد ياتتى ئۈچ كۇن سايە ئاسا.
چۇ تۆتىنچى كۇن ئېردى بولدى ھۇشيار،
يەنە ئىشىتىپ يىقىلدى بىخۇد ئول زار.
بۇ نەۋئ ئۈچ نەۋبەت ئۈچ كۇن يانە بىخۇد،
قىلىپ جانى رەھى ئىدراك مەسدۇد.
نى بىستەر ئۆزرە ئىستەپ تاپتى ئانى،
نى يۇرگەن يولىدىن ئالدى نىشانى.
خەبەر مۇندىن بۆلەك سۆز ئايمادىلار،
كى چۇن گەنج ئانى پىنھان ئەيلەدىلەر.
بولۇپ بۇ چەرخ دەۋرىدىن ئەلەمناك،
كەرىبان سۇبھ يەڭلىغ ئەيلەدى چاك.
ئول ئوتكىم سىينەسىدە ئېردى پىنھان،
ئاڭا يول ئاچتى چاك ئەيلەپ گىرىبان.
دىلۇ جانىدا بۇ يولدىن دەما ـ دەم،
فۇزۇنراق بولدى بۇ ئوت سوزىنى كەم.
يۈزىن پۇر رەخنە ئەيلەپ ئۇردى ناخۇن،
ئارىقلار قازدى بەھرى چەشمەئى خۇن.
ئاقىزدى رەخنەلەردىن قان ئارىقۋار،
سەمەن زارىنى قىلدى ئەرغەۋان زار.
ئۇرار ئېردى بۇ غەمدىن كۆكسىگە تاش،
يۈزىگە كاچ ئۇرۇپ، دىيۋارغە باش.
بۇ سىيمەدىن ئەقىقۇ تەرلەر ئوندى،
بۇ نالەدىن ھەمە نىلۇفەر ئۆندى.
چۇ فەرقى نازۇكىغە ئۇردى پەنجە،
قىلىپ ئۇ پەنجە بىرلە ئانى رەنجە.
يەڭىل رەيھاندىن ئەتتى سەرۋ بوستان،
ئۈزۈپ سۇنبۇل، يوق ئەيلەپ سۇنبۇلىستان.
بەغايەت خاتىرى چۇن ئېردى ناشاد،
كۆڭۈلدىن نەۋھە، جاندىن چەكتى فەرياد:

«قانى يۇسۇف، قانى فەزلى ئەتاسى،
قانى مۇھتاجلار ھاجەت رەۋاسى.
ئىگەرلەپ تەۋسەنىن قىلمىش بۇ كۈن ئەزم،
بەقا مۇلكى سارى ئەزم ئەيلەبان جەزم.
نە بىلدىم مەن بۇ نەۋئ ئەيلەر شىتابى،
ئاياغىن ئۆپمەدىم مەن خۇد رىكابى.
نېتەيكىم، رايىگان قولدىن يىبەردىم،
نەچۇك كەتتى، ھۇزۇرىدا يوق ئېردىم.
باشىنى بالىن ئۈزرە كۆرمەدىم ھېچ،
ئەرەق نەسرىن يۈزىدىن سۈرمەدىم ھېچ.
تەنى رەنجۇرى رەنج ئاستىدا تالىپ،
يۆلەپ ئولتۇرمادىم سىينەمگە ئالىپ.
چۇ ئېلتىپ تەختە سارى تەختىدىن رەخت،
ھۇمايى بەخت ئولۇپ ئول تەختەچۇن رەخت،
گۇلاب ئەيلەپ بۇ خۇن ئەفشان كۆزۈمدىن
يۇسام، ئەي كاش، جىسمى نازەنىندىن.
ئاڭا تەكفىن تەجھىز ئەيلەبان خاست،
كەفەن نازۇك تەنىغە قىلمادىم راست.
دەرىغا، بولمادىم بۇ ئىشدا سەركار،
كى تالا غەر تەنىم قىلغاي ئىدىم تار.
بۇ غەمدىن سانچىلىپ يۈز خار جانغە،
چۇ مەھمىل باغلاپ ئول جانۇ جەھانغە.
چۇ ئاھەڭ خابگاھىڭ قىلدىلار خاك،
نىھان قىلدىلار ئاندا چۇن دۇرۇ پاك.
يۈزۈم بىرلە سۈپۈرمەي خابگاھىن،
كى سىيىر ئولغۇنچە كۆرمەي روي ماھىن.
بۇ نەۋئ ئولدۇم زىيانكار، ئەي دەرىغا!
بۇ يەڭلىغ مەن جىگەر خار، ئەي دەرىغا!
كەل، ئەي مەقسۇدى جان، مەھرۇملۇغۇم كۆر،
بۇ رەڭ بىچارەئى مەجنۇنلۇغۇم كۆر.
ئۈزۈلدۈك مەندىنۇ بىر قىلمادىڭ ياد،
دەمى دىيدارىڭ ئىلە قىلمادىڭ شاد.
ۋەفادار ئۇ ۋەفادارى بۇ دۇرمۇ؟
نىگارا، شيۋەئى يارى بۇدۇرمۇ؟
سالىپ كەتتىڭ بۇ نەۋئ ئەبلەيپ گىرىفتار،
كى خاكى خۇن ئارا تاشلاپ مېنى زار.
دىلۇ جانىمغە سالدىڭ ئۇرفەخارى،
چىقار مۇمكىن ئەمەس تا روز كارى.
نې ئول مەنزىلغە ئەزم ئەتتىڭ شىتابان،
كىم ئاندىن تاپماق ئولغاي ھېچ ئىمكان.
بۇدۇركىم ياخشىراق مۇندىن ئاچىپ پەر،
ئۇچۇپ بارغايمەن ئاندا، قويغامەن سەر.
مۇنى دىپ چۇن ئەمارى قىلدى دەر خاست،
ئەمارىنى ئۆزىگە ئەيلەدى راست.
يۈگۈردى چۇستۇچالاك ئول بەديەكبار،
بارىپ يۇسۇف مەزارىن ئۆپتى سەدبار.
بۇ ۋەھشەتخانەدىن بولدى رەۋانە،
ئۇشۇل گەۋھەرنى ئىستەپ باردى يانە.
نىشانى تاپماي ئاندىن خاكدىن باش،
كى خاكى پۇشتەئى نەمناكدىن تاش.
سۇرۇپ ئالتۇن يۈزىدىن توزدى ئەفغان،
گەھى لەئلى، گەھى بولدى دۇر ئەفشان.
بۇ خاكى پۇشتەغە ئول مېھرى پايە،
ئۆزىنى تاشلادى مانەندى سايە.
ئۆپۈپ فەرقىغە گاھى، گاھ ئۆپۈپ پاي،
قىغان تارتىپكى جاندىن، ۋاي، ئەي ۋاي.
گىل ئاستىن بىخ گۇلدەك سەن نۇھۇفتە،
مەن ئۇستۇن شاخ يەڭلىغ نەۋ شۇكۇفتە.
سەن ئول تۇفراغ ئارا چۇن گەنجى پىنھان،
يەر ئۈزرە مەن جەۋاھىر گەۋھەر ئەفشان.
ياتىپ يەر قەئرىدە سەن چۇن دۇرى پاك،
قالىپ سۇ ئۈزرە مەن چۇن خارۇ خاشاك.
خەيالىڭ مەۋجى چۇن ھاكىمغە ئۇردى.
فىراقىڭ شۇئلە خاشاكىمغە ئۇردى،
بۇ خاشاكىم ئوتىغە بەس، گۇۋاھىم.
چىقار چەرخ ئۈزرە بىجان دۇدى ئاھىم.
كىنشەكىم قىلدى بۇ دۇد دەم تەماشا،
كۆزى بىر مەنقەل ئولدى مەشئەل ئاسا.
ئۇرۇپ تۇفراقغە ھەردەم سىينەئى چاك،
[illegible]

قىغانۇ ناله ئەيلەپ ئاھۇ فەرياد،
تىلەپ چەرخى فەلەك غەددارىدىن داد.
غەمۇ ھەسرەت بولۇپ ھەددىن فۇزۇن تەر،
مىسالى خاكبۇس ئولدى نىگون سەر.
سالىپ ئىككى كۆزىگە چۇن ئون ئەنگۇشت،
بۇ گەۋھەلەردىن ئەيلەپ پۇر ئىكى مۇشت.
ئالىپ چۇن يەرگە سالدى گەۋھەرىنى،
كى نەرگىس دانەدىن نەرگىسلەرىنى.
يۇلۇپ نەرگىسلەرىنى قولغە ئالدى،
باشىنىڭ كاسەسىدىن يەرگە سالدى.
بۇ نەرگىس يەرگە سالماق بولدى مەتلۇب.
كى تارماقىكى تۇفراق ئۇزرە مەرغۇب ①
يۈزۈڭ گۈلزارىدىن بولغاي جۇدا كۆز،
بۇ يەڭلىغ كۆرگەنى ياخشى جەزا، كۆز.
جۇدا بولغان يۈزۈڭدىن نۇر دىيدار،
ئەگەر كۆز چولغان ئولسۇن، ئول مەدەدكار.
ئىبرۇر رەسمى مۇھەببەت بىن مەھجۇر،
كى نەفس ئۈزرە قارا بادام مەشھۇر.
جۇدا تابۇتىدىن ئىبردى بۇ ناكام،
چۇ تۇفراقىغە ساچتى ئىككى بادام.
يۈزىن تۇفراقىغە سۈرتۈپ، تۆكۈپ قان،
يەر ئۆپتى، بەردى مىسكىنلىق بىلە جان.
خۇش ئول ئاشىقكى جان بەرگەي بۇ مىنۋال،
كى جانان ۋەسلى بۇيى بىرله قىلھال.
كۆرۈپ ھەمرەھلەرى بۇ ھال ئەتۋار،
قىغان تارتىپ ھەمە يىغلاشتىلار زار.
ھەر ئول نەۋھەكىم ئول يوسۇفغە تارتىپ،
بۇلاردىن نەۋھە چەندان ھەددىن ئارتىپ.
بەغايەت نەۋھە ئەيلەپ نەۋھەگەرغە،
مىسالى نەۋھەگەر ئول سىيمبەرغە.
نەۋايى نەۋھە سازى بولدى چۇن پەست،
كى غۇسل ئەيلەرگە ئاندىن سۇندىلار دەشت.
تۆكۈپ كۆزدىن يۇدىلار ئەشك بارىن

چۇ گۈل بەرگى كەبى ئەبرى بەھاردىن.
سىمەن شاخىدىن ئۇنگەن غۇنچەدەك چۇست،
كى زەنگارى كەفەنگە ئالدىلار رۇست.
ئانى فۇرقەت غۇبارىدىن قىلىپ پاك،
جەۋارى يۇسۇف ئەتتىلەر تىرى خاك.
ئۆلۈمدىن سوڭ بۇ دەۋلەت كىمگە ياۋەر،
كى جانان سۇھبەتى بولغاي مۇيەسسەر.
ۋەلى ئول پىر دانايى ھىكايەت،
قىلۇر ئۇستادلاردىن بۇ رىۋايەت.
بۇ نەۋئ ئايتۇركى: ئول ھەر جانىبى نىل
چۇ جىسمى پاك يۇسۇف قىلدى تەھۋىل.
بولۇپ ئول جانىبى قەھتۇ ۋەبا كۆپ،
مەئاشى نىئمەت ئورنىدا بەلا كۆپ.
مۇقەررەر بولدى ئاخىر سۇلھى تەدبىر،
كى تابۇت ئەتتىلەر تاشدىن سەۋاپ قىر.
قىلىپ تاشنىڭ شىكافىن قىر ئانداي،
كى قەئرى نىل ئاستىن قىلدىلار جاي.
نەچۈك مەكر ئەيلەدى بۇ چەرخى غەددار،
ئىكەۋ ھەققىدە ئەيلەپ كىينە ئىزھار.
كۆر، ئاخىر ئەيلەدى كۆپ بىۋەفالىق،
كىم ئۆلگەندىن كېيىن سالدى جۇدالىق.
نەچۈك جەۋر ئەتتى، كۆرگىل، بۇ ستەمگەر،
ئۆلۈك ھەققىدە نىچۇن كىينە ئەيلەر.
نې گىن ئەيلەركى، بىلمەم، بۇ ئىكەۋغە،
كى زۇلم ئىزھار ئېتىپ بۇ ھەر بىرەۋغە.
يەر ئاستىن ھەم ستەمگەرلىككە تۇردى،
بۇلارنىڭ سۆھبەتىغە بەرھەم ئۇردى.
بىرى چۇن ئاشنالىق بەھرىدە غەرق،
بىرى لەب تەشنە ھىجران پايى تا فەرق.
نې خۇش دەپدۇركى ئۇششاقى نىكۇھال،
كى ھەر سۇدۇ زىياندىن فارىغۇل ـ بال.
كۆڭۈلكىم ئىشقدىندۇر گەرمى بازار،
قاچان ئاسۇدەلىك بىرله ئىشى بار.

① ئەسلى قول يازمىدا «خوب» دەپ يېزىلغان، تۈزىتىپ ئېلىندى.

کەفەن ئاشىقغەدۇر سەد پارەئى چاك،
فەلەك ئۈستۈن، گەر ئولسۇن ياتەھى خاك.
خۇش ئول ئاشىق بەلايى داغى ھىجران
كى جانان خىلۋەتىغە ئىلتكەي جان.
بىرىپ جان ئول پەرى جانانە كەتتى،
بۇ نەۋئ ئول شىرزەن مەردانە كەتتى.

بۇ نەۋئ ئۈلمەكنى ھىچكىم ئۈلدى دەرمۇ؟
كى ئاشىق جان ئۈچۈن ئاندىن كېچەرمۇ؟
بىرۇن ئەغياردىن ئويدى كۆزىنى،
بەس، ئاندىن بەردى جان نەقدىنەسىنى.
تەنۇ جانىغە يەتسۇن فەيز چەندان،
كى جانغە ھاسىل ئولسۇن ۋەسلى جانان.

بۇ فەلەك پۇر نەكابەت شىكايەتىمدەكىم ئەژدەرھاۋار ئەھلى ئالەم
ئەترافىدىچە ھەلقە ئورۇبدۇر ۋە ھەممەنى تەسەررۇپى دائىرەسىغە
ئالىپدۇر. نە ھېچ دەرماندەلەرغە ئانىڭدىن ئۈمىد ئىھسان، نە
ھېچ ئەفتادە لەرغە ئانىڭدىن قاچارغە ئىھتىمال نې ئىمكان

فەلەك بىر ھەلقە ئورغان ئەژدەھايى،
كى خەلق ئازارىغە زور ئازمايى.
ئانىڭ پىچىۋ خەمىغە بىز گىرىفتار،
قۇتۇلماق ئىھتىمال ئاندىن قاچان بار.
يامان قالغاي ئانىڭدىن يوقتۇرۇر زەخم،
كى يۈزمىڭدىن بىرىگە قىلمادى رەھم.
يوق ئانىڭ زۇلمىدىن ھىچكىم سەلامەت،
نى جانكىم بولمادى ئاندىن جەراھەت.
ھەر ئەختەركىم ئىرۇر رەۋشەن چىراغى،
ئىرۇر ئازادەلەر كۆڭلىگە داغى.
تۆمەنمىڭ داغى بارۇ مەرھەمى يوق،
بۇ بى مەرھەملىكدىن ھىچ غەمى يوق.
قارا تۈنلەردە يۈزمىڭ نۇر پەيدا،
ھەزاران رەۋزەن ئول تۈندە ھەۋەيدا.
نې ھاسىل تۈشمەس ئاندىن ھىچ نۇرى،
نې ئاندىن ھىچ خاتىرغە سۇرۇرى.
كۈنىدە شىر يەڭلىغ يوقدۇ رەڭگى،
سەراسەر تۈنلەرى رەڭگى پەلەڭگى.
قىلۇر ھەركىمگە رەڭگى ئاشىنالىق،
مۇقەررەردۇر ئاڭا ئاخىر جۇدالىق.
بەسى گەردىش قىلىپ بۇ چەرخى گەردان،
بەسى تابىش مەھى خۇرشىدى تابان.
تەبايىئ بىر-بىرىگە رام بولدى،

سەراسەر جان قۇشىغە دام بولدى.
تەخى بۇ مۇرغەكى نافەررۇخ ئەنجام،
كى بۇ دامىدىن ئالماي دانەئى كام.
تەبايىئ بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ بەند،
بولۇر ھەر قايسى ئۆز ئەسلىغە پەيۋەند.
قالىپ بىچارە قۇش بى ئاشيانە،
كۆڭۈل پۇرخۇنلۇقىدىن ئابۇ دانە.
ۋەفاسىزدۇركى چەرخى مىھرى گەردى،
كېيىن ئەيلەرگە يوقدۇر ھىچ كەرەمى.
ئۇرۇپ چۇن سۇبھى ھەركىم مىھرىغە گام،
شەفەقدەك قان ئىچىدە پاتتى ھەر شام.
كىم ئانىڭ داغىدىن يوق كۆڭلىدە غەم،
قايۇ جانكىم يوق ئاندا داغى ماتەم.
بەھاران فەسلىدە قىل سەيرى بوستان،
تاماشا قىل ھەمە باغۇ گۈلىستان.
نەچۇكدىن غۇنچە بولمىش پىرەھەن چاك،
نېدىن ئول سەبزەئى تەرخار خاشاك.
نې بائىس پەردەئى گۈل پارە-پارە،
كى تەن پۇر شۇئلەئى، جان پۇر شەرارە.
يوق ئەتمىشكىم ئۇشۇل سەرۋى رەۋانىنى،
كىم ئەتمىش غەرقەئى خۇن ئەرغەۋانىنى.
نې تەن پەژمۇردە لالە سەبزەۋەر ھەم،
تۆكەر نەرگىس كۆزىدىن ئەشك شەبنەم.

بىنەفشە ھەلقىدىن كۆز سۇگۋارى،
چۇلالە غەرق خۇن ھەم داغدارى.
سەنەۋبەر كۆكسى بولمىش شاخ دەر شاخ،
تەنى كۇن تىغىدىن سۇراخ-سۇراخ
ئېرۇر گۇلدىن يۇزى پۇر داغ گۇلبۇن،
سەمەن تىرنارغە چېھرە تىير ناخۇن.
سەبادىن بەرگلەر پۇر رەقس ئەندۇھ،
كى قۇشلارنىڭ غەمى جانگاھى چۇن كۇھ.
سەدايى قۇمرى كۇ-كۇ ھەر قايانده،
قانى ئاسۇدەلىك يەئنى جەھانده،
ھەزاران دەرد يۇزىنىڭ نالەۋۇ ئاھ،
نەچۇك جانىم ئاڭا غەم تاپمادى راھ.
مۇتەۋۋەق فاختە بويىندا چەنبەر،
بۇ چەنبەردىن قاچان بىرۇن ئېرۇر سەر.
جەھاننى كۆردۇڭۇ فەسلى بەھارى،
خەزاندىن ھەم ئايىغىل ئېئتىبارى.
دەمى سەردىن كۆرۇڭ بادى خەزاننىڭ،
سارىغ رۇخسارىنى بەرگى رىزاننىڭ.
فىراق ئەييامىدىن ئاھى ئانىڭ سەرد،
جۇدالىقدىن مۇنىڭ رۇخسارىدۇر زەرد.
كېتىپ چۇن رەڭگى-بۇيى شاھىدى باغ،
بۇ ماتەمدىن قارادۇر پوشىشى زاغ.
يالىڭدۇر شاخى ھەر بوستانۇ باغى،
دۇمى تاۋۇس ئولۇپ، پايى كەلاغى.
تۇشۇپ چادىر باشىدىن نەستەرەننىڭ،
كېتىپ سەرپۇش خىيمە نارۋەننىڭ.
ئەنارى باغ تاجۇ نازبەندۇر،
كى زىيبى-زىينەتى باغى كۇھەندۇر.
قاراپ نەززارە قىلغىل، ۋەقت خەندان،
ئىچى قاندۇر ھەمە پەرگالە چەندان.
بىھىلەر باغ ئارا ئەنبەر شەمامە،
مۇزەئفەر قىلدى رەئنالىق جامە.
سارىغ رۇخسارىدىن ئۆرلەپ غۇبارى،
جۇدالىق داغىدىن بۇ ھال-زارى،
چۇ مۇز قاتتىغلىغىدىن سۇ ئۆزە نىل،
زىردىگەرلىكدىن ئولمىش ئول مۇئەتتىل.
چىنار ئاڭلاپ بىناگەھ شىددەتى بەرد،
ئېشىتىپ باغ ئۆزە ئاۋازەئى سەرد.
نىھان ئەتكەچ قولىنى بىيمدىن ئول،
چىقارماي ئاستىن شاخىدىن ئول قول.
خەزان كۆرھەم بەھارى ئالەم ئارا،
ھەر ئىككى بىر-بىرىدىندۇر غەم ئەفزا.
بۇ ماتەمخانەدە بىغەم نەچۇك جان،
كۆڭۇل پەژمۇردەئى خۇررەم نەچۇك جان.
بۇ كىيىندە نىشانى خۇررەمى يوق،
ئەگەر بولسە نەسىبى ئادەمى يوق.
جەھانغە تولسۇن ئېھسانى ھەبىبى،
نەسىبى ئادەمىدۇر بىنەسىبى.
خەيالىڭنى تىھى قىل شادلىقدىن،
دىماغىڭ فىكرىنى ئازادلىقدىن.
بۇ داغۇ نامۇرادى بىرلە بول شاد،
كى قۇللۇق غولى بىرلە بولغىل ئازاد.
نېكىم ئول دىلپەسەندى خوب ھەر چەند،
قىلۇر كۆڭلۇڭ قوشىن ئۆز مېھرىغە بەند.
تۇمەن ھەسرەت بىلە ئاخىر جۇدالىق،
كى ھىجران غۇسسەسىغە مۇبتەلالىق.
قول ئاچىپ كەل ئاياغىڭ بەندىنى ئال،
بۇ بىماسىللانىڭ پەيۋەندىنى ئال.
ۋەگەرنە بەند پەيۋەند ئالغۇچى بار،
ئالۇرغە قول سۇنۇغلۇق چەرخى غەددار.
سەن ئانداغ غافىل، ئول ھۇشيار نازىر،
نېكىم بەردى، ئالۇر سەندىن چۇ بىر-بىر.
ئاياغىڭغە ئۇرۇبدۇر گويىيا سەڭ،
بولۇپ سەن ئاجىزى مەيدان ئارا لەڭ.
يۇرۇر چاغ ئىلكىڭە ئالىپ ئەسايى،
تەكەللۇف بىرلە ئەيلەپ رەھ زەدايى.
يېتىپ بوستانغە ناگاھ تۇند سەرسەر،
يۇمۇرگەن بولسە شاخى تازەۋۇ تەر.
يىغاچنى ئانى پەيۋەند ئەتسە بولماس،
كىم ئاندىن ئۆزنى خۇرسەند ئەتسە بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوق ئەتتى پەنجەئى تاقەت قىلىپ زور،
قولۇڭدا نەقدگىرانلىقنى ھەم دۇر.
ھەر ئول ئىشكىم قىلۇرسەن ئاڭا كوشش،
ۋەلې كەلمەس سىنىڭ ئىلكىڭدىن ئول ئىش.
قولۇڭدىن كەتتى ئەمدى زور پەنجە،
ئۆزۈڭنى زور بىرلە قىلمە رەنجە.
كۆزۈڭدىن ئالدى نەقد رەۋشەنايى،
نېدىن كۆزگە قىلۇرسەن سۈرمە سايى.
ساڭا بىنىشدە چۈن بۇ بولدى سىيرەت،
كۆزۈڭگە سۈرمە قىلمە بى بەسىرەت.
چۇ سەنسەن مىنىڭكى دۇررى نابى،
لەبىڭدەك لام ئېردى بى ھىسابى.
بۇ نەقدىڭغە شىكەستى يەتتى چەندان،
شىكەست ئاندىن زىيادە يوقدۇر ئىمكان.
ئانى سۆز چاغىيۇ ۋەقتى خەمۇشى،
قىلۇرسەن لەبلەرىڭدىن پەردە پۇشى.
بۇ ئاھەنكىم يېتىپ ھەر لەھزە سۇستى،
شىكەست ئولدى ساڭا بۇ تەند رۇستى.
بىلۇرسەن ئۆزگە يەردىن ھەر بىرىنى،
قىلۇرسەن ماجەرا بائىسلارىنى.
نە تۇرلۇككىم بولۇپ بۇ جىسمۇ جانىڭ،
جەھان ئەسبابىغە تۇشمىش كەمالىڭ.
كى قىلماي خاتىرىڭغە بۇ خۇتۇرى،
كىم ئانى بەردى يەتكۇردى فۇتۇرى.
بۇ ئالەمنى ئۆزۈڭگە ئەيلەدىڭ تەڭ،
ساڭا يوق ئۆزگە ئالەم سارى ئاھەڭ.

ئەمەس ئاگاھسەن ئۆزگە نالەمى بار،
بۇ ئالەمدۇر ئانىڭدىن يەر نەمۇدار.
مەن ئاندىن قورقامەنكىم بولماي ئاگاھ،
تۆگەپ ئۆمرۈڭ ئەجەل چۈن يەتسە ناگاھ.
سىنىڭ كۆڭلۈڭدە بۇ مېھر ئولسە ھاسىل،
كۆڭۈل ئالەمدىن ئۆزمەك بولسە مۇشكىل.
دىلۇ جانىڭدا پۇر ئەنۋائى ۋەسۋاس،
جەھاندىن بارساڭ ئاخىر ناكەسۇر-راس.
ئۆلۈم جايىدىن ئولغاي چەرخ ساقى،
تەخى مەيلى جەھان كۆڭۈلدە باقى.
چۇ ھەرگىز كۆڭلۈڭگە يەتمەسكى گاھى،
جەھان ئەۋزائىغە قىلماي نىگاھى.
ئادەمى خاك كەفشىدۇر بەسى تەڭ،
قاتىغ تاغ ئاندا باردۇر قۇم ھەمرەڭ.
سەۋاب ئولكىم ئاياغدىن تاشلاپ ئانى،
ۋەگەر نە يولدا قالدىڭ جاۋىدانى.
نەزەردىن پەردەئى ئەفلاك دۇر ئەت،
بۇ دۇر ئەتمەكنى ئەلبەتتە زەرۇر ئەت.
ئۆزۈڭنى قىلماغىل بۇ نەۋئ مەھرۇم،
ئىرانلار بەزمىدە تا بولماغىل شۇم.
بىرۇن ئول پەردەدىندۇر تۇرفە نۇرى،
ئانىڭ ھەرلەمئەسى مېھر سۇرۇرى.
يوق ئەت بۇ لەمئەدە بارچە تەمەننا،
كۆن ئالىدا ئادەم بول زەررە ئاسا.
يوق ئولدۇڭ ئەرتە تاپقايسەن رەھايى،
نې دەردۇ فۇرقەتۇ داغۇ جۇدايى.

فەرزەندى ئەرجۇمەند پەند پەندى بىلە تەۋفىق يولىغە كەلتۇرمەك، تاكىم ئىدراك ئىلكىنى ئىكتىسابى كەمالات فىترەكىدە ئۇستىۋار قىلغايلار ۋە مەيل رەغبەت ئاياغىنى ئىجتىنابى جىھات زەيلىدە سابىت ۋە بەرقەرار ۋە فەۋقەھۇمۇللاھۇ لەما تۇھىببۇ ۋە تەرزاھۇن

كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەي فەرزانە فەرزەند،
سېنى ئۆز ھىفزىدە تۇتسۇن خۇداۋەند،
بۇ سۆزدىن قىلسۇن ئانداغ بەھرە بەردار،

كى ھاجەت ۋەقتى ئانى ئەيلە دەركار.
ساڭا نەۋۇ كۇھەنراقدۇر ماڭا سال،
ماڭا شامۇ ساڭادۇر سۇبھى ئىقبال.

uyghurkitap.com

بۇ ئۆتكەن ئۆمردىن مەن كۆپ پەرىشان،
مەھۇ سالىمغە ھەردەم سەد پۇشايمان.
ماڭا يوق ھاسىل ئۇلغۇ گەشتۇ كارى،
تەمامى گەشتۇ كارىم خارۇ زارى.
نې سۇد ئەمدىكى يوق سەرمايەئى كار،
زىمامۇ ئىختىيارىم كەتتى ناچار.
سەن ئەيلەپ جەھد قىلغىل ئىستىقامەت،
كۆرەرمەن سەندە بۇ دەم ئىستىتائەت.
قىل ئانداغ ئىشكى سوزى بولغاي ئاخىر،
سەئادەتدىن نەمۇدى. بولغاي ئاخىر.
سەن ئەۋۋەل ئىلمى دانىش ئىكتىساب ئەت،
كى جەھل ئاباد لاردىن ئىجتىناب ئەت.
ئېرۇر مەئلۇم بىر ئازادە بەندە،
كى نادان مۇردە دانىشمەند زىندە.
كىشىكىم ئاقىلى فەرزانەدۇر ئول،
ئۆلۈكلەرگە قاچان ھەمخانەدۇر ئول.
ۋەلې ھەق سۆز ئىشىت، ئەي سالىكى راھ،
فەراۋاندۇر ئۆلۈمى ئۆمر كوتاھ.
ئەمەسدۇر ھېچكىم ئۆمر رۇبارە،
ئانى ئۆرگەنگىل ئاندىن يوقتۇ چارە.
چۇ ھەر ئىلمىكى كەسب ئەتتىڭ، ئەمەل قىل،
كى ئىلمى بىئەمەلدۇر زەھر قاتىل.
نې ھاسىلكىم بىلىپسەن كىممىيانى،
مىسىڭغە قەدر يوق زەر قىلماي ئانى.
ئەمەل تەۋفىقىدىن چۇن خىلئەتى خاس،
كىيىپسەن قىل تىرازى زىبب ئىخلاس.
ئەمەل ئىخلاس بىلەكىم بولدى ئارى،
يوق ئەھلى زەۋق ئارا ھېچ ئېئتىبارى.
ئىشىڭ چۇن خام ئېرۇر ھاسىل ئەمەس كام،
ئېرۇر ئىللەت چۇ ھەلۋا بولسە گەر خام.
چۇ ئىخلاس ئەيلەدىڭ بولغىل خەبەردار،
خەتەر ئىخلاسىدىن بۇ يولدا كۆپ مار.
خوشۇ شېرىن يېمەكنى قىلمە ئادەت،
لىباسى فەخرىنى بىلمە سەئادەت.

بېقەدر ئىمكان بۇلاردىن ئىجتىناب ئەت،
بۇ تەقۋىدىن سەئادەت ئىكتىساب ئەت.
غەرەز پوشىشدا دەفئى گەرمىيۇ سەرد،
قىلۇرمۇ مەيل زىينەت بولسە كىم مەرد.
خەشىن كىيىمەككە چۇن بولدى قەرارىڭ،
چۇ قونغۇز بولغاي ئافەتدىن ھىسارىڭ.
چۇ تۈلكى نەرم پوشى ئەيلەسەڭ دوست،
سەكى زالىم باشىڭدىن تارتغاي پوست.
مەگەسدەك قىلمە كۆپ شىرىنىغە جەھد،
ئاياغىڭغە سالۇر بەند ئاخىر ئول شەھد.
بۇ دەريا تەلخىنى شەھدۇ شەكەر بىل،
سەدەفدەك ئۆزنى پۇر دۇررى گۆھەر قىل.
كىشى خانىغە سۇنغان بولساڭ ئەنگۈشت،
ئاڭا ئەنگۈشتلارنى قىلماغىل مۇشت.
چۇ ھەركىم خانىدىن بولساڭ نەمەكخار،
نەمەكدانىغە ھەرگىز بەرمە ئازار.
ئەھىببالارغە ئېھسان ئىلكىنى ئاچ،
قەدەم ئۈزر تەڭگىنايى بۇخلدىن قاچ.
چۇ قەرز ئالماقنىيۇ بەرمەكنى تەرك ئەت،
كى بىلگىل قەرز مىقرازى مۇھەببەت.
كىمەرەم قىل غەم يۈكىنى بويىنىدىن ئال،
كى بارى دامىدىن قىل فارىغۇل ـ بال.
ۋەلې بەخشىش يولىدا ئانداغ ئۈر گام،
كى بولماي گەردەنىڭدە دانەئى دام.
جانىڭنى دوست جانىغە فىدا قىل،
ۋەلېكىن دوست ـ دۇشمەندىن جۇدا قىل.
كىم ئۇلدى دوست ئول بار خۇدايى،
ئىچىگە تولدى نۇرى ئاشىنايى.
يۈكۈڭنى تارتقاي بولساڭ گەرانبار،
خىرەد دەفئىدە ئول بولغاي مەدەدكار.
سېنى قولدار مەھەلدە قولداغاي ھەم،
نەسىھەت بىرلە يولدىن يولداغاي ھەم،
يامان ئىشدىن بولۇپ چۇن دەستگىر ئول،
چىقارغاي چۇست چۇن موين خەمىر ئول.
ساڭا خەير ئىشىدا دائىم يار بولغاي،

کی نامۇ نىك ساری رەھبەر ئولغاي٠
تاپىلسە بۇ سىفەتلىغ يار ئاڭا قول٠
بولۇپ فىتراکی بەندىغە ئەسىر ئول٠
يوق ئىرسە ئۆز ئۆيۈگدە ئۇستۇۋار ئول،
تۇتۇپ خىلۋەت ئۆزۈگغە يارغار ئول٠
زەمانە قايغۇسىدىن شاد ئولتۇر،
جەھان ئەندۇھىدىن ئازاد ئولتۇر٠
كۆگۈل لەۋھىدىن ئەت غەم نەقشىنی چەك،
فەراۋان شۇغلىلارنى قىلغىل ئەندەك٠
قارا تۇن بولسۇنۇ يا روز رەۋشەن،
ھەمە ۋەقت ئەيلە جەھدی ئاڭا يۈزلەن٠
بۇ دەۋلەت گەر ساڭا بولسە مۇيەسسەر،
ئۆزۈك بىكارلىقدىن قىلمە ئەبتەر٠
كۇتۇبغە كەلتۇرۇپ رويی ئىرادەت،
خەيالىڭنى كۇتۇبغە ئەيلە ئادەت٠
كی دانالار ئارا بۇ نۇكتە مەشھۇر:
کی دانىش خەتتىدە دانا تىۋى كور٠
كىتاب ئەسرارى شەمئى جەمئى دانىش،
كىتاب ئەۋراقى سۇبھى نۇری بىنىش٠
ئەنىسى كۇنجى تەنھایی كۇتۇبدۇر،
فۇرۇغى سۇبھى دانایی كۇتۇبدۇر٠
ئىرۇر بىمۇزد مىننەت ئۇستادى،
بىرۇر ھەرلەھزە دانىشدىن كۇشادى٠
ھەرىفى سەير مەغزى پوست پۇش ئول،
ئەجەب گویاي ئەسرارى خەمۇش ئول٠
ۋەرەقدىن غۇنچە ئاسا دۇر ئىچى پۇر،
بەھایی ھەر ۋەرەقدۇر بىر تەبەق دۇر٠
ئەماردۇركی چۇن شەكەر دەھەنلەر،
مۇقىم ئاندا ھەمە گۇل پىرەھەنلەر٠
تۇزۇپ سەف رو بەرو بىر-بىر مۇۋەججەھ،
تۇرۇپ نازىك بەدەنلەر ئاندا تەھ-تەھ٠
ھەمە مۇشكىن ئۇزارۇ دىلرە بالار،
مۇسەلسەل كاكۇلی شىرىن لىقالار٠
بارى يەك رەڭكىم بىر-بىرگە ھەم پۇشت،
بۇلارنى كۆرسە ھەركىم تىشلەپ ئەنگۇشت٠
ئاجىپ لەب زاھىر ئەيلەپ لۇتفى تەقرىر،
دۇرۇ مەئنی تۆكەرلەر ئاندا بىر-بىر٠
بەيان ئەيلەپ گەھی قۇرئاندىن ئەسرار،
گەھی رازی ئەھادىس ئەيلەپ ئىزھار٠
گەھی مانەندەئی ئەھلى سەفالار،
ھەقايىق نۇرىغە خۇش رەھنەمالار٠
گەھی ئاگاھ ئېتىپ شىردىن ئىبارەت،
رەمۇزی ھىكمەتی بار يەك ئىشارەت٠
گەھی ئۆتكەنلەرىن تەئرىخ ئېتىپ ياد،
خەبەر ئەيلەپ كەلۇردىن گاھی بۇنياد٠
تۆكۈپ خەرۋار گاھی بەھر ئەشئار،
خىرەد دامانىغە پۇر دۇررى ئەسرار٠
بۇ ھەر مەقسەد مەيىدىن ئەيلەسەڭ نۇش،
سەن ئەتمە ئەسلى مەقسەدنی فەرامۇش٠
ئاڭا بىل-كۇلل تەۋەججۇھ قىلداساڭ خۇي،
بەس، ئاندىن قىلماغىل خالی تەكو پوي
ئاچار بولساڭ تىلىڭنی يارۇ دىلغە،
كۆڭۈل رازىنی كەلتۇرسەڭ چۇ تىلغە٠
ئانی كۆڭۈلدە قىل ئەۋۋەل تەسەۋۋۇر،
كی يەئنی خەير-شەررىدىن تەفەككۇر٠
قەفەسدىن بولسە ناگاھ مۇرغی تەيران،
يەنە كەلتۇرمەك ئانی قايدا ئاسان٠
زەخارىف مەيلىدىن كۆڭلۈڭ تاپىپ رەڭ،
مەئارىف شەرھىدىن ئەقلىڭ بولۇر دەڭ٠
مەئارىف بولسە گەر چۇن موي باردەك،
نی ھاسىل بولسە كۆڭلۈڭ تەگۇ تارەك٠
يىراق تۇر خام سوفىيلاردىن، ئەي يار،
کی فەزلی خاملاردۇر خام بىسيار٠
چۇ بىلمەي پەنجەئی كار، ئەي نىكۇ كام،
ئۇزەرلەر مىۋەئی باغىڭنی چۇن خام٠
بۇزۇلدی مىۋە خام ئەي زی بىزائەت،
قالۇر ئول نارەسىدە تا قىيامەت٠
ھەزەر قىل بەرمەگىل ھەر پىرغە قول،
مەگەر پىرىكی بولغاي دەستىگىر ئول٠
بۇ يەكلىغ پىرغەقىلدىڭ ئىرادەت،
قولۇڭغە كەلگۇسی گەنجی سەئادەت٠

www.uyghurkitap.com

بۇلالماڭ ئىيسادەك بول تاق بىجۇفت،
تەجەررۇد گەۋھەرىنى بەرمەگىل مۇفت.
كۆزۈڭدىن ئۇيقۇنى دۇر ئەتكەنىڭ خۇب،
ساڭا ھەمخابەلىكدىن خۇب مەھبۇب.
قاچىپ گۇلخەندە يات خاكىستەر ئۈزرە،
پەرى يانىدا ياتما بىستەر ئۈزرە.
ئەگەر ۋەھم ئەيلەسەڭكىم نەفس خۇد كام،
خەتا مەيدانىغە ناگەھ قويار گام.
تەزەۋۋۇج زەنجىرىدىن بەند يا سال،
كى ھەرگىز تەبرەگۈنچە قالماغاي ھال.
مۇقەررەر بولسە چۇن كۆڭلۈڭدە بۇ ئىش،
دىيانەتلىكنى زاھىر ئەيلە خاھىش.
قايۇ خاتۇندا بولسە دىنۇ ئىففەت،
ئاڭا بەسدۇر شۇبۇ ھۇسنى مەلاھەت.
دىيانەت بولسە خاتۇن بىل ئانى ھۇر،
ئۈزىن بىگانەلەردىن قىلسە مەستۇر.
كۆيەر ئوت بىل ھەمە قۇربى سەلاتىن،
سەلامەت ئىستەر ئولساڭ قاچقىل ئاندىن.
يانار ئوتدىن ئەگەرچە مەشئەلى نۇر،
يىراقدىن بەھرە ئالساڭ ياخشىراقدۇر.
مەن ئاندىن قورقارمەكىم بولسە نەزدەك،
تىرىكلىك نۇرى بولغاي سەندە تارەك.
قەدەم مەنسەبغە ھەرگىز قويمە يانە،
كى ئەزلى نەسىبغە بولغۇڭ نىشانە.
مۇنائىبدىن سەن ئەت زىنھار پەرھىز،
تۇتار ئىلكىڭنى بىر غالىبكى بەرخىز.
ئۆزۈڭنى قىلمە ھىچ مەنسەبغە مەنسۇب،
كى مەنسەب قەيدىدىن ئازادەلىك خۇب.
چىقار نەخۋەتنى، پاك ئەندىشە بولغىل،
كى ھەركىمكى تەۋازۇئ پىشە بولغىل.
چۇ سەركەشلىكدىن ئۆزنى تۇتماساڭ پاس،
ئىگەر باشىڭنى باشدەك ھىممەتى داس.
ئۆزدىن تۇفراقغە دانا تاشلادى خار،
كۆتەردى مۇرغ تۇفراقدىن بەيەكبار.
تەۋازۇئدىن تەلەب قىل ئەرجۇمەندى،
فۇرۇ تەنلىكدىن ئاخىر سەر بەلەندى.
ئەدەد بولدى تەۋازۇئدىن ھۇمايۇن،
ئانى كۆر سەغىر تەقدىمىدىن ئەفزۇن.
چۇ ۋەئدە قىلمە، چۇن قىلدىڭ، ۋەفا قىل،
تەرىقى بىۋەفالىقنى رەھا قىل.
خۇداۋەندىكى فەييازى ۋۇجۇد ئول،
يىبەردى ئەمر «ئەۋفۇ بىل-ئۇھۇد» ئول.
كىم ئايدى جەھلدىن بەندى پەدەر بول،
پەدەرنى تاشلا، فەرزەندى ھۇنەر بول.
نىشان يوق رەۋشەنالىقدىن قارادۇر،
كى رەۋشەن ئوتغە ئول فەرزەندى مۇر.
نەسىھەتكىم ئىشىتتىڭ، تۇتىيا بىل،
ئالىپ دانا كەبى جانىڭدا جا قىل.
نى چۇن نادان ئىشىتتى، تۇتمادى ياد،
بۇ نادان سەمئىغە ئۆتتى تىگىپ باد.
قەدەر دەرياسى ناگەھ قىلسە جۇنبىش،
بۇ سۆزلەردىن قاچان سامان تاپار ئىش.
بۇ دۇركىم ياخشىراق فەزلى ئىلاھى،
ۋەكىللى كار ساز ئولغاي كەماھى.

نەفس نەفس مۇخاتىبەسىدە بىر نەچچە سۆز پەندۇ مەۋئىزە تەرىقەسىدە ئاراغە سالماق ۋە ئانى خىشتىندارلىق ۋە خۇد پىسەندلىق ھەزىزىدىن دەست كوتاھلىق ۋە ھىممەت بەلەندلىق رۇھىغە تەرەققى قىلدۇرماق

دىلا، تاكى گۇزارسەن كويى خامى،
قىل ئەمدى پۇختەكاران ئىھتىمامى.
ئۆزۈڭگە پۇختەلەر بەزمىدە قىل جا،
قاچانغە خاملىق كويىدا رەسۋا.

ئېدۇركىم پۇختەلىق ئازادە بولماق،
فەنا تۇفراقىدە ئەفتادە بولماق.

كۆرەرسەن باغ ئارا چۈن مېۋەئى خام،
تۇتۇپدۇر مەھكەم ئول شاخ ئۆزرە ئارام،
چۇ پۇختە بولدى يەرگە تۈشتى قىل-ھال،
ئاڭا يەتمەسدە زەربى سەڭگى ئەتفال.

بۇ خانى پۇختەلەردىن توشەئى ئال،
جەفايى خاملاردىن گوشەئى ئال.

قەنائەت قىل، تەمەئىنىڭ يىلدىزىن يۇل،
ئۇشات شاخى تەلەب ئەيلەپ تەۋەككۇل.
كېلىپ ھىممەت مەقامىدا تەلەب ئەت،
چۇ ئەنقا ئەۋج ئۇزلەت ئاشيان ئەت.
كىشى مەدھىغە ھەرگىز ئاچماغىل تىل،
بۇ دۇنلار مىننەتىن ئۆزدىن گۇسىل قىل.
جەھان سەردارلارنى پەشت پا ئۇر،
زەبەردەستى قەۋىلارنى قەفا ئۇر.
نەزەر قىل بۇ فۇسۇنى كار جانە،
ئاڭا گەردىش قىلۇر دەۋرى زەمانە.
ئېرۇر بۇلتۇرقىدەك بۇ يىل بەھارى،
خەزانى ھەم بۇ يىلنىڭ مىسلى بارى.
چۇ بۇ مىنۋال ئېرۇر ھالى قىشۇ ياز،
ئەمەس بىر-بىردىن بۇ ئىككى مۇمتاز.
فۇسۇلى دەۋر ئېرۇر بۇ نەۋئى مۇئتاد،
كىشى بولغاي مۇكەررەرغە نېدىن شاد.
مۇكەررەر گەرچە بولسۇن سېھر مائەند،
مەلۇل ئاندىن ئېرۇر تەبئى خىرەدمەند.
ئانى فىكر ئەتكى بولغاي ئاقىبەت سۇد،
ۋۇجۇدۇڭ تاشلاپ ئۆزنى ئەيلە نابۇد.
ئۆزۈڭ مەشغۇللۇقدىن قىلمە غەمناك،
كۆڭۈلنى غۇللار شۇغلىدىن ئەت پاك.
نەفەسكىم چىقتى سەندىن تۇتقاسەن پاس،
بۇ يولدا شەرت ئەمدە پاسى ئەنفاس،
نەفەسكىم چىقمادى ئاگاھلىقدىن،
ئەمەسدۇر خالى ئول جانىگاھلىقدىن.
تىرىكلىكنىڭ چىراغىغە ئېرۇر تۇف،
دىماغى ئەقلغە دۇرر تەئەسسۇف.
يىگىتلىك ۋەقتى قىلساڭ تىرىكلىكدۇر،
قەرىلىقدە تەنۇ جانىڭ بولۇر نۇر.
يوق ئولدى ئېرسە بۇ زۇلماتى شابى،
تۇغار ئىشىپ نۇرى ئافتابى.
ئۇشۇل زۇلمەتدىن ئەر ھاسىل ئەمەس كام،
بۇ نۇرۇڭ شۇئلەسىدە ئۇر نەچە گام.
بۇ گامىڭ يەتكۇرۇپ شايەدكى جايى،
كىم ئاندىن تاپقاسەن بۇيى ۋە فايى.
نې سۇد ئاخىر ساڭا بۇ مو سەفىدى،
ئەمەسدۇر ھاسىل ئاندىن رو سەفىدى.
قارىلىق ئەبرىدىن باشىڭ ئۆزە قار،
بۇ قار ئاقتى، سۇ بولدى، يىغلادىڭ زار،
يىغى بىرلە كەل ئەمدى يولغە كىرگىل،
يىغىيۇ زارى قىلغىل، ئۇزر قويغىل.
كۆڭۈل ھازىر تۇتۇپ بۇ قايغۇ بىرلە،
يۇغىل كۆڭلۈڭ قاراسىن بۇ سۇ بىرلە.
يۇمايسەن بۇ قارانى، ئەي سىيەھ دىل،
سىيەھكار ئولماغىڭ بىلمەم نە ھاسىل.
بۇ سۆزدىن ئاڭا كىم جان بىرلە ھۇش ئول،
رەھىما، ئەمدى بۇ سۆزدىن خەمۇش ئول.
چۇ خەتم ئولدى بۇ سۆز، بول ئەمدى خامۇش،
خەيالى نەزمدىن بولغىل فەرامۇش.
قەلەمنى تاشلا ئىلكىڭ رەھشەسى بار،
ۋەرەقنى يىرت، فىكرىڭ ھېچ بىكار.
چىراغى فىكرىنىڭ يوق پىچ تابى،
رىيازى نەزمىنىڭ قالماپدۇر ئابى.
قانى رجامىيۇ نەزمى دىلكۇشايى،
نىزامى قايدا تەبئى نۇكتەرايى.
ھىجاب ئېچرە بۇلاركىم جلوە قىلىپدۇر،
بارىنى پەردەدىن بىرون قالىپدۇر.

www.uyghurkitap.com

يوق ئاندا غەيرى دەردۇ ھەسرەتۇ ئاھ،
مەگەر سىررىكى بولغاي جانغە ھەمراھ.
بۇ سىردىن ئۆزگەنىڭ يوق ھىچ سۇدى،
مۇساۋىي ئۆزگەنىڭ بۇدۇ نەبۇدى.
قايۇ سىر سىررۇل - ئەمن ئەتىيەللاھ،
بىقەلبى سالىمى مىماسەۋەللاھ.
چۇ سەندە بۇ كۆڭۇل يوق، بىلسەڭ ئاخىر،
نې بولغايكىم ئۆزۈڭگە كەلسەڭ ئاخىر.
كۆڭۈل بەرسەڭ چۇ مەردى كامرانغە،
كى دانالار ئارا بىر پەھلەۋانغە.
نە ياخشى دەپدۇر ئول گەنجۇر ئىرفان،
كى باردۇر روزە تۇتماق ھىرفەئى نان.
نەماز ئەيلەر بەجا ھەم ھەر زەنۇ پىر،
كى بولغاي كارۇ بارۇ ئەجز تەقسىر.
ۋەلى گەرمەردى رەھسەن ئىلكىڭە ئال،
بۇ دۇر سەرمايەئى كار، ئەي نىكۇ ھال.
مۇنى پىرى مۇكەممەلدىن تەلەب قىل،
بۇدۇر بىلگىل، بۇ بولماق ساھىبى دىل.
بۇ سۆز ئىشتامىغە چۇن يەتتى دىلخاھ،
زەمانە زەخمىغە ئەلھەمدۇلىللاھ.
خەيالى نەزمدىن رەنجۇر ئىدى جان،
كۆڭۈل فىكرى فەۋاتى بىرلە ھەيران.
بۇ فىكرەت ئىلكىدىن تاشلاپ تەرازۇ،
بۇ سۆز ۋەزنىدىن ئۇلدى سۇست بازۇ.
فەراغەت باغىدىن چۇن تاپتى سايە،
تەكو پودىن ھۇزۇرى بىنىھايە.
باشىم تىزدىن كۆتەردى چۇن گەرانى،
كۆڭۈلدىن يەڭگۇدى بارى نىھانى.
قەلەم چۇن كۆزگوزۇپ چابۇكسەۋارى،
ھەبەشدىن مەنزىل ئەيلەپ رۇم سارى.
قالىپ رۇم ئىچرە ئاندىن كۆپ ئەسەرلەر،
بەيان غايىبدىن ئەيلەپ كۆپ خەبەرلەر،

بۇ دەمكىم بولدى مەركەبدىن پىيادە،
سونولدى ياتتىيۇ بىمەھدى سادە.
دۇۋات ئول تەبلەئى مۇشكى خىتادۇر،
قەلەم ئىمدادى بىرلە مۇشكى سادۇر.
بۇ تەبلە ئاغزىنى ھەم ئەيلەدى مۇم،
كى بولغاي مۇمدىن تەبل ئاغزى مەختۇم.
ۋەرەقلەر ھەم پەرىشان ئىردى ھەر يان،
يىغىلدى، بولدى جەم بى ھىچ نۇقسان.
گۇلى سەد بەرگدەك يۈز بەرگ، بىر پوست،
كى تا دەۋرى فەلەك باقىدۇر، ئەي دوست.
چۇ گۇل ھەردەم رەۋاجى تازە بولغاي،
بەقا پەيۋەندىدىن شىرازە بولغاي.
يازىلدى سىدق كىلكىدىن بۇ نامە،
قىلىپ مەئشۇق - ئاشىق شەرھى خامە.
بولۇپ كىلكىم شەكەرخا تۇتى ئاسا،
يازىپ يۇسۇپ بىلە زىكرى زىلەيخا.
ئەجب باغىيۇ خۇررەم نەۋبەھارى،
ئىرەم باغىغە ئاندىن ئىردى خارى.
ئىرۇر ھەر داستان بىر بوستانى،
كى ھەر بوستانى گۇلرۇخدىن نىشانى.
شۇكۇفتە ئاندا يۈزمىڭ تازە گۇللەر،
نۇھۇفتە يۈز جەھان رەيھانۇ ئەنبەر.
مەئانى گۇلشەنىدۇر شاخ ئۆزە شاخ،
نەۋايى لۇتف ھەم چۇن مۇرغ گۇستاخ.
خىتا مۇشكىنى بىرلە لەۋھى كافۇر،
دەرەختلەر تەختىدە چۇن سايەئى نۇر.
چۇ ھەر رەھرەفىكىم ئاندا چەشمدار ئول،
مەئانى مەۋج ئۇرۇغلۇق چەشمسار ئول.
كى ھەريان جەدۋەلى بىر چەشمە سارى،
لەتافەت سۈيىدىن ھەر جۇيبارى.
خۇش ئول رەھرەۋكىم ئولغاي بەخت ئاگا، يارە
بۇ جۇي ئاللىندا ئولتۇرغاي بەيەكبارە.

يۇغاي كۆڭلى غەمنى پاك ئاندىن،
غۇبارى خاتىرى غەمناك ئاندىن.
ئىچىدىن جۇش ئۇرۇپ سىررى ۋەفايى،
يەڭىدىن قول ئالىپ، قىلغاي دۇئايى.

كى بۇ لەب تەشنە ئاندىن بولسۇ سىيراب.
قەلەم چابۇك قەدەملىك قىلدى پەي ھەم،
بۇ سۆز ئىتمامىغە يەتكۇردى بۇ دەم.
تىلەپ لۇتفى ئىلاھى بەھرىدىن ئاب،

تەممە تۇل - كىتاب بەئەۋنۇل مەلەكۇل - ۋەھھاب.
تەمامى شۇد ئىن نۇسخەئى شەرىف دەر ماھى جۇمادىيۇل - ئەۋۋەل سىزدەھۇم روز جۇمئە دەر ۋەقتى چاشت فەقىرۇل - ھەقىر دەردەستى موللا يۇنۇس ئىبنى موللا يۇسۇف ياركەندى تەمام شۇد.

ھەركى خانەد دۇئا تەمەئدارەم،
زانكى مەن بەندەئى گۇنەھكارەم.

ئىلاھا، بەيا مەرزى خانەندەرا،
كى جەننەت ئەتا كۇن نەۋىسەندەرا.

زى قەيدى مەكتەبى ئەندۇھى ئازادەم بەھەمدۇللا،
زى خۇشھالى دىلەم تىفلى مۇئەللىم مۇردەرا مانەد،
زى زەھرى گىنەئى خۇسرەۋ ھەنۇز ئەز تۇربەتى شىرىن،
گىياھى تەلخى مىرۇيەد دىلى فەرھاد مىرازەد.

بۇ دۇنيا زال مەككاران ئەجىبى،
ئەگەر ئاقىل ئىبسەڭ يىمە فەرىبى.
كۆڭۇل ئاندىن ئۈزۈپ مەردانە تۇرغىل،
كۆڭۇلنى ئۈزمەگەنلەر بىنەسىبى.
بەھەمدۇللاھكى بارمەن يۇنۇسى زار،
شەفىئ ئولغاي رەسۇلۇم ئەنقەرىبى.
كىشىكىم سورسەلەر: تەئرىخ قانچە؟

جەۋابىدا دىبسۇنلاركىم «غەرىبى».
يۇنۇسى دىل شىكەستە ياركەندى،
ياخشى نىيەت قىلىپ قەلەم سۇردى:
ھەر مۇسۇلمان ئوقۇپ تەمام قىلسە،
بۇ فەقىر ھەققىدە دۇئا قىلسە.
ھەق ئىجابەت قىلىپ دۇئاسىنى،
مەغفىرەت ئەيلەگەي خەتاسىنى.

ئەللاھۇممە ئەھسەنە ئاقىبەتىنا فۇل ئۇمۇرى كۇللىھا ۋە ئەجىرنا مىن ھىازەد-دۇنيا ۋە ئەزابەل - ئاخىرە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەھزۇن شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت ئوسمان

مۇھەررىردىن: XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تەرەققىي پەرۋەر، لىرىك شائىر مەھزۇن خوتەنىي ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

مەھزۇن خوتەنىينىڭ تولۇقسىز بىر دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسلىدىكى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.

بۇ قېتىم يولداش مۇھەممەت ئوسمان شائىر مەھزۇننىڭ يەنە يېڭىدىن تېپىلغان 5 پارچە غەزەل ۋە ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىگە يېزىلغان 8 پارچە تەخمىسىنى نەشرگە تەييارلاپ، ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتتى. بۇ غەزەل - تەخمىسلەر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «دەھرۇن - نەجات»ناملىق قول يازما ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ كۆچۈرۈلگەن.

مەھزۇن غەزەللىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، بەدىئىي سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ دۇردانىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ. بىز لىرىك شائىر مەھزۇن خوتەنىينىڭ يېڭى تېپىلغان بۇ شېئىرلىرىنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا تەقدىم قىلدۇق.

بۇ شېئىرلار مەھزۇن خوتەنىينىڭ ئىجادىي مېھنىتىگە توغرا، ئەتراپلىق باھا بېرىش، ئۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بولدىلار كىم گۇشەدە، قىلدى قەنائەت، بولدى شاھ،
ئەيلەگەي ئىززەت تەمەئ ئەلدىن قىلۇر ھالىن تەباھ.
ئىستەگەن جاۋىدى فانى بولدى ئەيلەپ سۇلب كىبىل،
ئۈزدى ئاتىن كىمۇ ئەيلەپ تەرك جاھى جاھى - جاھ.
تەگرى بەرگەنگە رىزا بول، سالمە تىيەتغە گىرىھ،
ئىختىيارىڭ ئۈزدىمۇ كىم باغرى بولغايمۇ فەناھ.
چەرخى كەجرەۋ ئەبلەھۇ نادەنغە قىلمىش تەربىيەت،
ئاقىلۇ داناغە ئول زىرەكلىكى بولغاي گۇناھ.
ھەيف، ئىبرەت يوقكى غەفلەت بىرلە دائىم كۆز ئۇچۇق،

ۋاي ئەفسۇسكى، كۆز يۇمغاندا بولغاي ئىنتىباھ.
تولدۇرۇپ كۆڭلۈگىنىكىم ئىستەپ مەتائى دەھر - دون،
قايدا سىغقاي زىكرۇ - فىكرۇ دەرد نالە سوز - ئاھ.
نە كېچە قايىم، نە كۈندۈز سايىم ئېرمەس ساڭا ئۆمر،
زايىئ ئولدى جۇستىجۇي جەمئى مالى ھۇببى جاھ.
شەرتى بۇ يولنىڭ سەبۇكبار ئولماغى سىلكىپ ئېتەك،
دەردۇ مېھنەت، يەئسى كۇلفەت ھەزن غەم خەيلۇ سىپاھ.
جۇرمى ئىسيان، سەھۋۇ نىسيان چىركىدە ئالۇددەمەن،
قەترەئى دەريايى رەھمەتدىن نەسىب ئەت، يائىلاھ.
سال چۇن ئاتمىشۇ يەتمىش نەفس ئېرۇر غالىب ھەۋا،
ھىرس ئىلە تەۋل ئەملى كوھىدا ۋۇجۇدۇڭ بەرگى كاھ.
نەفس ئەمما زەررەسى ئەۋۋارە قىلمىش يوق ماڭا،
پىرى مۇرشىد قەۋلۇ فېئلىمدۇر ماڭا ئىككى گۇۋاھ.
مۇنفەئىل كىردارى بەددىن يوق دەمى ئاگاھلىق،
نېتكەمەن رەۋزى قىيامەتدە مەنى رويى سىياھ.
لىك ۋاسىقدۇر ئۈمىدىم - ھۇججەتىم «لاتەقنەتۇ»
رەھىم ئېتىپ ھەق يادى بولسە سەھل ئېرۇر زەھرغە تاھ.
ھەقتەئالا رەھىم ئېتىپ بولسە رەسۇلىللاھ شەفىئ،
تاڭلا ئۈممىدى نەجاتۇ مەغفىرەت بى ئىشتىباھ.
سەبق رەھمەتكە، غەزەبكە بولمە غەمكىنۇ مەلۇل،
ئەفۋ ئېھساندۇر سەزايى جۇرمى تۇرفە كارگاھ.
قايدا جۇرئەتكىم ئۇبۇدىيەتنى دەئۋا ئەيلەمەك،
ئەيلەمەپدۇر ئولكى قىلغاي دوست غەيرىگە نىگاھ.
ۋەقتىنى تۇت مۇنقەسىم تەۋبە نەدامەت پىشە قىل،
پىشە كەلگەي سەئب ھالەتلەر جەھاندۇر زەرئى كاھ.
ھەرنەكىم تەقدىر بولسە بەندە تەسلىم ئەيلەمەك،
خەيرى شەردۇر نەفئى زەربى ئەمر يۈتكەلمەس گۇناھ.
غەرق ئۇلۇپ غەفلەتكە لەززاتى جەھان مەغرۇرىمەن،
جەزم ئېتەرمەن سود قىلماس تاڭلاقى، ۋاھەسرەتاھ.
رەببەنا ئەفزەل كەرەم ئەيلەپ بىخەير ئەت خاتىمە،
گەرچە نەفسىم خاھىشى بىرلە ئۆتۈپدۇر سالۇ ماھ.

* *

يەتكەچ قارىلىق ئەسرۇ فۇزۇندۇر مەلالەتىم،
سەرف ئولدى ئۆمر جۇرم ئىلە كۆپدۇر خىجالەتىم.

دائىم ھەۋايى نەفسىگە تەبىئىيەت ئەيلەمەك،
تاپماي قەرار كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە قۇرسەتىم.
تۇشدۇر ۋەيا خەيال سەرگۇزەشتەلەر،
بولماي ئىبادەت ئىلە كەچۇرمەككە تاقەتىم.
كۆز ياشى دىل ئۆتتى، ساۋۇق ئاھ غۇبارى تەن،
ئەزداد جەم ئولۇپ بۇ ئەناسىردا خىلىئەتىم.
ئاھۇيى ئەقل نەفس ئىتىغە زىردەست ئولۇپ،
دانا دېگەيمەن ئۆزنى نېدۇر بۇ جەھالەتىم.
بىر زەرب بولمادى دىلغە يا پىر خىزمەتى،
شەرمەندەدۇرمەن ئۆزىچە بۇدۇر مەلالەتىم.
قىلىپ سەلىم شەرت ئىبادەتكە نەفئ ئىتەر،
نە كەچكۇسىكى كۆڭلۇمە يوقتۇر سەلالەتىم.

* *

ھەيفكىم، ئۇمر ئۆتتى ياشلىق ھەۋەسى نادان ئىدىم،
ۋەقت ئىلە دۇنيا ئۆيىدە ئەيش ئىلە مېھمان ئىدىم.
ئارزۇيى نەفس ئىلە خۇشلاپ جەھان لەززەتىنى،
كېچە - كۇندۇز تىنمايىن سەرگەشتەئى ھەيران ئىدىم.
مالۇ فەرزەند، زەنۇ ھەر ئەسبابلار جەم ئەيلەمەك،
جەھد ئېتىپ تۇرلۇك ھەۋەسلەر بىرلە سەرگەردان ئىدىم،
ھىرس ئىلە تەۋل ئەھلى كوھ... ۋۇجۇدۇم بەرگى كاھ،
قايدا بۇ يولنى كۆتەرمەكلىككە مەن شاھان ئىدىم.
راست بولغاچ بارچە ئەئزالار قۇلاقۇ قۇۋۋەتى،
غەفلەت ئىلە غەيرىلىكدىن بىسەرۇ سامان ئىدىم.
قارىبان بارچە ھەۋەسۇ ئۇزۇلەر تاپىپ فۇتۇر،
ئاھ ئۇرۇپ يۇز داغۇ ھەسرەتلەر بىلە بەزمان ئىدىم.
سال چۇن يەتمىشكە يەتمىش مۇبتەلالىقلار بىلە،
ۋادەرىغا - ۋادەرىغ، دەرد ئىلە بىدەرمان ئىدىم.
شۇكرىللىلاھ چۇن نەسىب ئولدى بۇ دەرگاھ خىزمەتى،
بائىسى ئۇممىدەدۇر نەجۇرم ئىلە پەيمان ئىدىم.
يار تەۋفىقۇ ھىدايەتنى تىلەرمەن باقى ئۇمر،
ئازماغايمەن، يازماغايمەن دەپ بەسى نالان ئىدىم.
جۇملە ئەرۋاھى مۇقەددەس قىلسەلەر شايەد مەدەد،
بولغامەن مەرھۇمدۇرنى غەرق مەن ئىسيان ئىدىم.
رەھىم ئېتىپ، پەرۋەردىگارا، ھالىمە يالغىل نەزەر،
شەرم كۇندۇرمەنكى قايدا لايىقى ئېھسان ئىدىم.

* *

روزىگارى كامرانلىق لەھزە غەمگە ئەرزىمەس،
ئەيشۇ - راھەت رەۋنەقى سوگرە ئەلەمگە ئەرزىمەس.
چۈن تىلسىم بەرقىدەك كەلمەك يامان، كەتمەك يامان،
ئۆمر، يىللار ئۆتكەنى خابى ئەدەمگە ئەرزىمەس.
نەچچەكىم دۇنيا مەتائى نەفسكە بەركەن فەرىب،
ئاقىبەت ئانىڭ زىيادە ھىرسى كىمگە ئەرزىمەس.
مۇنقەنەم گەرچە يىگىتلىك ۋەقت ئەئزالار قەۋى،
لىك قارى زەئىفدىن ھالى ۋەدەمگە ئەرزىمەس.
يول سۈلۈكىدە سۇنۇقلۇقدىن ئۈمىد ئەتسە بولۇر،
ئۇجب ئىلە قىلغان ئىبادەت قەترە نەمگە ئەرزىمەس.
ئۇمر زايىئ ئەيلەبان ئەندىشەئى فاسىد بىلە،
بۇ تىرىكلىك نەشئەسى ئاخىرقى دەمگە ئەرزىمەس.
فەقرى نافە زەيقىغە قىلغان ئىبادەت كەجدۇرۇر،
دونلار ئەتا قىلغان بىر قەددى خەمگە ئەرزىمەس.

* *

قاشىڭ ئۈچى مەلاھەتنىڭ يىڭى تۇغقان ھىلالىدۇر،
يۈزۈڭ سۇبھى سەئادەت بابىدا چولپان مىسالىدۇر.
نە شەھلا كۆزلەرىڭكىم ئەينى ناز ئىچرە تەغافۇلدىن،
كۆرۈپ كۆرمەسكە سالىپ قىيناپ ئۆلتۈرمەك خەيالىدۇر.
گۈلى رۇخسارىڭ ئۈزرە خويمۇدۇر شەبنەم كەبى، ياخۇد
سەفايى ئەكسىدىن گۈلگۈن ياشىمدۇر پاكى خالىدۇر.
يۈزۈڭ ئۈستىدە بىنى ھەيىئاتى تەسۋىرىن قىلسام،
بىللۇرىن كۆزگۈ ئۈزرە قەترەئى ئەفغان زىلالىدۇر.
بىناگۇشۇڭدەكى دۇرلارنى تەشبىھ ئەيلەسەم تاڭسۇق،
تالۇن ئاي دەۋرىدە ھەر كىچە يەردىن ئىتتىسالىدۇر.
بەلىڭ يادى بىلە بىچارە كۆڭلۈم قان يۇتار، لىكىن،
ئاڭا گۈل غۇنچەسىدەك پارە بولماغلىق كەمالىدۇر.
مۇسەلسەل ئىككى زۇلفۇڭنىڭ يانىدىن پىچۇ تاب ئەيلەپ،
كەمەند دەۋرىكى ئاشىقلارنى بەند ئەتمەككە دالىدۇر.
قەدىڭنى باغ ئارا سەرۋى رەۋانغە ئوخشاتىپ بولماس،
كى جان ئوتراستىدا گويا ئەلفدەك نەۋ نىھالىدۇر.

www.uyghurkitap.com



كىچە - كۈندۈز كۆزۈم يۇممايىكى تاڭ ئاتقۇنچە يىغلارمەن،
بۇ يەڭلىغ دەردىمە بائىس دىلئارامىم جەمالىدۇر.
بولۇپمەن، ئەي نىگارىم، مەھۋەشىم، ھالىمغە رەھىم ئەيلەپ،
لەبىڭ نۇشى بىلە تىرگۈزمەسەڭ ئانىڭ ۋەبالىدۇر.
خۇمارى ھەجر ئارا يىللاردۇرۇركى غەمگە قالمىشمەن،
ۋىسالىڭ تاپمايىن مەھزۇنغە شاد ئولماق مەھالىدۇر.

## تەخمىسلەر

### مۇخەممەس بەھرۇل بە (ب)'

ھەقدىن ئۆزگە ھەر نەكىم ئالەمگە مەنسۇب ئەل - ھەبىب،
ئافتابى ئالەم ئارايىڭغە مەغلۇب ئەل - ھەبىب،
تالىب ئولغاچ پەرتەۋى ھۇسنۇڭغە مەتلۇب ئەل - ھەبىب،
چۈن ئۆزىن قىلدى مۇھىببى سىنى مەھبۇب ئەل - ھەبىب،
ئول مۇھىبغە سەن كەبى مەھبۇس ئىررۇر خوب ئەل - ھەبىب.

ئاچىلىپ ئول كىچە ھەق دەرگاھىغە فەرروخ دۇرۇج،
بىر قەدەم قويماق ھەمان قىلدىڭ فەلەك ئۆزرە خۇرۇج،
رەۋشەن ئەيلەن يەتتى گەردۇننى قۇياش يەڭلىغ بۇرۇج،
راغىب ئىرىدىڭكىم قۇياش ۋەسلىغە چۈن شامى ئۇرۇج،
تاپتىڭ ئولكىم خاتىرىڭغە ئىردى مەرغۇب ئەل - ھەبىب.

ئول زەمانكىم جانغە بولمىشدۇر ۋۇجۇدۇم قالىبى،
يارەسۇلىللاھ، بىلىپمەن ھەزرەتىڭنىڭ تالىبى،
بولماغۇم لەب خۇشكىلىقدىن ئۈيلەكىم بۇ تالىبى،
بولسەلەر ئەھلى مۇھەببەت ھەر كىشىنىڭ تالىبى،
بىزگە سەندۇرسەن ئىككى ئالەمدە مەتلۇب ئەل - ھەبىب.

ھەر زەمان ئەشكى مۇھەببەت ئەيلەمىش كۆڭلۈم خەراب.
ئىشىق ئىچرە پەردەنى كۆز بىرلە بولغايمۇ نىقاب،
مۇمكىن ئىرمەس پەردە بولماق بەھرىغە ئەندەك جەناب؛
ھەر كىشى ئەھبابىڭ ئىچرە كىم ئۆزىن ئەيلەر ھىساب،
بەرمەيىن جان ئول مۇھەببەتغەكى مەھبۇب ئەل - ھەبىب.

ياھەبىبۇللاھ، ئىنايەتدىن مىنى تىرگۈزەڭكىم،
ئىتلارىڭ باشىغا ئىزىددىن ئالماغۇم بۇ يۈزىڭكىم،

ئۇل شەرەپ بىرلە جەنابىڭغە قىلىپ بۇ سۆز ئىكىم،
چۇن شەفائەت دەفتەرى سەندىن تۇتارمىز كۆزئىكىم،
ئۇك قۇلۇمغە كەلمەسە مەھشەردە مەكتۇب ئەل - ھەبىب.

ھەق يولىغە ماڭماغان شەيتانى خەردۇر، رەھم قىل،
نەفس زالىمغە رىيازەتدىن بەتەردۇر، زەخم قىل،
غەفلەتىڭ دەفئىغە، ئەي مەھزۇن، سەھەردۇر فەھم قىل،
چۇن مۇھەببەت ئەھلىغە تائەت ھۇنەردۇر، رەھم قىل،
كىم نەۋائى كەلدى ئۇل خەيل ئىچرە مەئيۇب ئەل - ھەبىب.

پەرۋەرىلىق-دە نەۋا ئىستەپ نەۋائىدىن مۇدام
نەئتى پاكىڭغە قەلەم تۇرمىشمەن، ئەي ئالى مەقام،
بولماسا نىبھەد مىنىڭدەك ناتەۋان قىلماق سەلام،
ھاسىل ئۇلدۇركى، بەھانە بىرلە يەتكۇرسەم سەلام،
شاد ئۇلۇر يادىڭ بىلە مەھزۇن يەئقۇب ئەل - ھەبىب.

* *

چىكىپ گۇلگۇن لىباسى شىشەئى مەيدەك جەفا ئەيلەپ،
پەرى يەڭلىغ كۆرۈنمەس كۆزگە زۇلفىدىن جەفا ئەيلەپ،
قىيا باقماس نەچەكىم تەلمۇرۇپ تۇرسام قەزا ئەيلەپ
ۋەفا قىلدى كۆپۈ ئازدە ئۇل ئايكىم چۇن جەفا ئەيلەپ،
ئەدەم دەشتىندە كۆڭلۇمنى ۋەتەن قىلمىش جەلا ئەيلەپ.

جەھانىكىم بىبەقادۇر، جەۋر قىلماي كەلدى شىۋەن ھەم،
جەفا ئىچرە ئۈلۈرلەر گەرچە بولسە ئۇمرى سەكسەن ھەم،
ئىكەن بەرگىدە مىھنەتدىن قۇتۇلماس بەلكى گۇلبەن ھەم،
ۋەفا ئانداغكى قاچتى ئۇل جەفاكەردىن، ئەگەر مەن ھەم،
قاچا ئالسام يەنە ئىشقىن ھەۋەس قىلغان خەتا ئەيلەپ.

يوق ئولكىم دەھر ئارا جىسمىن گۇداز ئەتمەي سەفا كۆرگەن،
نە ئۇل بىمارىكىم تەلخىدە كۆرمەيكىم شىفا كۆرگەن،
كى چەكمەي رەنجى - غۇربەت يوقتۇرۇر مەزدى سەفا كۆرگەن،
دىمەن دەۋران ئارا يوقتۇر جەفائەيلەپ ۋەفا كۆرگەن،
كى يوقتۇر مىڭ جەفا تارتىپ قۇتۇلغان، بىر ۋەفا ئەيلەپ.

ئاچىلماس ئىشق دەرسىنىڭ تىلىسماتى بۇ سىنادىن،
نەچچە تەكرار ئىبتەر مەكتۇب ئىچرە ھەرفى بىچاھدىن،
نە مۇمكىن ۋەسلى يۇسۇف، بۇتنى سىندۇرماي زىلەيخادىن،
يىقىلغان ئىشق ئارا سۆھبەت تەمەئ قىلمە مەسىھادىن،
كى بۇ بىمارلىقدىن كىمسە قويغان يوق دەۋا ئەيلەپ.

جەھان جاھۇ جەلالى مۇلكىن ئالساڭ شاھى ئەكبەرچە،
مۇسەخخەر ئەيلەسەڭ بۇ رۇبئى مەسكۇننى سىكەندەرچە،
كى يوقتۇر ئىئتىبارى فەقر كويىدا قەلەندەرچە،
سەفالى فەقر ئال جامۇ جەھان نەقدىن بېرىپ گەرچە،
كىشى جەمشىد جامىن ساتقۇن ئالمايدۇر بەھا ئەيلەپ.

فەلەك زالىغە باقمە جامى مەيدىن، ئەي كۆڭۈل، شۇكر ئەت،
كېچىپ جانۇ جەھاندىن كېچە ـ كۈندۈز، ئەي كۆڭۈل، زىكر ئەت،
بەقاسىز دەھرى فانى بىۋەفادۇر، ئەي كۆڭۈل، فىكر ئەت،
قۇتۇلساڭ بىۋەفاۋەشىنىڭ غەمىدىن، ئەي كۆڭۈل، شۇكر ئەت،
يەنە چەكمە بەلا ئۆزنى بىرەۋغە ئاشنا ئەيلەپ.

غەرىبۇ بىكەسۇ بىچارەدۇرمەن، ئەي بەلەد ئەھلى،
مېنى دىۋانە يەڭلىغ ئاستاندىن قىلما رەد ئەھلى،
تىلەرمەن ئىتلارىڭ سانىدا بولماق، ئەي مەدەد ئەھلى،
بىزىڭ ئەفسانەمىزدىن نۇكتە سورماڭ، ئەي خىرەد ئەھلى،
نەيدىنكىم بۇ جۇنۇن فەسلى تۈگەنمەس ماجەرا ئەيلەپ.

نە بولغاي ئېردى بىغەم دەھر ئارا بىر جاننى گەر تاپسام،
ۋەپادىن جان بېرىپ ھەم بىجەفا تۇرغاننى گەر تاپسام،
خەزانسىز باغ ئارا بىر بەرگى گول قالغاننى گەر تاپسام،
ماڭا يوق ئۆزگىگە بارى ۋەفا قىلغاننى گەر تاپسام
باشىدىن ئۆيرۈلەي ئالدىدا جانىمنى فىدا ئەيلەپ.

ئۆتەر ئول شەھسەۋارىم تاج ئۆزە قاقمىش لەئىل پارە،
قىزارتىپ چېھرەسىدىن گۇلدەك ساغىندىم ئانى مەيخارە،
تۇرارمەن يولىدا ھەردەم قاراپ يالبارە ـ يالبارە،
كۆڭۈلكىم روزگارىمنى قارارتىپ بولدى ئەۋۋارە،
تاپىلسە كەزدۇرەي ئالەم ئارا يۈزدىن قارا ئەيلەپ.

بىرىپ كۆپ نازۇ نېئمەت دەۋلەت ئۆزرە قىلدى مۇستەغرەق،
مۇسەخخەر ئەيلەدى تەگرى تەئالا بارچەنى ئەلھەق،
تەفەككۇر ئەيلەگىل كىمنى ئەتلار ئەيلەدى مۇلھەق،
گەدارلارغا گەھى لۇتفى ئەت، شەھا، بۇ شۇكر ئۈچۈنكىم ھەق،
①.........................................................

بەلا دەشتى ئارا سەرگەشتەدۇرمەنكىم قۇيۇن ئېرمەس،
قەدەم خەم كۇھى غەم ئاستىدا نۇنى بىسۇتۇن ئېرمەس،
نە تەنھا بولغانۇ، مەھزۇن، خەلايىق ھەم مەسۇن ئېرمەس،
نەۋائى، كىمسە يوقكىم چەرخ زۇلمىدىن زەبۇن ئېرمەس،
نەۋا جاۋىد كىمكى بەردى بىزنى بىنەۋا ئەيلەپ.

مۇخەممەس بەھرۇت-تائ (ت)

ئاشىق ئېرسەڭ يار كويىدا ئاياغىڭنى قاپارت،
ماسىۋەللاھدىن كېچىپ ئالەمگە يۈزۈڭنى ئاقارت،
ھەجرى تاشىن ياغدۇرۇپ باشىغە ئانداغكىم مىمارت،
پەيكەرىڭ بارىنى ئەۋۋەل ئىشق مىزانىدا تارت،
گەر فەنا يولىغە ئاندىن ئۆزنى ئۆزلۈكدىن چىقارت.

يۈز مەلامەت باشىغە ئالماقدۇر ئەۋۋەل دەھلى ئىشق،
دەردۇ-مىھنەت ئوتىغە ئۆرتەنمەك ئولمىش سەھلى ئىشق،
بىلمەيىن نەفس ئەتكەن ئەھل بۇ يولدا كەلدى جەھلى ئىشق
تەئن ئېتەر دەير ئىشكىدە كۆرگەچ مېنى زۇھد ئەھلى ئىشق،
بۇ ئۇلۇغ سۆزلۈك ئۇلۇس بويىغە زۇننارىڭنى ئارت.

قايسى گۇمرامغە بولۇرغە يول دېسەڭ، ئەي شەيخكىم،
شەرت بۇدۇر: گەر مېنىڭدىن يول دېسەڭ، ئەي شەيخكىم،
خانىقاھ ئەھلىغە مەقبۇل بولماساڭ، ئەي شەيخكىم،
ئۆز يولۇڭنى بىلمەيىن مەجھۇل ئېسەڭ، ئەي شەيخكىم،
مۇزدەك ئەت كۆڭلۈمنى- يۇ، ساچۇ، ساقالىڭنى ئاقارت.

جانىمە قەسد ئەيلەر ئول مىنھاج يۈزلۈك مەھۋەشىم،
رەھمىسىز... يەڭلىغى كاج سۆزلۈك مەھۋەشىم.

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زاھىر ئەتمەس بىر دەم ئۇل تۇغماچ ئۇزلۇك مەھۋەشىم،
ئەرز ئېيتسام دەركى ئۇل: قيماچ كۆزلۈك مەھۋەشىم،
كىم قاياقتىن كەلگەن ئېرمىش بىزگە ئېدۇر بۇ سارت،

غەمزەڭ ئوقىدىن ئاقۇزدۇڭ قانلارىمنى نەسىبدىن،
مەھزۇن ئولماي نەيلەسۇن مۇنچە بەلىيەت رەفتىدىن
ئەي نەۋائى، مېھر سارغاردىيۇ ھەجرىڭ زەئفىدىن
تەبرەگۈنچە يوق مەجالىم رەنجى ـ دەردىم زەئفدىن،
تا رەقىبلەر كۆرگۈچە مەي ئىچكىلۇ چېھرىڭ قىزارت.

سەجدەگە باش ئىندۇرۇپمەن قاشلارىڭنىڭ زەۋقىدىن،
باش كۆتۈرمەي سەجدەدىن قورقۇپ مەلامەت تەۋقىدىن،
جان بېرىپ سەۋدا قىلۇرمەن خاك پايىڭ شەۋقىدىن،
كۆزۈ كۆڭلۈم تەشنەدۇر ئۇل چاھى غەبغەب شەۋقىدىن،
سەدقەئى ھۆسنۈڭ ئۇچۇن ئانى زىلالىڭدىن سۇغارت.

## مۇخەممەس بەھرۇش ـ شىن (ش)

ئىشقىڭ ئوتى جان [ئىلە] كۆڭلۈمنى ئەيلەر يۈزتەئىش،
مۇمكىن ئېرمەس ئەمدى كويۇڭدىن يانۇرغە بىر غەرىش،
سەۋرى قەددىڭ ھەيرەتىدىن پاتتى بۇ بارماقغە تىش،
بارماقىڭدىن جان تالاشماق ئېردى بۇ مەھزۇنغە
كەلدىڭۇ جانىمنى ئالدىڭ ئۇل باشىغە ـ بۇ كېلىش.

شىكۋە قىلماق ئىشىق ئۆيىنىڭ چىقسە جانىم زورىدىن،
جان تالاشماقغە نە ھەددۇر ئاشىقى مەھجۇرىدىن،
سەكتەدەك دەم ئۇرمايىنكى زەخم ئۇرار ھەر تەۋرىدىن،
تىخ تا كۆكسۈمنى ياردى نالە قىلماق جەۋرىدىن،
راست ئانداغكىم قۇيار ئەفغاننى چاك ئولغاي قالمىش.

چىقسە تاكى ئېرغاتىپ يۈز ناز ئىلە مەھۋەش فەرەڭ،
ئىلكىگە خەلخال زەر باغلاپ ئاياغى ئۆزرە رەڭ،
كۆرگەچ ئەل مەھۋەش ئولۇپ ھەيرەت ئارا قالغاي دەرەڭ،
كىم ئىمىش ئۇل سەرۋ گۈلگۈن تونكى تاڭ ئېرمەس بۇرەڭ،
نەخلى كىم كۆز باغىدا قان بىرلە تاپتى پەرۋەرىش.

ۋەھ، نەخۇشتۇر، ئولكى ئۆز مەئشۇقىدىن بىر نوش ئىچەر،
مەستلىكدىن چىقماي ئۇل مەھشەرغىچە بىھۇش كېتەر،

فەرد ئولۇپ ئىككى جەهاندىن ئۈزلۈكەن زەر خۇش ئېتەر،
ئېئتىدالىدۇر هەۋايى ئىشق ئارا كىم خۇش ئېتەر؛
كۆڭلۈم ئوتى بىرلە يازۇ ساۋۇق ئاهىم بىرلە قىش.

غەفلەتىڭ زەنگارىغە ئىلمۇ - ئەمەلدىن قىل سابۇن،
تاكى دانالار قاشىدا بولماغايسەن سەرنىگۇن،
جەهلى تەركىن تۇت كىشىلىك ئىشتەسەڭ كەسب ئەت فۇنۇن،
كىش فەنجابىنى جاهىل كەتسە تاكسۇق ئۇژەگۇن.
كىم چىقارمەشدۇر كىشىلىكدىن ئانى سىنجاب كىش.

ئالەم ئىچرە كىمگە تۈزلۈك قىلدى ياكىم ئەگرىدۇر،
باق ئەلف جايىغە ئاخىر كەلدى ياكىم ئەگرىدۇر،
چۈن ئاياق ئاستىدا قالدى بورىيا كىم ئەگرىدۇر،
دەۋر هەر گۇشەدىن بوغزىغە سالمىشدۇر كىرىش.

ئىشقىڭ ئەر يۈز دەردۇ غەم دەردىنى تار - تار كۆڭلۈمە،
مەهزۇن ئەيلەپ پەردەنى جانىمنى يىرتار كۆڭلۈمە،
باۋەر ئەتمەس هەر نەچە دىسەمكى قايتار كۆڭلۈمە،
ئەي نەۋائى مەردۇم ئول، ئەي، مېهرى ئازتار كۆڭلۈمە،
گەرچە يىللاردۇركى ئول تەركى مۇهەببەت ئەيلەمىش.

مۇخەممەس بەهرۇل - غەين (غ)

①.........................................................

خوبلار بەزمىدە بولماق شېۋەسىدىن ئىستەدىم،
تاپماي ئول مەقسەد هەرەمنىڭ مېۋەسىدىن ئىستەدىم،
لەيلى مەئۋاسىنى مەجنۇن تېۋەسىدىن ئىستەدىم،
كۆپ ئاسىغ ئۆمرۇم بەهادى مېۋەسىدىن ئىستەدىم،
مېۋەغە يەتمەي خەزان بولدى بەهارىم نى ئاسىغ.

زۇلمەت ئىچرە چەشمەئى هەيۋان ۋىسالى خىزر ئىلە،
كەلدى ساچىڭ زۇلمەتى خەتتىڭ مىسالى خىزر ئىلە،
بىل ئانىڭدەككىم سىكەندەرنىڭ مەلالى خىزر ئىلە،

① قول يازمىدا يۇقىرىقى بىر كۇپلېت مەتلەئ چۇشۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

شەربەت ئەتسەم شىرەئى جانىم زىلالى خىزر ئىلە،
دەل ئاچىغىلانىپكى، ئۇلدۇرلار چۇچۇكۇ بۇ ئاچىغ.

يۇزدە خەتتىك كۆرمەك ئىستەرمەنكى سانىڭ سۇنئىغە،
كىم زۇمۇررەد كۆز ئىتەر كۆرمەك ھەمانا ئەفئى غە،
ئاقسە بىر يۇز قاتلاكىم بىر ئاق يامغۇر رەفئى غە،
ئەي مەسىھا، ئۇرما دەم ئول كۆزدە سۇغرا دەفئىغە،
كەھرەبا كەلتۇر قوياشدىن، ھۇت بۇرجىدىن بەلىغ.

باقماس ئول جان نەقدىنى ئالدىغە چەكسەم بەدرىمە،
ھەجرىدە غەم زەھرىنى يىللار سۇمۇرسەم قەسدىمە،
شوخ - نازۇ - كىبرىدىن رەھم ئەتمەس ئۆتسەم بەدرىمە،
شەۋقى مەي نۇشۇمغە قارۇن گەنجى تۆكسەم قەدرىمە،
بىزنى مەيخانە گەدايى قىلدىلار ئول قاشلىغ.

ئاپمايىن مەھزۇن كۆڭۈل يۇسۇفنى كەنئان دەشتىدە،
يوقكى كەنئان، بەيتۇل - ئەھزان بەلكى ھىرمان دەشتىدە،
ئىشق ئىلى ھەم كۆرمەمىش مەندەكنى دەۋران دەشتىدە،
باشقىلاردىن كەچتىلەر ئىشق ئەھلى ھىجران دەشتىدە،
ۋامىقۇ فەرھاد ئىلە مەجنۇن، نەۋائى باشلىغ.

ھەق مۇبارەك ئەيلەسۇن قۇتلۇق مۇبارەك بەھرىمەند،
تاجىگە زىننەت ئۇچۇن قوش كۆز ئوتاغات ئەرجۇمەند،
دىل ئۆزە چىنى چەمەنلىك كۆپ ياراشىپ دىل فىسەند؛
ئاسراغىل، يارەب، بەلادىن پايەسىن ئەيلەپ بەلەند،
شاھ ئالي قەدرىمىز بولسە كىچىك گەر ياشلىغ.

ھەقتەئالا فەزلىدۇر بۇ قوش مۇبارەكبادلىغ،
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا بولغاي ھەمە ئىمدادلىغ،
چۇن كىلىپ ئاباۋۇ ئەجدادى ھەمە بازادلىغ،
تاكي ئول مويى مۇبارەكنى قىلىپ ئابادلىغ،
بۇ سەبەبدىن تاپتىلار بىسەئي خاندىن يارلىغ.

جەددۇ جەھد ئەيلەپ كىچىك ياشىدا تاپمىش ئىبتىرام،
دانىش ئەھلىدەك بىتلەيىن بەدرى كامىل قىلدى تام، ①

نەئەجەب تاپسە سىكەندەردەك مۇرادىن بەردەۋام.
چۈن شۇجائەت بىرلە تاپتى ئالەم ئىچرە نىك نام،
ئەيلەگەي فەرزەند قايىل ھەق ئاڭا ياندا شىلىغ.

### مۇخەممەس بەھرۇل - ھى (٥)

سارىغ چېھرەم ساۋۇق ئاھىمدىن ئانداغكىم بۇ ھال ئۇززە،
خەزان فەسلى سارىغ يافراقلار ئۇچقايكىم شامال ئۇززە،
باشىم ئاستىدا جىسمىم خىرگەھ ۋادىدۇر ۋەبال ئۇززە،
قايۇ قۇشكىم قۇنار بۇ پەيكەرى مەجنۇن شەمال ئۇززە،
ئىبرۇر تەن زەئىفدىن قۇشتەككى قونغايلار خەلال ئۇززە.

①...........................................................

رەقىبلەر سورىسە كويىدىن مېنى كۆڭلۇم ئۇزاق كەتمەس،
بەلا تاشى خەم ئولغان قەددىم ئۈستىدىن يىراق كەتمەس،
بەئەينە نۇقتە يەڭلىغكىم تۇشەر يالغاندا ئال ئۇززە.

ساڭا زىينەت قىلۇرغە دەھر ئاراگە تولسا مەششاتە،
ساچىڭنىڭ زۇلمەتىدىن مۇفدەرەتلەر قىلسا مەششاتە،
مۇئەنبەر خەتلەرىڭدىن ئەتر ئىبرۇر گەر ئولسا مەششاتە،
ئەگەر مەيگۇنلۇغىڭدىن رەڭگ ئەيلەپ بولسا مەششاتە،
كۆزۈمنىڭ مەردۇمىن باقغىل، ئۇيۇپ ئول تۇرمە ھال ئۇززە.

...........................................................

جەمالىڭ مۇشتەرى ئۇززە يازىلمىش دەپتەرى خالىڭ،
سەئادەت ئەختەرى يەڭلىغ تولۇئ ئەيلەپ مەھۇ سالىڭ،
تولۇن ئاي دەررەسىمدە بالدەكدۇركىم ئىكى دالىڭ،
قاشىڭ تاقىنىڭ ئۈستىدە ئەمەستۇر ئەنبەرى فالىڭ،
زۇھەل گويا ئاچىپدۇر، ئارەزىن گويا ھىلال ئۇززە.

②...........................................................

كۆزۈم ياشى بىلە ھەجرىڭدە خۇنابى باغىر كەلدى،

① قول يازمىدا بۇ ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغان.
② بۇ يەردە ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغان.

چۇقانلار بەرگى يۇزگە ياشورۇندا قىز - زەمىر كەلدى،
چۇ قانلار چۇن قارا كۇپرۇك ياغار نەۋرەس نىمال ئۇزرە.

كۆزۇ قاشى خەيالى بىرلە كۆڭلۇم ئىچرە گۇلشەندۇر،
ھەۋادىس ئوقلارىغە زىكرۇ فىكرىڭ ماڭا جەۋشەندۇر،
بىلىڭ يادى قىزىل رەڭ ئەيلەگەن فەند بىرلە خەۋشەندۇر،
سەۋادى خەت بىلەنكىم ئارەزىڭ خۇرشىدى رەۋشەندۇر،
سەفاداتى تەفاۋۇت سايە تۇشكەيلەر خەلال ئۇزرە.

باقىپ زۇلفۇڭ سەۋادى ئاي يۇزۇڭنى ئاچمادى بىخۇن،
زىمىستاندەك سەھاب ئىچرە كىشى فەرق ئەيلەمىش بىچۇن،
ھەمىشە قارىدەك يىغلاپ كېچە - كۇندۇز چىكەرمەن ئۇن،
بىلىڭگە، تا ساچىڭ چىرماشتى رەشكىدىن ئانىڭ ھەرتۇن،
دىماغىمدا تاڭ ئاتقۇنچە خەيال ئەتمىش خەيال ئۇزرە.

مېنى دەۋراندە بىبادەكى غەمسىز تاپمە،، ئەي ساقى،
سەدايىم دەفئىغە جۇز بادە لايىن چاتمە، ئەي ساقى،
سەفالىڭ رىزەسىن جۇز تار جانىم ساتمە، ئەي ساقى،
كۆزۇمنى ئىستەسەڭ رەۋشەن قەدەھنى ياپمە، ئەي ساقى،
كېرەكمەستۇر سەھاب ئول ئەختەرى فەرخۇندە فال ئۇزرە.

لەبى لەئلىڭ خەيالى جانۇ كۆڭلۇم ئىچىدە تا تۇشتى،
دېگىل مەھزۇن: خەس - خاشاك ئىلە بەرق ئوتى تۇتاشتى،
نە مۇمكىن لەئلىڭ ئوتىدىن دېمەك كۆڭلۇمنى ساۋۇشتى،
لەۋائى يار لەئلىدە ئوچۇقتۇر بەلكى ياپۇشتى،
چەبىننىڭ پەرىدىن بىر پارە قونغان چاغدا بال ئۇزرە.
①...............................................
جەنابىڭغە بەھانە بۇ مۇخەممەس قارىلىق بولغاي،
ئۇزۇم گەرچە تاپالماسمەن سۆزۇم غەمخارلىق بولغاي،
ئۇمىد ئولكىم، ئۇلۇغ مەنسەبكە ھەقدىن يارلىغ بولغاي،
خۇداۋەندا، ئەمىن ئەيلەپ چىقار جاھۇ - جەلال ئۇزرە.

مۇخەممەس بەھرۇل - چىم (چ)

يولۇڭدا تەلمۇرۇپ يىللار تۇرارمەن ئىنتىزار ئولغاچ،
ئانىڭدەككىم يول ئۇزرە سەف تۇزەر ئەل شەھسەۋار ئولغاچ،
بولۇرمەن بۇلبۇلى گويا كۆڭۇلكىم بەرقارار ئولغاچ،

① بۇ يەردە بىر مىسرا چۇشۇپ قالغان.

جەماللق ۋەسف ئېتەرمەن ھەمدەمىم ئۇل گۇلئۇزار ئۇلغاچ،
قورۇق شاخ ئۇيلەكىم زاھىر قىلۇر گۇللار بەھار ئۇلغاچ.

نە دەيكىم، بىر قارارغە ئۇل كۆزى بىمار ساغلانغاي،
كۆڭۈل ھەردەم تىلەركىم كىرپىك ئوقى بىرلە باغلانغاي،
باشاقلاركىم چىقارغان شۇئلەدىن جىسمىمغە چاپلانغاي،
قاشىن كۆرگەچ ھەسەدتىن ئىستەرەم ئەل كۆزى باغلانغاي،
ئېچۈككىم كۆز تۇتارلار ئەل ياڭى ئاي ئاشكار ئۇلغاچ.

ئەمەسمەن ۋەسلىڭە لايىق، ۋەلى بىر كۆن كىرەكمىشمەن،
قىلۇرغە ئىمتىھان ئۇششاقلار ئىچرە مەھكەم ئىمىشمەن،
تىكەن بەرگىدە مېھنەتدىن ئاچىلغان گۇل سىچەكمىشمەن،
دەي ئالمان دۇرر ئىلەيەتىم، ۋەلى بىلگىلكى چەكمىشمەن،
بىر ئاھى بارچە ئالەم غۇسسە دۇدى بىرلە تار ئۇلغاچ.

«فىدا جانىم» دېسەم، ئۇل فارسىنى ئايتۇر: «نەمي ئايەد»
ساڭا ۋەسلىم كىرەكدۇر، ھەجر ئارا بۇلبۇل نەمي ئايەد،
قۇيۇندەك دەشت ئارا سەرگەشتە بولماسەن چېكەر ئايەد،
جۇنۇن ئېرمەس كىيىكلەر سۇھبەتى دەرمەن ماڭا شايەد،
بىر ئوق تەككەي ماڭا ئۇل قاشى يا گەرمى شىكار ئۇلغاچ.

مەلەك سىيما پەرىۋەش ناگەھان بىپەردە سۆزلەنگەي،
مېنى دىۋانەدەك ئەيلەرگە داغى نەچچە سۆزلەنگەي،
پەرىشان زۇلفىنى كۆرگەچ جۇنۇنۇم بىرلە يۈزلەنگەي،
قىلىپ مەنئى جۇنۇنۇم ئۇل پەرى كويىدا يۈزلەنگەي،
بۇ سۆزۈم ئېركەنىن فەھم ئەيلەگەي بىئىختىيار ئۇلغاچ.

جەھانكىم بىبەقادۇر، بۇ فەلەك گۇيا كېلىنىپ ئەژدەر،
كى ئالمىش بۇ سۆزۈڭنى قويىنىغە نېكىم سالىپ جان بەر،
تەفاۋۇت ئەيلەمەس شاھى، گەدا بولسۇن نە پەيغەمبەر،
قېنى قارۇن، قېنى جەمشىد، قېنى ئەفرىدۇن - ئىسكەندەر،
بەس ئېھسان قىل ماڭا، گەردۇن ئۆيىدە ئېئتىبار ئۇلغاچ.

شەفەقدىن سۇبھىدەك خۇن يىغلاغايسەن، يوقكى كۇلمەكدۇر،
تەۋازۇئ پىشە ئۇلكىم — قەددى تائەتدىن پۈكۈلمەكدۇر.

www.uyghurkitap.com

تەكەببۇر قىلماغىلىكىم ئابرويىمدىن تۆكۈلمەكدۇر،
غۇرۇرى جەھلى جامى بىرلە مەست ئۆلمەككە - ئۆلمەكدۇر،
كى چىقماس بۇ تىكەن كۆڭلۈڭگە ناگاھ ئۈستۈۋار ئولغاچ.

قىلىپ تەركى تەئەللۇق بول مۇجەررەد مۈلكى مالىڭدىن،
جەھان لەززەتلەرىك قەتئ ئەيلەگىل ئەھلى ئەيالىڭدىن،
كۆڭۈلدە دوست فىكرىن قىل دەما - دەم سۆز ھالىڭدىن،
ھەۋەس ئىشق ئەيلەگىل ئازادە كەچكىل بۇ خەيالىڭدىن،
ئول ئاي بەزمىدە ھەرتۈن راست ئاشىقلارغا بار ئولغاچ.

مۇخەممەس بەھرۇد ـ دال (د)

يۈزۈڭنىڭ مۇسھەفىغە نۇردىن زىيۋەر قىلىپ مەمدۇد،
كى ئەترافىدا زۇلفۇڭ تارىدىن جەدۋەل قىلىپ مەمدۇد،
مۇغەمبەر خەت ئارا خالىڭ نىچۈككىم ئايەتى مەسجۇد،
قاشىڭ مىھرابىنى كىم ۋەسل ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد،
باشىم يۈز قەتلە ئۇرسام يەرگە، ھەجرىڭدىن ماڭا نى سۇد.

يازارغە شەرھى دەردىم تاپمادىم دەھر ئىچرە بىر مەھرەم.
قاچار مەندىن ئۇلۇس دىۋانە ئاتدىن ئەيلەگەندەك رەم،
ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ئۆرتەرگە رەد بولمىش سارىغ چىھرەم،
ئىچىمدە ئىشقدىن يۈز بەرق دەم ئۇرماقغە يوق زەھرەم،
ئۆي ئىچرە ئوت سالىپ، ۋەھ، مۇشكۇل ئىھرمىش ئاسراماغلىمىقدۇر.

ئاقىپ كۆز مەردۇمى كۆز بىرلە يوقتۇر ئەسلى يانماقى،
فىغانىم رەئد، ئاھىم شۇئلەسىدۇر بەرق قاچماقى،
بۇ ھالەتغە دەلىل ئۇشبۇ نەۋائى بەيت مىسراقى؟
يادا تاشغە قان تەككەچ ياغىن ياغقاندەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چۇن بولۇر لەئلىڭ شەراب ئالۇد،

مىنى كۆرگەندە ۋەسلىڭ ۋەئدەسىنى بەردىڭ، ئىستەرمەن،
قۇيۇندەك دەشت ئارا سەرگەشتەدۇرمەن، گەردىڭ ئىستەرمەن،
ئانىڭدەككىم سەن ئول مەجنۇنغە لەيلى ئىردىڭ، ئىستەرمەن،
چۇ قويدۇڭ داغ، تىندۇردۇڭ كۆڭۈل دەردىنى، ئىستەرمەن،
دەرەم بىرلە گەدانى ئۆيلەكىم قىلسا كىشى خۇشنۇد.

نەزەرگە كەلگەچ ئوق مەھۋەش نىگارىمنىڭ كۆزى قاشى،
نەچە دىۋانەلەر يەگلىغ يىتەلمەسمەن كۆزۈم ياشى،
ئانىڭدەككىم جۇنۇنغا بائىس ئولمىش يىگى ئاي باشى،
جۇنۇن بۇ بولدىكىم ياغدى پەرىۋەش تىفلىلەر تاشى،
مۇناسىبدۇر تۇ باشلار ئەقل ئەشكىن قىلغالى مەيدۇد.

قاچانكىم بەزم ئارا شەمئى ۋىسالىڭ ئاچتى رۇخسارى،
كۆڭۈل پەرۋانە يەگلىغ مەيل قىلماس ئۆزگە رۇخسارى،
مۇھەببەت ئوتىدىن ئېرمەس كۆڭۈلكىم بىر نەفەس ئارى،
تۆكۈلدى گۈل، فىغان بەس قىلدى بۇلبۇل شۇكرىكىم يارى،
سىنىڭ ھۇسنۇڭ مىنىڭ ئىشقىمغە نۇقسان بولمادى مەۋجۇد.

دىمىشلەر گەھگىشان ئولكىم سامان ئاستىدا باردۇر سىل،
يىغىپ ئالەمنى غەفلەت ئۇيقۇسىدا غەرق ئېتەر كۆپ خىل،
مۇنىڭدەك بولسە ئالەم ئەھلىنىڭ ھالىغەدۇر يۈز يىل،
تۈن ئەنجۇم دىمەكىم، دەۋرانغە راھەت قىلماسۇن دەپ مەيل،
قەزاكۆل مىخلارى قاقتى قىلىپ گەردۇننى قىر ئەندۇد.

مۇرادى ئىشق ئېلىنىڭ خوبلارىنىڭ خوبى سەندۇرسەن،
ھەمە ئىچرە ھەمە ئىبادلانىڭ مەھبۇبى سەندۇرسەن،
بىرەۋكىم تىنە راغىب دەھر ئارا مەرغۇبى سەندۇرسەن،
خەراباتۇ مۇناجات ئەھلىنىڭ مەتلۇبى سەندۇرسەن،
ماڭا كۆرسەتمەسەڭ يول نەيلەيىن قەيسەرىدىن بىھبود.

كېچىپ مەھزۇن جەھاندىن ھەق رىزاسىدا غىنا ئىستە،
قەزادىن ھەرنە كەلسە سەبرى ئەت ھەمدۇ سەنا ئىستە،
فەنا ۋادىسىغە يەتكەنچە تۇرماي ھەم يەنە ئىستە،
نەۋائى، كەئبە زىكرىن قويكى بىر دەۋرى فەنا ئىستە،
زەھەبنا ۋادىيۇل ـــ مەقسۇد ۋەجەدنا ماھۇۋەل ـ مەقسۇد.

# باۋا توشقان



نورۇز ئاخۇن زىيائى

نەشرىگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىمىت

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سانىدا نورۇز ئاخۇن زىيائىنىڭ ئۇبەيد زاكانى يازغان پارسچە نۇسخىدىن تەرجىمە قىلغان مەسەل «مۇشۇك بىلەن چاشقان» نى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ سانىمىزدا شۇ قول يازمىسىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن «باۋا توشقان» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدۇق.

ئىشىت، ئەي بەرادەر ھېكايەت قىلاي،
ەقاسىز جەھاندىن شىكايەت قىلاي.
ەيال ئەيلەدىم بۇ جەھان كارىنى،
ەككۇر قىلىپ مەن يوقۇ بارىنى.
اغى يوق ئىكەن ئۆمرىدە ھېچ ۋەفا،
ھەياتلىق ھەم ئېركەن بەسى بىبەقا.
ۋەفاسىز ئىكەن بۇ جەھاننىڭ ئىشى،
جەفاگەرلىك ئېرمىش فەلەك گەردىشى.
ئىچىم قۇشتى، چىقتىم ئۆيۈمدىن ھەمان،
بەيابان سارى بولدۇم ئاندىن رەۋان.
ماڭا ئۇچرادى بىر تاۋۇشقان ئەجىب،
يۈگۈردى بەسى ھەر تەرەفغە قاچىپ.
دېدىم: «ئەي خۇدانىڭ غەرىب جانۋەرى،
مېنىڭدىن داغى قاچماغىل، كەل بېرى.
بۇ دەم مەن سېنىڭدىن سۇئال ئەيلەيىن،
ساڭا بىر نەچە ئەرزى ھال ئەيلەيىن.»
قاشىمغە يەقىن كەلدى قىلماي ھەيال،
باقىپ مەن بۇرەڭ ئاندىن ئەتتىم سۇئال:
«ئايا دىككى ـ دىككى يابا توشقان
نې يەردىن كېلىپسەن بارۇرسەن قايان؟»
دېدى توشقان قول ئۇرۇپ باشىغە،
«بارۇرمەن ۋەفاسىز ئاكام قاشىغە.»
«نە بەرگەي ساڭا ئاندا [بارساڭ] كايىپ؟»
«كى سۈت بەرگۈسىدۇر كۆك ئۆچكۈ ساغىپ،
سۇغالغاندۇر ئۆچكۈسىنىڭكى سۈتى،
يورۇقدۇر داغى سۇغەسىنىڭ تۈبى.
چىقىپمەن چىنار باشىغە ئول زەمان،
كى يەڭگەم ئۆيىدە بولۇپ مېھمان.
بۇ يەڭگەمنىڭ ئاتى ئېرۇر قەھقارا،
كى ئەتكەن ئاشىدۇر ئانىڭ قاپقارا.
ئۆزى ئىچمەدى بىر قوشۇق ئاشىدىن،
ماڭا بەردى ئاش بىر چەرا داشىدىن.
ئىچىپ ئاشنى مەن يولغە قويدۇم قەدەم،
بۇ يولدا ئەلىفدەك قەدىم بولدى خەم.
تاپىپمەن بۇ يولدىن يانا بىر ياتاق،
مۇسافەت كېزىپ قويدۇم ئاندە ئاياق.
بەناگەھ پاتاچى ماڭا ئۇچرادى،
سۈرۈپ قويلارىن ھەر تەرەف قوترادى.
پاتاچىغە بەردىم تاياقنى بۇ دەم،
ماڭا بەردى چوپان سېمىز بىر غەنەم.
غەنەمنى ئالىپ كۆلگە مەن تاشلادىم،
تەۋەككۈل يولىنى يەنە باشلادىم.
قىلىپ كۆل ماڭا بىر بالىق ئىلتىفات،
بېلىق سۈرەتىندە ۋەلى رەڭگى يات.
بېلىقنى قىلىپ توخىغە پىشكەش،
ماڭا بىر تۇخۇم بەردى خۇرشىدۋەش.
تۇخۇمنى ئوت ئىچرە نىھان ئەيلەدىم،
ئۆزۈمنى ئۆزۈم مېھمان ئەيلەدىم.
ئاقىن يەي دېسەم كىردى ئاقمەت ئاكام،
سارىغىغە ئىلگۈردى سەقمەت ئاكام.
بۇ ھالەتدە ئېردى ئىشىك ئەتتى تاق،
باقىپ يوقارى تۈگلۈك ئەتتى تاراق.
يىيەلمەي قالىپمەن بىلىم مۈكچەيىپ،
كۆرەلمەي قالىپمەن كۆزۈم چەكچەيىپ.»
تاۋۇشقان سۆزىنى تۈگەتتى ماڭا،
ئىشىتىپ مۇنى بولدۇم ھەيران ئاڭا.
كى بۇ ئىشلانى مەن خەيال ئەيلەدىم،
ئۆزۈمنى ئۆزۈم كۆپ مەلال ئەيلەدىم.
مۇنى ئەي بەرادەر تەفەككۇر قىلىڭ،
بىلىپ مەئنىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

# مەختۇمقۇلى شېئىرلىرىدىن

## نەسىھەتلەر *

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

1

نەسىھەت ئەيتايىن ئاڭلاڭ يىگىتلەر:
خوتۇنلار باشلىغان ئۆيگە باش بولماڭ.
مىڭ نەسىھەت ئېيتسا بىرىنى تۇتماس —
ئاغزى بىر بولمىغان ئەلگە باش بولماڭ.

تەڭ-تۇشۇم دەپ ھەرگىز سالىشمە① قىلماڭ،
ئارەستە، سەۋدانى چالىشمە② قىلماڭ.
خۇش-مۇلايىم بولۇڭ، بەد سۇخەن③بولماڭ،
نەسىھەتىم ئېلىڭ، تولا كاژ بولماڭ.

ھەرگىز ئاتاڭ بولسە، بولماڭىز كەپىل،
بۇرۇنقىدىن قالغان، «كەپىللەر سەخىل».④
مەن ئېيتايىن، تىڭلاڭ مەسەل، ئۆزۈڭ بىل،
تۇس-تۇپىلاڭ قىلغانلارغا باش بولماڭ.

نەسىھەت تىڭلىساڭ ئەرنىڭ ئېرىسەن،
ئالمىساڭ نەسىھەت كۆپنىڭ بىرىسەن.
كاتتە ئەلنىڭ سالىغى⑤ تىلىسىز بولارسەن،
ئاغرىسى ئالا⑥قەۋمگە زادى باش بولماڭ!

توغرى يۈرۈپ، توغرى كەزگەن توق بولار،
بىۋەقت كەزگەن مالامەتكە چوق⑦ قالار.
ئۆمرى بويى توپلىغىنى يوق بولار،
خاراب سۆيگەن يىگىتلەرگە باش بولماڭ.

ھەرگىز يامان بىلەن بىرگە بولماڭلار،
ئويناپ-كۈلۈپ، بىللە خورەك⑧يېمەڭلەر.
بىراۋنى تونىماي، يامان، دېمەڭلەر،
قودا-قەيىن بولۇپ، قېرىنداش بولماڭ!

مەختۇمقۇلى، كۆپ سەۋدالىق بېشىڭ بار،
ئۆمرۈڭ ئۇزاق، يۈزدىن ئاشار يېشىڭ بار.
ئۆزۈڭنى بىل خەق بىلەن نە ئىشىڭ بار،
يامان كىشىلەرگە ھېچ يولداش بولماڭ!

2

ئەسلى ئادەمزاتقا ئاچچىق سۆز ئېيتما،
پەقىرۇ مىسكىنگە دالالەت ياخشى.
بېخىلگە ياندىشما، يۈزىنى كۆرمە،
بىر ئىش پۈتتۈرمەككە كۈپايەت⑨ ياخشى.

يىگىتىمنى كۆرگەندە كۈلەر يۈز بەرگىن،
قولدىن كەلسە ئاڭا تائام-تۇز بەرگىن.
غەمكىنىنى كۆرگەندە ياخشى سۆز بەرگىن،
بىچارە قۇللارغا ھىمايەت ياخشى.

قېرىلىق بىر دەرتتۇر، ئادەم ئۆلتۈرمەس،
ئۆلتۈرسىمۇ تىرىكلىكدە خۇشال-كۈلدۈرمەس.
ئۇرۇقلىقىن ھېچ بۆرىگە بىلدۈرمەس،
ئەلبەتتە دۈشمەنگە سىياسەت ياخشى.

* بۇ شېئىرلار مەختۇم قۇلىنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان نەسىھەتلىرىدۇر. بۇلار ئۇنىڭ ئالغۇغا ئېلىنغان خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا تاللاپ رەتلەندى. شائىر مەختۇم قۇلىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە 143 - بەتتىكى ماقالىگە قاراڭ.

مەختۇم قولى، شۇكۇر، بىزگە تىل بەردى،
كۆچەتلەر يېتىشىپ، مېۋە - گۈل بەردى.
ئۇرۇغلەر رەيھانغا ھەسەل - بال بەردى،
ئامان بول، دېگەنگە دىيانەت ياخشى.

مەختۇمقۇلى ئەيتار يارۇ ھەمدەمگە،
كېلىڭ، شۇكۇر ئېتەيلى دوستلار بۇ دەمگە.
ئەسلىدە سۆز پەھمى بىلمەس ئادەمگە،
مىڭ مەنا سۆزلىسەڭ قەدرىنى ھېچ بىلمەس.

3

تۈگۈرمەنچى قولىغا چۈشسە ئالغۇر تاش⑩،
قاناتىدىن ئايرىلغۇر، قەدرىنى ھېچ بىلمەس.
بىر چوپان قولىغا چۈشسە بىر ئالماس،
چاقماق تاشى ئېتەر، قەدرىنى ھېچ بىلمەس.

ئامال تاپماس بۇ شەربەتتىن تاتمىغان⑪
پەھىم ئەيلىمەس سۆز مەنىگە يەتمىگەن.
ئېلبە - مەجنۇن ئىشق سىرى ئۆتمىگەن،
پەرىزاد - لەيلىنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئارامنىڭ قەدرىنى بىلمەس ھارمىغان،
بەگلىك قىلا بىلمەس بىلىم بىلمىگەن.
چۆلدە ئاچلىق مۇشەققەتتىن كۆرمىگەن.
ئۆيدە ئىسسىق نانىنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئۆتكەندىن كېيىن ئادەم ئويلار دەۋلەتىن،
بىلمەس دەۋلەت بىلەن ئۆتكەن نەۋبەتىن.
كىم تارتمىسا بىمارلىقنىڭ زەھمەتىن،
سەھەت - ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئارقانىنى چىڭ باغلاپ لەڭگەر سالمىغان،
گىرداپقا سوقۇلار ھازىر بولمىغان.
كېمىسى سايازدا توختاپ قالمىغان،
قۇرۇق قارا يەرنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئايرىلىش ئوتىدا يېنىپ - ئۆچمىگەن،
زالىملار زۇلمىدىن ئۆلكە ئاشمىغان.
ۋەتەندىن ئايرىلىپ يالغۇز چۈشمىگەن،
ئۆز ئېلىدە ئەل قەدرىنى ھېچ بىلمەس.

4

ھەر يىگىتنىڭ ئەسلىنى بىلەي دېسىڭىز،
مەرىكىدە ئولتۇش - تۇرۇشنى كۆرۈڭ.
بىراۋ بىلەن ئاشنا بولاي دېسىڭىز،
ئەۋەل ئىقرارىدا تۇرىشىن كۆرۈڭ.

ئۇزاق - يېقىن يولغا بارار بولسىڭىز،
مەردانىلىق قىلىچىن چالار بولسىڭىز.
بىر بىراۋنى سايلاپ⑫ ئالار بولسىڭىز،
سىنەسى - ساغرىسىن كېرىشىن كۆرۈڭ.

بىر پۇل چۈشسە بىر ناكەسنىڭ قولىغە،
كۆكسىن ئاچىپ كېزەر كىشىنىڭ يولىغە.
خېرىدار بولسىڭىز گۈزەل قىزىغە،
ئادەمنىڭ كېرىلىپ ئولتۇرۇشىن كۆرۈڭ.

نامەرتلەر بىردەم ئۆلۈمدىن قېچىپ،
ئۆيىگە كەلگەنگە زەھەرلەر ساچىپ،
مەرت يىگىتكە نالىپ، كۆكسىنى ئاچىپ،
نامەرتنىڭ مېھمانىنى كۈتىشىن كۆرۈڭ.

مەرت يىگىتنىڭ كۆڭلى دائىم ياز بولار،
مەرت يىگىتنىڭ سۆھبىتى ھامان ساز بولار.
ياخشىنىڭ كۆڭلىدە كىنە ئاز بولار،
يامانىنىڭ كۈندە بىر ئۇرۇشىن كۆرۈڭ.

زالىملار ئۇنۇتار زىكرى ئاللاھنى،
ئەرزان ئېلىپ قىممەت ساتار غەللانى⑬
سۇدخور، نا ئىنساپلار ھالال تىللانى
ھارام پايدىسىغا بېرىشىن كۆرۈڭ.

قەدىردان، قەرداشتىن ئۇزاقداش بولۇپ،
قەدىرسىز، يات بىلەن قېرىنداش بولۇپ،
مەختۇمقۇلى نا سازلەرگە [14] دۇچ بولۇپ،
خۇجىنىڭ، سەيتىنىڭ كۈلىشىن كۆرۈڭ!

5

پەلەك ماڭا غەم بادىسىن بەرگەندە،
ۋىسال قايسى، ھىجران قايسى بىلمىدىم.
ھەق ئىشىگە تەن بەرمىشمەن كۆرگەندە،
ئارزۇ قايسى، ئارمان قايسى بىلمىدىم.

بەندە بولساڭ كۆزلە ھەقنىڭ رىزاسىن،
جەبىر قىلسە تارتىۋەرسۇن جاپاسىن.
ئەجەل بىر كۈن ئاتار تىغى قازاسىن،
يىپى قايسى، كامان قايسى — بىلمىدىم.

ئارىق بولساڭ قۇلاق سالغىن سۆزىمە،
بىر سۇرەتمەن بۇگۈن پاتماي ئۆزىمە.
دۇنيا تىلسىز كۆرىنىدۇ كۆزىمە،
دەۋر قايسى، دەۋران قايسى — بىلمىدىم.

ئاز ئۆمرۈمنى كۆپ سەۋداغە ساتىپمەن،
ئۆزنى بىلمەي شۇ دەرياغا ئاتىپەن.
نە ئۇممانىدۇر[14]، نە گىردابتۇر ياتىپمەن،
پايدا قايسى، زىيان قايسى بىلمەدىم.

مەختۇمقۇلى يولىنىڭ ئالدى-ئارقى بار،
تارتار ئىكەن، ھەر يىگىتنىڭ دەردى بار.
يۈرىگىمدە دىلخاھىشلىق زەردى بار،
دەرد قايسىيۇ دەرمان قايسى بىلمىدىم.

6

بۇلبۇل سايراپ تۇرغان ھاۋالىق باغلار،
بۇلبۇل سەندىن كېتەر، پىغان توختىماس.
تۇمانلىق، يامغۇرلۇق، ئاق قارلىق تاغلار،
سەللەر سەندىن كېتەر، تۇمان توختىماس.

ئادەم يارىتىلمىش بەلەند ۋە پەسلىك،
ئەقىللىق، پىكىرلىق، ئاڭلىق ۋە ھېسلىق.
يىگىتلىك ئۆمرىدە بولۇپتۇر ياز پەسلى،
باھار سەندىن كېتەر، زامان توختىماس.

كەلگەنگە قارشى سۆز بولسە ماجالىڭ،
ياخشى تۇتىۋەرگىن نىيەتى-پەيلىڭ.
دۇنيا دەۋرانىدا ئوچۇق تۇت قولۇڭ،
دەۋر سەندىن كېتەر، دەۋران توختىماس.

بۇ دۇنيا — غەۋغادۇر، بىر قالايمىقاندۇر،
بىرى بەرسە، يەنە بىرسى ئالادۇر.
يىگىتلەر، بۇ دۇنيا سەلگە مىسالدۇر،
بەرق ئۇرار ئاسماندا يۇلتۇز توختىماس.

بىر مەنزىلدۇر ئۈچ كۈن خوپ يەپ-ئىچكەن سوك،
ئور ناشىپ قىلۇرلار، بېلىڭ يەشكەن سوك.
ئۆزەڭگىن تار-تارلار تۆت كۈن ئۆتكەن سوڭ
بەش كۈندىن ئارتۇق مېھمان توختىماس.

قوينىنى ئاچار يەر بىر كۈن سىنى كىزلەر[15]
قارا قۇمغا تولار بۇ قارا كۆزلەر،
مۇنچە غادايمىغىن چىمەنزار قىزلەر.
چىمەن سەندىن كېتەر، سايران توختىماس.

مەختۇمقۇلى ئېيتار ئارىق دوستىغا،
كۈن قارا چۈشمەيىن ئەجەل دوستىغا،
پەلەك بىر كۈن تاشلار يەرنىڭ ئاستىغا،
ئاغزىڭدىن تىل كېتەر، زۇۋان توختىماس.

uyghurkitap.com



7

ساغلىقنىڭ قەدرىنى بىلگىن خەستە بولماستىن بۇرۇن،
خەستىلىك شۇكرىنى قىلغىن تاكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
بوز يەر قەدرىنى بىلگىن دەرياغا چۆكمەستىن بۇرۇن،
كىممىدە ھوشيار تۇرغىن گىرداپقە كەلمەستىن بۇرۇن،
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلگىن تا قېرىماستىن بۇرۇن.

ئۇلغايدىڭ كۆڭلىڭدەدۇر يالغانچى ھالىڭ قايغۇسى،
تىللىرىڭ بىران، ھەق-يالغان سۆزلەر ئېيتقۇسى،
كۆزلىرىڭ گۈزەل كۆرۈپ سىنى گۇنادە قويغۇسى،
خاتىرىڭ يۈزمىڭ پەرىشان كەدخۇدالىق⑯ قايغۇسى،
نى ئەجەب خۇشال ئىدىڭ ئۆزۈڭنى بىلمەستىن بۇرۇن.

ياراتقان يادىڭدادۇر باشىڭ يامان ھالدا ئىكەن،
يۈز كۆرۈلسە يادقا چۈشمەس تاكى ھوش ھالدا ئىكەن،
ئۆمرۈڭنى بىھۇدە قىلما پۇرسىتىڭ قولدا ئىكەن،
تەگسە بىر بادى خازان سولدۇرىدۇ گۈلنى تىكەن،
گۈلنى يادىڭدىن چىقارما تاكى سولماستىن بۇرۇن.

ئەقلى-ھوشۇڭغا يېتىشىدىڭ، ئەيلىدىڭ سەيلانە سەن،
ئىستەدىڭ، جەم ئەيلىسەڭ كۆللى⑰ پۇلۇ مالنى سەن.
ھېچ خەۋىرىڭ بارمىكىن، بۇ دۇنيا مېھمانى سەن،
قىلمىدىڭ بىردەم قانائەت تەڭرى بەرگەن نانغە سەن،
ئوزىقىڭ تەييار قىل كارۋانچى كەلمەستىن بۇرۇن.

قالمە مۇشكۇل، كونا دۇنيا رۇستەمى ئەرزالىگە،
مەغرۇر ئولمە نەچچە كۈنلۈك يىگەن-ئىچكەن مالىگە،
ھەقنى ئالىمنى كۆر ئەتلەسنى بەردى شالىگە⑱،
تۇرسا ھەر مەختۇمقۇلى يىغلار بۇگۈن ئۆز ھالىغە،
ئەرتە تۇر، مەھشەر كۈنى تەرلەپ-ئۇيالماستىن بۇرۇن.

8

قارا تاشتىن قارا قوالىنى تاپقان كۆڭۈل،
قەۋم - بالا كۆرگونچە ئۆزگە مېھماندۇر.
كەلگەن ئاش دەپ كەلمەس، سەن ئۆزمە-
گەن يۈز،
نانغا موھتاج ئەمەس سۆزگە مېھماندۇر.

ئاغىردۇر ھەر ئانلار، ئۇزاقدۇر يوللار،
ئەل سورار يىگىتلەر، سۆز سۆزلەر تىللار.
باھاردا ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
بىر پەسىل ئاچىلار، يازغا مېھماندۇر.

يىگىتنىڭ بولمىسا ئېتى، ياراغى،
شۇنى ياخشى بىلىڭكى، بولماس غەيرىتى.
قېرىغاندا كىتەر بەلىنىڭ قۇۋۋىتى،
يىگىتلىكنىڭ دەۋرى سىزگە مېھماندۇر.

بۇ دۇنيا ساڭا بىر شوخ كۆلكىدۇر،
جاپاسى كۆپ، قىلمىشلىرى زۇلۇمدۇر،
ھەر قانچە ياشىساڭ ئەخىر ئۆلۈمدۇر،
ئېزىز جانلار تەندە بىزگە مېھماندۇر.

مەختۇمقۇلى ئەيتار ئېللەر ئۆزۈمدە،
ئۆلۈم يادىمدەدۇر، قورقۇش كۆزۈمدە،
ھەرقانچە ياشىساق يەرنىڭ يۈزىدە،
ئادەم ئوغلى بەش كۈن ئۆزگە مېھماندۇر.

9

«مەستان يۈرەي شەھەرلىكدەك» دەپ،
ئۆنۈپ - ئۆسكەن ئۆز يۇرتىڭدىن ئايرىلما.
بىر كەكلىكدەك يەپىسگىنىڭ يولىدا،
دامغا چۈشۈپ قانىتىڭدىن ئايرىلما!

تەۋەككەل ئەت، خەلققە مېھرىڭ بېرىپ بار،
سەۋرلىك بول، بىسەۋرلىك ھەم بىكار،
ھەر يەردە ئىشلىسەڭ ئىسمۇڭ ھەم بار،
«باي بولاي» دەپ ئىززىتىڭدىن ئايرىلما.

كۆپ يىگىتلەر ھەم نامەردلەر، ناچارلەر،
تائاملىق يەپ، ئىشىڭ بولسا قاچارلەر.
سىرىڭنى پاش ئېتىپ، ئەيىبىڭ ئاچارلەر،
قەدرىڭ بىلگەن ئۆلپەتىڭدىن ئايرىلما!

گادالارنىڭ كۆڭلى شاھلىقنى ئىستەر،
نادانلارنىڭ كۆڭلى دۈشمەنلىك، دوستلەر.
بىقەدىرلەر يالغان سۆزۈڭنى «راست» دەر،
تەلىم بەرگەن ئۇستازىڭدىن ئايرىلما.

كىمسە قاششاق، كىمسە بولسا باي بولار،
ھەر كىشىنىڭ بەختى - ئىقبالى بولار،
ھەرنە كەلسە بېشىڭغا تىلىگەن كېلەر،
مەختۇمقۇلى ھەق يادىدىن ئايرىلما.

10

ئاقىل بولساڭ ياخشىلارغا ھەمدەم بول،
ئاخماق ئۆزى نادان بىلەن يار ئەيلەر،
چىن ئاشىقلار نازلىق يارنىڭ جامالىن —
بىر كۆرسەم، دەپ كېچە - كۈندۈز زار ئەيلەر.

نامەرد غۇسسەسىدە قېلىپمەن دەرتكە،
كۆڭۈل ئارام تاپماس نامەرد بار يەردە.
مالى كۆپ، دەپ مېھمان بولما نامەرتكە،
پەقىر بولسا مەرد ھەم بىشەك ئار ئەيلەر.

نامەرد ئۆزى مەرتكە بىشەم سۆز ئېيتار،
نادان بولسا، ھەقىق ئۆچۈن دەرد ئارتار.
مەرت يىگىت مال تاپسا ھىممەتى ئاشار،
نامەرد تويسا كۆڭلىنى بەك تار ئەيلەر.

uyghurkitap.com



مەختۇمقۇلى، ئەمدى ئۆزۈڭنى كۆزلە،
ياخشىنى تەرىپلەپ، يامانىنى تۈزلە!
ئاز يېگىن، ئاز ئۇخلىغىن، ئاز سۆزلە،
كۆپ سۆز ئاخىر ئەل ئىچىدە خار ئەيلەر.

11

ئىززەت-ھۆرمەت ھېچ كۈتمىگىل،
كۆرۈم كۆرۈلمىگەن يەردە.
ئاقىل بولساڭ سۆز ئېيتماغىل،
نۆۋەت بېرىلمىگەن يەردە.

ئەقلى ياخشىلار ئۇنۇتماس،
ئۇرۇق ياغاچ مېۋە بەرمەس،
ئەقىللىق زادى قەدەم باسماس،
كۆتۈپ، سۆيۈلمىگەن يەرگە.

مەرد كۆڭلىدىن ئەرز-داد چىقماس،
بەگدىن مۇشكۇل-كۈشاد چىقماس.
ئىت ھاۋشىماس، مۈشۈك تۇرماس
ساچىق يازىلمىغان ⑲ يەردە.

نامەرد قۇش ئۇستىدە ھارار،
تويماس ئاش ئۇستىدە زارلار،
يۈرۈش قىلىپ، قىلىچ تارتار،
دۈشمەن كۆرۈلمىگەن يەردە.

پاراسەت بىلەن كۆرۈپ «ھەق» دە،
مەرد يىگىتنى دائىم ماقتا.
مەختۇمقۇلى تىلىڭ ساقلا
سوراق سورالمىغان يەردە.

12

ئۆمرۈم بويى ساڭا نەسىھەت ئەيلەيىن:
ۋەتەننى تەرك ئېتىپ كەتكۈچى بولما،
ئۆزۈڭدىن كەم بولغان پەس-نامەردنىڭ
خىزمىتىگە قۇللۇق ئەتكۈچى بولما.

ئۇقماستىن ھەر كىمگە بەرمىگىن بۇيرۇق،
تەندە ئادەم كاھ سېمىز، كاھىدا ئورۇق.
بىر يۈزى قارادۇر، بىر يۈزى يورۇق،
قارا، دەپ قاتتىق سۆز ئېيتقۇچى بولما.

ياخشىلاردىن ھەرگىز چىقماس يامانلىق،
ئەسلى يامان بولسا، چىقماس ياخشىلىق.
ئەسلىگە تارتىدۇ چاپقۇر، چەۋەنلىك ⑳
چاپقۇرنى چەۋەنگە ساتقۇچى بولما.

چاقىرغان يەرگە بار، ئولتۇر ۋە تۇرما،
چاقىرمىغان يەرگە بارما، ئولتۇرما!
ئۇياتسىز ئادەمگە سىر كەلمە، يۈرمە،
بۇيرۇمىغان ئىشنى ئېيتقۇچى بولما!

ئەگەر بولساڭ سەبى كەبى مۆلايىم،
مۆلايىم سەن بولساڭ قۇلۇڭ بولايىن.
قۇلاغىڭغا ئېيتار نەسىھەتىم شۇ:
كىشىگە قاتتىق سۆز ئېيتقۇچى بولما!

كۆكتىن نەم چۈشمىسە كوكات كۆكەرمەس،
يىغلىسا مىڭ قايغۇ بىر ئىش پۈتتۈرمەس،
ئەر يىگىت كۆڭلىگە قايغۇ كەلتۈرمەس،
نامەردنىڭ ئوغلىدەك قاچقۇنچى بولما!

مەرد ئوغلىدۇر ئەلگە يازار داستىخان،
توغرى سۆز ئۇستىدە بېرەر شېرىن جان.
ئۆمرىنى ئۆتكۈزەر ئېيتمايىن يالغان،
جەھد ئەيلەپ يالغان سۆز ئېيتقۇچى بولما!

تاپساڭمۇ دۇنيادا مۈلكى ئىسكەندەر،
قارۇننىڭ مالى ھەم بولسا مۇيەسسەر.

ئاخىرى بولارسەن يەرگە بارابەر،
كۆڭلىمدە مەلمەنلىك ساتقۇچى بولما!

بىر ماقال بار ئېرۇر: پىلگە ئىت ھۈرەر،
پەيلى يامان كۈرمىش ئۆزىدىن كۈرەر،
ئاخىرى بىر كۈن قىلارسەن سەپەر،
قارا كۆڭۈللۈك ئىشنى قىلغۇچى بولما.

كىتاب ئېچىپ ئوقىغاننى «موللا» دەر،
كۆكسىدۇ يامغۇر سۆيى بىلەن يەر،
ئالقىشقا ئېرىشەر دۇئا بىلەن ئەر،
مەزلۇمگە ستەملەر قىلغۇچى بولما!

مەن ئېيتتىم بىرنەچچە پەند - نەسىھەت،
بىلسەڭ - نەسىھەتتۇر، يوقسە - پەسىھەت.
پەسىھەت بىلمىگىن، بارچە نەسىھەت،
يالغان - ياۋىداق سۆزنى ئېيتقۇچى بولما!

مەختۇمقۇلى، دىلىمدادۇر كۆپ ئەرمان،
تاپمىدىڭ دەردىڭگە ئاقىۋەت دەرمان!
يېتىشەر بىر كۈنى ھەقدىن بىر پەرمان،
غەپلەت تۆشىگىدە ياتقۇچى بولما!

13

ئىچكى سىرىڭ ئېيتما ھەربىر نامەردكە،
سىرىڭ ئەلگە يېيىپ پاش ئېتەر سىنى.
ئوغرى - كەززاپ بىلەن دوست - ئاداش بولما،
ھېلىگىدىن ئاجرىتىپ ئاچ ئېتەر سىنى.

نادان بىلەن ئەسلا ئولتۇرما - تۇرما،
زىنھار، نامەرد بىلەن ھەمسۆھبەت بولما.
قەدىردان دوستۇڭدىن يۈزۈڭنى بۇرما،
بارساڭ ئۆز باشىغا تاج ئېتەر سىنى.

بىر مەرد يىگىت نازەنىنگە يار بولسا،
جامالىنى بىر كۆرمەككە زار بولسا،
ئارىلىقتا بىر شۇم رەقىب بار بولسا،
سۆيگەن يارىڭ بىلەن ئۆچ ئېتەر سىنى.

مەختۇمقۇلى، يېگىلمىش ئېيتما سامانى،
سەھەر تۇرۇپ تىلە بارچە گۇناھنى.
ئېيتمىغىن غەيۋەت سۆز، قىلما زىنانى،
جەھەننەم ئوتىغا دۇچ ئېتەر سىنى.

لۇغەت:

① سالىشمە قىلماق — ئاپاق - چاپاق بولماق. ② چالىشمە قىلماق — ئارىلاش - تۇرۇۋەتمەك ③ بەدسۇخەن — يامان سۆز قىلماق. ④ «كەپىللەر سەخىل» — كېپىل بولغۇچى ئىلگىرى باسمايدۇ. ⑤ سالىغ — ئېغىرچىلىق كەلتۈرگۈچى، يارىماس. ⑥ ئاغرىسى ئالا — ئىتتىپاقسىز، چېچىلاڭغۇ. ⑦ چوق — جىق، بەك، كۆپ. ⑧ خورەك — ماش خوردا — تۈركمەن، ئۆزبېك خەلقلىرىدە بىر خىل دائىمي تاماق — پۇرچاق بىلەن ياسىلىدۇ، كۆپ يېيىلىدۇ. ⑨(كۆپا يەت — سەۋرە تاقەت مەنىسىدە. ⑩ ئالغۇر تاس — قارچىغاي. ⑪ تاتىماق — تېتىماق. ⑫ سايلاپ — تاللاپ، خىللاپ، ⑬ غەللا — ئاشلىق، دان. ⑭ ئۇمىمان — دېڭىز - ئوكيان. ⑮ ناساز — ناباب، ناچار. ⑯ كىز - لىمەك — يوشۇرماق ⑰ كەد خۇدا — بالا - چاقا، خوتۇن - خەلاج ⑱ كۈللى — جىمى، بارچە، پۈتۈنلەي، ⑲ شال — ماتا، بۆز. ⑳ ساچىق يازىلمىغان — داستىخان سېلىنمىغان ㉑ چەۋەن — قىرچاڭغۇ (ئاتقا قارىتىپ ئېيتىلغان)

# نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

تەھرىر ئىلاۋىسى: نورۇز — ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا خۇددى مەشرەپلەردەك ئومۇم خەلق ئىشتىراك قىلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كالېندارچىلىق ھېسابىنىڭ خاسلىقى ۋە پائالىيەت شەكلىنىڭ مۇجەسسەملىكى بىلەن داڭق چىقارغان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپ كەلگەن. نورۇز بايرىمىنىڭ فولكلور قىممىتىنى ۋە تارىخىي قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇقام-مەشرەپ تەتقىقاتىغا تەققاس قىلىش مۇمكىن. ئۇ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت بايلىقىنى كەڭ جارى قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بېيىتىشقا پايدىلىق.

بۇ ماقالە نورۇز بايرىمى توغرىسىدىكى بىرقەدەر ئەتراپلىق تەتقىقات نەتىجىسى بولغانلىقى، نورۇز — كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئىزچىل تېما بولغانلىقى ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا كۆچۈرۈپ باستۇق. ماقالە ئاپتور تەرىپىدىن قايتا تۈزىتىلدى ۋە تولۇقلاندى.

«كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر سوقىش قالمادى قارى بۇزى»
— نەسىرىددىن رابغۇزى

## 1. مۇقەددىمە. نورۇز — ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ يالدامىسى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى تۇرمۇشتىن تەئقىپ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئېتنىك بايرام — نورۇز بايرىمى يېقىنقى ھاياتبەخش يىللارنىڭ نۇرانە شولىسىدا خۇددى بۇلۇقتۇرۇلغان «نورۇز بۇلاق» كۆز ئاچقاندەك يېڭىباشتىن ئۆزىنىڭ قايناق مېلودىيىسى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز بۇلىقىنى يوقاتقان چىمەن ۋە ئۆز چىمەنلىكىنى يوقاتقان بۇلاق قايتا قوشۇلغاندەك خەلقىمىز ھاياتىدا بىر قۇتلۇق پائالىيەت — نورۇز بايرىمى پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ چىقتى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەت ئۇيۇش-تۇرۇش كۈچىمىزگە تۆھپە قوشقۇچى بۇ خىل ئېتنىك مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇن-

داق تېز، مۇنداق يارىشىملىق گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئازادە جابدۇنۇپ ئۈلگۈرەلىگەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي ئىزنالىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇشى تەبىئىي.

«نوروز» ئاتالمىسى خۇددى «مۇقام» ئاتالمىسىغا ئوخشاش ئۆزى ئىچىدا بولغان ۋاقىتتىلا مەيدانغا چىققان ئەمەس! كىشىلەر تارىخىي ھەقىقەتلەرنى تېپىشقا تەمشەلگەندە، ئېتىمولوگىيە (لۇغەت مەنبەسى) ئىلمى بۇ ئوبيېكتىنىڭ تارىخىي ئەسلى مەنبەسىنى ئېنىقلاشقا ھەر قاچان ئاجىزلىق قىلىدۇ. روشەنكى، ئېتىمولوگىيىلىك ئوبيېكت نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇئەييەن قېلىپلاشقان ۋە بەلكى ئاخىرقى ۋارىيانتتىكى نام - ئاتالمىسىنى ئىزاھلاشنى ئوبيېكت قىلىدۇ، خالاس. ئەگەر ھەقىقەتلەر ئېتىمولوگىيىلىك ئىزاھات بىلەن ھەل قىلىنىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا ئىلىم دۇنياسى «كولكۇ ئەينىكى» فىگۇرىلىرىغا گىرىپتار بولغان بولاتتى!

ئەنە شۇ ئېتىمولوگىيە بويىچە بۇ ئىبارە شەرقىي ئىران — تاجىك تىلى تەلەپپۇزىدا «نەۋ» — يېڭى، «روز» — كۈن سۆزىدىن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، «يېڭى كۈن» — «يېڭى يىل كىرگەن كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا توققۇز ئوغۇز دەپ تەرىپلەنگەن غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۇرناق بايراملىرىنى «مەشرەپ» دەپ ئاتىغاندەك، يېڭى يىل — باش باھار بايرىمىنى تەخمىنەن زارائاسترىزم دىنىدىن كېيىن شەرقىي ئىران — تاجىك تىلى بويىچە «نوروز بايرىمى» دەپ ئاتاشتى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇ ئايەمنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق «كۆك بۇرناق»، «سۈمۈلە ئايىمى»، «كۆك مەشرىپى» نامىدا داۋاملىق ئاتاپ كېلىشتى.

«نوروز» كالېندارى ھەققىدە ھازىرغىچە روشەن بەلگىلىمە مەۋجۇت ئەمەس. ماقالە ياكى قامۇس ماقالىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى تولا ۋاقىتلاردا ياكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ، ياكى زىرىۋانىزىم مۇخلىسلىرىنىڭ، ياكى خارەزمى، بىرۇنى، ئۆمەر ھەييام، ئۇلۇغبېك تۈزگەن زىچە - كالېندارلارنىڭ يىل بېشى كۈنىنى نوروز كۈنى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ يېزىشىپ كېلىشتى. بەزى ئاپتورلىرىمىز ئۇنى دېھقان يىلى (خەنزۇ كالېندارى) بويىچە، بەزىلىرى قەمەرىيە بويىچە، بەزىلىرى شەمسىيە بويىچە، بەزىلىرى مىلادىيە بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

ئېيتىش كېرەككى، نوروز — ئالدى بىلەن تەبىئەت بايرىمى. بۇ ھەقتە ئىران تارىخچىسى ئازەرگۇشاسب ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئىران يوسۇن مىراسلىرى» ھەققىدە (ئەيىن بەرگۇزارى چەشنخەيئىي ئىرانىي بەشتان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 56 - بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «نوروز — باھار كۈنى، ئورمۇزدا كۈنى... گۈل ۋە خۇشبۇي گىياھلار مەۋسۇمى... نوروز — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىمى. بۇ چاغدا باھار شامىلى دالا ۋە ساھىللارنى يېشىللىققا پۈركەيدۇ. ئۆلگەن، چىرىگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ، تەبىئەت يېڭىباشتىن ئۇستىباش كىيىدۇ»①. شۇنداق ئىكەن، نوروز ھەممە تەبىئەت

① ئا. دوروشېنكو: «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك»، موسكۋا، 1982 - يىل رۇسچە نەشرى، 71 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



سەنئىتىگە بىرلا كالېندارda كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزچە، جەنۇبىي جۇڭگودا يانۋار-فېۋرال ئايلىرىدا باھار بايرىمى قۇتلۇقلانغانلىقى بىلەن، قەدىمكى شىمالىي دىيار، ھون خەلقلىرى ئارىسىدا ئاپرېل-ماي ئايلىرىدا «ئەجدىھا بالىق» شەھىرىدە يېڭى يىل بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، چارۋىچىلار قوي-يىلقىلىرىنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغانلىقى، لايدىن ياسالغان كونا بەخت مۇئەككەللىرىنى چېقىپ، شۇ لايدىن يېڭى يىللىق بەخت مۇئەككەللىرى ياسايدىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى، بۇ ھەقتە «تارىخنامە»، «شىمالىي جۇ كىتابى»، «ۋېينامە»، «سۈينامە» دەستۇرلىرىدا كۆپلەپ قەيت قىلىنغان. دىن تاشقىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى ئۇيغۇرچە بۇددا ۋە مانىخ دەستۇرلىرىدىمۇ مول مەنبەلەر ساقلانغان. 1863 — 1878-يىللىرىغىچە شىنجاڭدا تۇرۇپ «غەرىبىي زېمىن ھەققىدە نەزمىلىك بايان» ناملىق تۆت جىلد كىتاب يازغان شاۋشۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىنىڭ خەنزۇلار قوللانغان دېھقانچىلىق يىلى ئاساسىدا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ، مۇنداق بىر نەزم يازغانىدى:

«ئۇندا شاتلىقلار تولغان ھۈنەر-ماھارەت بەيگىسى،
دوغا تىككەن زەر ۋە تىللا بەيگىلەر ئىنئامچىسى.
بەل تۇتۇپ، چېلىش قىلار پالۋان يىگىتلەر تۇشمۇ-تۇش،
تاللىنۇر پالۋان ئارا مەيدان بويىچە نوچىسى».

ئۇ كىتابىغا «ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى يىلى جۇڭگو ئايلىرىغا ئاساسلانمىغان» دەپ ئىزاھات يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇنداقتا «نورۇز» قايسى كالېندارغا ئاساسلانغان؟ شۈبھىسىزكى، زارا ئاستېرىزىم ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 12 ئاينى ئۆكەكتىكى 12 ھايۋان ياكى نەرسە نامىدا ئاتايدىغان ۋە قىيا سۈرەتلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك تامغىلاردا تەكرار گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئېپتىدائىي توتېمىزم تەۋرىچىلىقىغا ئاساسلانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرقى ئىران دىيارىدا قوللىنىۋاتقان ئاي كالېندارى — قەمەرىيىگە ئوخشىمايدىغان، ئېپتىدائىي شەكىلدىكى شەمسىيە كالېندارىغا ئاساسلانغان. زارا ئاستېرىزىم بۇ خىل ئېپتىدائىي قۇياش كالېندارىنى قوبۇل قىلدى،① بىراق ئاي ناملىرىنى بىرلەمچى نەرسە (زات) نامىدىن ئىككىلەمچى ئابستراكت سۈپەت ئىبارىلىرىگە ئالماشتۇرۇۋەتتى.

روشەنكى، قۇياش ئىلاھىغا قوشۇمچە تەڭرىلەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى باش تەڭرى سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلغان خەلقلەردىن كونا مىسىر (ئېگىپىت) لىقلار، ھەمدە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەشھۇر ئىدى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى مىسىرلىقلار 2-پىرئەۋن سېخېمدىن باشلاپ قۇياش ئىلاھى «را» غا بولغان ئېتىقادىنى پىرئەۋنىنىڭ

① «تۇرپان تېكىستلىرى» دە سوندى كالېندارى «NawsRdic» (نەۋسىردىپ) دەپ ئېستىمال قىلىنغان.

شەخسىي ئېتىقادى قىلىپقويغان ۋە «ئامون»، «مائون»، «مائاموئات» ئىلاھلىرى تەسىرىدە «را» نىڭدوپپىزى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئەكسىچە مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بۇ خىل تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرىنى شامانىزم، زارا ئاسترىزم ۋە مانىي دىنى ئۈستۈنلۈك ئالغان پۈتكۈل دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە كەمكۈتمىسىز ئىزچىل لاشتۇرۇپ كەلدى.

بۇ توغرىلىق ئا. دوروشېنكو «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك» ناملىق كىتابىدا، زارا ئاسترىزم ئۆز قاراشلىرىنى قۇياش كالېندارىغا ئاساسلىنىپ شەرھلىگەنلىكىنى، بۇ چاغدا بۇ جايلاردا مىسىرلىقلارنىڭ قۇياش كالېندارى بولمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، زارا ئاسترىزملىق قۇياش كالېندارى مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن شەرقىي ئىراندا شەكىللەنگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ①. ئا. دوروشېنكو ئۆز كىتابىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، زارا ئاسترىزم دىنىدىكى باش تەڭرى «ئاخرۇمازدا» (ئۇيغۇرلاردا ئورموز②) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇياش (كۈن) تەڭرىسى مىترادىن ئۆزگىرىپ ھاسىل قىلىنغان دېسە، ئۇ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (63 - بەتتە) ۋە ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ (68 - بەتتە) يىل بېشىنى بەلگىلەشتە قۇياشنىڭ «قوزى» (ھەمەل) بۇرجىغا توغرا كەلگەنلىكىنى ئۆلچەم قىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن③. ئەڭ قىممەتلىكى شۇكى، ھەتتا زارا ئاسترىزم مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دىمۇ نورۇزنى قوزى بۇرجى بىلەن باشلىنىدۇ دەپ يېزىلغان④. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا قىش ئاخىرىنى بېلىق (ھوت) بۇرجى، يىل بېشىنى قوزى (ھەمەل) بۇرجى بىلەن ئاتاپ كەلگەن⑤.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

«ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرىغىدىن قوزى بۇرنىغا»
(قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا)

دەپ يازسا، رابغوزى:

«كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر قىش قالمادى قارى بۇزى»
(كۈن ھەمەلگە كىرگەندە نەۋرۇزى ئالەم باشلىنىدۇ،
بەھرەمەندەك قىش كېتىپ قار - مۇزلىرىمۇ توگەيدۇ)

---

① يۇقىرىقى كىتاب 63 - بەت.
② 924 - 925 - يىللاردىكى گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇرخانىنىڭ ئىسمىمۇ ئورمۇز ئىدى.
③ ④ يۇقىرىقى كىتاب 63 - بەت.
⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» كە قارالسۇن.

دەپ يازغان.

نورۇز — نوقۇل تەبىئەت بايرىمىلا ئەمەس، ئۇ خېلى ئۇزاق بىر زامان قۇياشقا، ئوتقا ۋە يورۇقلۇققا بولغان دىنىي ئېتىقاد تۈسىنىمۇ ئېلىپ كەلدى، بۇ زارا ئاسترىزمدىن ئىلگىرىكى قۇياشقا چوقۇنۇش — تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە ۋە زارا ئاسترىزمدىن كېيىنكى ئاخرۇمازداغا سېغىنىش — دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك شەكلىدە ئىككى باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇنى ئالدى بىلەن قەيت قىلىش ھاجەتكى، ھەمگان تاغلىرىدىن ئورال تاغلىرىغىچە، جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ھىندىقۇش چوققىلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىن ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى ۋە باشلانغۇچ تۇتېمىزىملىق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ كونا ئاپىرىدەگاھلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئومۇمەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقىچە تەبىئىي غارلاردا قۇياشقا تەلمۈرۈپ، ئوتقا سېغىنىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى بىرقەدەر ئىلگىرىلا بىرونزا قوراللار ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىختىراچىلىرى بولۇپ مەيدانغا چىققىشتى. غار ۋە قىيالار ئات، بۇكۇسۇن (چاق)، قاڭقا (ھارۋا) ۋە ئاي-كۈن تامغىلىرىنى سىزىپ قالدۇرغان بۇ خەلقلەر دائىمىي يۆتكىلىپ تۇرۇش تۈپەيلى «ئالتۇن قوزۇق» يۇلتۇزىغا قاراپ تەرەپ بەلگىلەش، تەرەپلەرنى رەڭ بىلەن بەلگىلەش، ئەسىرلەرنى مۆچەلگە، يىلنى 12 بۇرچىقا (12 ئۆكەك، 12 راش) قاراپ پەسىل ۋە ئايلارغا ئايرىش ۋە ئۇنى بىۋاستە ھايۋان ياكى بۇيۇم نامىدا كونكرېت ئاتاش، پالنامە (كۆرۈم)، چۈش جوراش قاتارلىقلارنى خېلى ئىلگىرىلا دائىمىي تۇرمۇشىنىڭ ئەمەلىي كۈنتەرتىپى قىلغانىدى.

قۇياشقا چوقۇنۇش ئارئان ئانتروپولوگىيىسى ۋە تۈركىي ئېتنولوگىيىسىگە ئالاقىدار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ شەكىللەندى. قۇياش — بىر قاراشتىلا ياز ۋە قىش ئىككى پەسىلدەك بىلىنىدىغان بۇ كەڭ زېمىندا ھايات سىمۋولى، مال-چارۋا سىمۋولى، تۆت تادۇ — تۆت قۇت ئىچىدىكى ئاتا تەڭرى نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. قىيا رەسىملىرىدىن بىز ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىي مۇراسىملارنىڭ كۈنگە سېغىنىش مۇراسىمى بولغانلىقىنى، ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇل پىرلىرىنىڭ كۈنگە تاۋات قىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز①. بولۇپمۇ چوغاي تاغلىرىدىكى قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان يالغۇز ئەركەكنىڭ تەسۋىرى، پەرخانىدىكى سايمالتاش قىيالىرىغا سىزىلغان قۇياشقا تىلاۋەت قىلىپ پىرى ئۇسۇلى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەسۋىرى، قازاقىستاندىكى تامغالىق يالپاق قىيالىرىغا سىزىلغان ھەيۋەتلىك تاغ تېكىسى (ئالەم) ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان توققۇز نۇر ھالقىلىق قۇياش ئىلاھى تەسۋىرى بۇ جەھەت-

① ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

تىكى ماددىي ھۆججەتتۇر. ئېلىمىز يىلنامىلىرىدە بۇ جەھەتتە روشەن ئۇچۇر
بېرىلگەن.
خوددى قىيا تاشلارغا يونىلاق كۆن شەكلى چوشۇرۈلگەندەك ① جەسەت قەبرىگاھ-
لىقلىرىمۇ نۇرلانغان قۇياش سىمۋولىدا ئەتراپلىرىغا چەمبەرسىمان بىرقانچە قات قوزۇق
قېقىش② ياكى تاشلار تىزىش بىلەن بەجا قىلىنىدىغان بولدى. قوللىرىغا مەشئەل-
چەلپەكتوزلار كۆتۈرگەندەك، قىيالار — ئادەم ۋە مال-چارۋا شەكىللىرى يېنىغا يېنى-
ۋاتقان ئوت سىيماسى بولغان «卐»تامغىسى چوشۇرۈلىدىغان بولدى. يېڭى يىل مۇنا-
سىۋىتى بىلەن لايدىن بەخت مۇنەككەللىرى ئوبرازى ياسىلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇقداش
قەبىلىلەر ئات-قوزان قۇربانلىق قىلىپ، غار تاملىرى ۋە قىيا تاشلارغا يېڭى چىق-
قان ئاينىڭ، يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ تامغىسىنى چېكىپ، دەسلەپكى يىلنامە ئەن-
ئەنىسىنى باشلىدى.
مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى، فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ سالماق-
لىق بىر قىسمى ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھچىلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.
مۇشۇ ئادەت قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى دەۋرىدە «كۆن تۇغمىش»، «ئاي تۇغمىش»،
«كۆن تېگىن»، «ئاي تېگىن» سەلتەنەت ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، جۈملىدىن
«كۆنچى»، «كۆنەس» توپونومىلىك ئىسىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئېچىپ بەردى.
كۆك (سۇمۇلە) مەشرىپى — ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك مەدەنىيەت چەشمىلىرىنىڭ
بىرى سۈپىتىدە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ئالامەتلىرى، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ
مۇناسىپ پەسىللىرىنىڭ بىردە ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھاياتىغا يېڭى ھۆسن قوشتى. بۇ
تېخى زارا ئاستېرىزم دىنى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەن، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى شەرقىي
ئىران ۋە ماۋەرەئۇننەھرگە قەدەم قويمىغان، ھېرودوتۇس، سترابون، كورتىنىي رۇف،
ئوررىئان، پولىئارىخ قاتارلىق تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ
خوددى گرېتسىيىدىكى «دىئونۇس بايرىمى» دەك مەشرەپ (Mayxirəb) بايراملىرىنىڭ
بارلىقى ھەققىدە تېخى قەلەم تەۋرەتمىگەن چاغلار ئىدى. «دىۋان لۇغەتت تۈرك»
شۇ خىل خەلق بەزمە قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆرسەتكەندە بۇ بىر قوشاقنى
خاتىرىلىگەنىدى.

«ئۈۋرىق باشى قازلايۇر،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قوزى كەزلەيۇ
تۈن-كۈن بىلە سەۋنەلىم»

① كۆكتوقايدىكى قامبالتاش، پەرغانىدىكى سايمالتاش قىيا رەسىملىرى بۇنىڭغا مىسال.
② لوپنۇردىن تېپىلغان يەتتە قاتار چەمبەرسىمان قوزۇققا ئورالغان كونا قەبرە ئۇنىڭغا
مىسال.

بۇ قوشاقتىكى «مەي ئۆرۈقلىرى غازدەك تىكلەندى، قەدەھلەر كۆزى مەيگە تولدى» دېگەن سۆزدىن كېيىنكى جۈملىدىكى «قوزى» ئىبارىسى ئەگەر «قوزى يازغى يۇلتۇز باسا ئوت كىلۇر» (قوزى باھار يۇلتۇزى، ئارقىسىدىن كالا كېلىدۇ) دېگەندىكىدەك باھار باشلانغان ئاينى ئىپادىلىسە، ئۇ چاغدا بۇ قوشاقنىڭ ھەقىقىي يەشمىسى مۇنداق بولىدۇ.

(ئۆرۈق بېشى غازدەك تىكلەندى،
قەدەھدە مەي بېلىق كۆزى بولدى،
كەلدى ئارقىدىن قوزى كۆرۈنۈپ،
كەل يار كۈن - تۈن ئوينايلى ئەمدى.)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ نورۇز قوشاقلىرىدىن بىر نەمۇنە بولغان.

## 2. نورۇز بايرىمى ۋە زارا ئاستىرىزم ئېتىقادى

ھەممىگە ئايانكى، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبىلىلىرى ئۆز تارىخىدا كۆچۈش ۋە يۆتكىلىش ھادىسىسى، قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش ۋە قايتا تەشكىللىنىش ھادىسى، دىن ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھادىسىسىنى شۇنداق تەكرار، شۇنداق تېپىك گەۋدىلەندۈرىدۇكى، ئۇنى ئېتنولوگىيىدىكى گولىپستىرىم ئېقىمى قانۇنىيىتى دېيىش مۇمكىن! شەرققە يۈرۈش قىلغان دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۇزۇل - كېسىل ھالاكىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، سۇمىرلار، ئارىيانلار، سىكىتاي - ماساگىتلار، ھون ۋە ئاۋارلار، سالجۇق ۋە موڭغۇللار، ئەڭ ئاخىرى تۆمۈرلەڭ ۋە بابۇر چەۋەندازلىرى قارا دېڭىز ساھىلى، مىسىر دىيارى، رىم ئىمپېرىيىسى، مىسوپوتومىيە ۋادىسى، ئىلام ئېگىزلىكى ۋە ھىند دەريا ۋادىلىرىغا مەڭگۈلۈك ئېتىنىك ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرى چېچىپ كېتىشكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالىغان ئەمەس.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭىنچى يىللار بېشىدا تىگىر - ئېۋفرات ۋادىسىدا تۇنجى «شەھەر قەلئە» مەملىكىتى قۇرغان سۇمىرلىقلار قەدىمكى مىسوپوتومىيە ئەپسانىلىرىدا تۇپان بالاسىدىن كېيىن پەيدا بولغان خانلىق دەپ تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. رىئو - سودرا (ئوتنا پەچىچىم) نامىدا ئاتالغان سۇمىر قەھرىمانىنىڭ ئىسمىمۇ ئارىيان تەلەپپۇزلىرىغا ئوخشايتتى. بۇندىن تۆت مىڭ ئالتە يۈز يىل ئىلگىرىكى مۆلچەرلەنگەن سۇمىر قەبىلىلىرىدىن چىققان تۆت چاسا تاغار شەكىللىك قوپال يۈڭ توقۇلما كىيىم بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قوغۇشۇن مېتاللار تارىخچىلار ئارىسىدا سۇمىرلىقلار بۇ كان قېزىلمىسى بولمىغان ھەم ھاۋاسى ئىسسىق دىيارغا ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسى-
يادىن كۆچۈپ كەلگەن دېگەن قاراشقا ئاساس سېلىپ قويىدى.

شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ ھىندىستان ۋە ئىلام ئېگىزلىكىگە قىسمەن

كۆچۈشلىرى ھىندىستان ۋە ئىران ئاھالىسى تارىخىدا يېڭى ئېتنىك قاتلام تەشكىل قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سىكىتاي (سىكىف) چەۋەندازلىرى قارا دېڭىز ۋە كىچىك ئاسىيا زېمىنىنى ئەگىپ غەربىي ئاسىيا زېمىنىدا پەيدا بولغانىدى. ئاسورىيە پادىشاھى ئاسارخادون گەرچە قىزىل دېڭىزدا تولۇم كېمىلىرى بىلەن دەبدەبە قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، سىكىتاي چەۋەندازلىرى سەركەردىسى پارتا تۇڭاگا ئۆز قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئىلەم ئېگىزلىكىدە «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئەپراسىياب (ئالب ئەرتۇڭا) بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. زاراتاسترىزىم ئېتىقادى مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تېرىقچىلىق ۋە ئولتۇراقلىشىش ھادىسىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك ئىپادىسى ۋە ھامىيسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئۆز سەھىپىلىرىدە ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن گىرشاسپ بىلەن ئەپراسىياب سۆزلەنگەن① زاراتاسترىزىم ئىلاھىيەت كىتابى «ئاۋىستا» نىڭ «ياشتا» قىسمىدا، يەنە «تورا» ئىبارىسى ئاستىدا بارلىق سىكىتاي (ساك، ماساگىت) قەبىلىلىرىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن②، ساكلارنى بەزى تارىخچىلار پەرەز بىلەنلا ئېيتقاندەك قانداقتۇر ئىرانى خەلق دەپ ئەمەس، بەلكى تۇران دىيارىدا ياشىغۇچى جەڭگىۋار تۇرلار ③دەپ تىلغا ئالغان.

زاراتاسترىزىم دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ قەدىمكى قۇياش ۋە ئاتەش ئېتىقادىنى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئانىمىزملىق (رەببۇنىنەۋى) شەكلىدىن ئابستراكتلاشقان دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك باسقۇچىغا كۆتۈرگەندە، يېڭى يىل نورۇز كالېندارى ۋە نورۇز بايرىمى پائالىيەتلىرىگە يېڭى تۈس ۋە مەزمۇنلار بېغىشلىدى.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» دە گەرچە جەمشىد زامانىدا نورۇز بايرىمى رەسمىي جاكارلانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ:

«جاھانغا نۇر — زىيا ساچار پادىشاھ،
بۇ نەۋرۇز كۈنى بولدى تەخت ئۆزرەجا.
يىغىلدى ئۇلۇغلار، ھەمە شاد - خۇش،
مەي، ئۇسسۇل بىلەن چالغۇ تاپتى خۇرۇش».

دەپ تىلغا ئالسىمۇ، ئەپسانىۋى پىشالىتلار پادىشاھلىقى دەۋرىدە تېخى زاراتاسترىزىم دىنى شەكىللەنمىگەنىدى. بۇ ئۇلۇغ ئىران پوئېزىيە ئەزىمىتى جەمشىد ۋە نورۇز كە-

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1956 - يىل تاشكەنت نەشرى، 1 - توم، 59 - بەتكە قارالسۇن.
② ئا. دوروشېنكو: «ئىراندا ئاتەشپەرەسلىك»، 11 - بەتكە قارالسۇن.
⑧ «شەرق يۇلتۇزى»، 1983 - يىل، 9 - سان، 149 - بەت، تاشكەنت يىلنامىسىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com



ۋېرىنى خەلق رىۋايەتلىرىدىن ئالغان. غەيرىي يازما رىۋايەتتە قۇرغاقچىلىققا دۇچ كەلگەن پادىشاھ جەمشىد قانال قازدۇرۇپ، سۇغا مەدھىيە ئوقۇلغان تەنتەنىلەر ئۆيۈشتۈرگان، دېيىلگەن.

فىردەۋسى رىۋايەتلەرنىڭ بىر خىل بولماسلىقى ئالدىدا ئىككىلەنگەن ۋە ساسانىيلارغا مەنسۇپ «بەھرام گور»، «خۇسراۋ پەرۋىز ۋە شىرىن»، «يەزدىگىر پادىشاھلىقى» داستانلىرىدا نورۇز ھەققىدە مۇنداق توختالغان:

«ئول مۇشكبۇي پەردەسىن يايغاندا ئالەم،
ئەنبەرگە بېكىتتى يۈزدىن قۇياش ھەم.
يەنە شىتاب ئەيلەپ بۇ چەرخى گەردۇن.
فەراغەت ئۈيقىدىن ئويغاندى مەمنۇن»

نەۋرۇزدا سالدىلار ئۇ شۇل جامەنى،
شادلىقتىن ئايرىتىپ ئول بەدكامەنى،
ئول جامە ئۈستىدە مەجلىس قۇردىلەر،
مەي ئىچىپ، كۆي تىڭلاپ سايا سۇردىلەر.»

«پەقەت سادا چاغىدا نەۋرۇز پەسلى،
مۇيەسسەر بولار ئىدى بۇزرگۋار نەسلى».

ئەسلى ئىران ئەپسانىلىرىدە ساسانى پادىشاھلىرىدىن پېروز زامانىدا قۇرغاقچىلىق ھەددىدىن زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن، پېروز پادىشاھ ئادارخوررا تېغىغا چىقىپ باش ئەگرى ئاخرۇمازدادىن يامغۇر - يېغىنى تىلىگەن. نەتىجىدە يامغۇر ياغقان. پېرۇز بۇ تاغقا «قام-پېرۇز» ناملىق ئىبادەتخانا سالدۇرغان. بۇ «پېرۇز ئۈمىدى» دېگەنىدى، دېيىلىدۇ. ۋەھالەنكى، «قام» قامان — شامان ئېتىقادىدىكى ئىبارىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «شەرھى ئاسامىل مۇسلىمىن» دا ئېيتىلىشىچە، شامان باقشى — پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە «ئامان»، «ئۈمىد»، «جىسام»، «ئەركىل»، «دېۋىل»، «تابقىر»، «ياۋقە» قاتارلىقلار بولغان.

زاراتاستىرىزم دىنى ئىجادچىسى ئوستىرا ئوتتۇرا ئاسىيا قۇياش ئېتىقادىغا ئاساسلىنىپ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تورانى خەلقلەر تۈرمۈش ئادەتلىرىگە تايىنىپ ئۆز قاراشلىرىنى تەشكىللىدى. ئۇ «ئاۋىستا» دا توران ئاھالىسىنىڭ ئەر باش تەگرىنى قۇياش، ئايال باش تەگرىنى يەر-سۇ دەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭغا زامانداش تارىخچى سىترابوننىڭ: ماساگىتلار قۇياشنى تەگرى بىلىپ، ئات قۇربانلىق قىلىدۇ دېگەن قاراشلىرىغا ئوخشايتتى. ئوستىرا توران زۇننىلىرىدىكى قوش ئۆركەشلىك تۆگە ۋە ئىراندا چەكلىنىدىغان ئات قىمىزى، كالا گۆشى يېيىش ھەققىدە

راۋان سۆزلىگەندى. بىراق ئەھمانىلار ــ ئىران ئىمپىراتورلىرى زاراتاسترىزىم قۇياش كالېندارىنى قوبۇل قىلمىدى، يەنىلا نۇتتۇرا ئاسىيا ئاتەشپەرەسلىكىنىڭ مۇھىم ئىستىقامەتگاھى بولۇپ قالدى. ئېھتىمال، ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە نويۇشقان قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايراملىرىنى شۇندىن كېيىن «نورۇز» نامىدا قايتا ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەڭ كونا زاراتاسترىزىم قۇياش كالېندارى بويىچە نورۇز كۈنى كېچە ـ كۈندۈز تەڭشەلگەن كۈن (ھازىرقى كالېندار بويىچە بىر قەرنەدىكى چوڭ ـ كىچىك يىللارنىڭ 9 ــ 21 ـ مارت ئارىسىدىكى كۈنلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. بىر يىل 365 كۈن دەپ قارالغان ئەنئەنە بويىچە، كونا يىلغا 360 كۈن توشۇپ، يېڭى يىلغا 5 كۈن قالغاندا نورۇز پائالىيىتى باشلىنىدىغان، بۇ چاغدا بارلىق ئاتەشپەرەسلەر بىر قاچىغا بۇغداي، ئارپا ۋە ماش تېرىپ، ئىسسىق جايدا ئۈستۈرۈشەتتى، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت جايغا ئوت قالاپ، «ئاۋىستا» دىكى قىرائەت سۈرىلىرى ئوقۇلاتتى، ئۆيگە قۇياش نۇرىغا قارىتىپ ئەينەك تىكلەپ قويۇلاتتى، بەش كۈن تولۇپ، يېڭى باھار كۈنى ــ نورۇز كۈنى كىرگەندە ھېلىقى ئەينەككە چۈشكەن نۇر ئارقىلىق كۆرۈپ، روھلىنىپ، چاچقۇلار چېچىشىپ بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشەتتى. شۇندىن باشلاپ نورۇز بايرىمى ئاخرۇمازدا (ئۇرمۇز) تۇغۇلغان كۈن بايرىمى ئۆيدىن سىرتقا كېڭىيىپ 12 كۈن داۋا قىلاتتى. 13 ـ كۈنى ھەممە كىشى بۇ كۈننى ئەنخىرا مەينۇ (ئەخرىمەن) دېۋە كېلىدىغان بەختسىز قارا كۈن ھېسابلاپ، قايتىدىن ئۆيلىرىگە كىرىشۋالاتتى.

«ئاۋىستا» كىتابىدا بىر يىلدىكى 12 ئاي ناملىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدىكى كونكرېت ھايۋان ۋە بويۇم ناملىرىدىن ئاخرۇمازدا سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئابستراكت ــ روھانىي ناملار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. بۇ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگۈچى يەنە بىر دەلىلدۇر. مەلۇمكى، ئابستراكت ــ دىنىي ئىلاھىيەتچىل ناملار كېيىنكى تەسەۋۋۇر يالدامىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! سېلىشتۇرما مۇنداق:

| ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كالېندارىدا: | ئاۋىستا كالېندارىدا: |
| --- | --- |
| 1 ـ قوزى | فەرۋەسى ياكى فەرۋەردىن (ئالەم روھى) |
| 2 ـ ئۇي (كالا) | ئەشەۋەخىشقا (ئارتا يۇلتۇز نۇرى) |
| 3 ـ يەرەندىز (قوشماقلار) | خەرۋەتەت (سالامەتلىك ئىلاھى) |
| 4 ـ قوچىق (قىسقۇچ پاقا) | تىشتىرىيە (بۆرە يۇلتۇزى) |
| 5 ـ ئارسلان | ئامىرېتات (ئۆلمەس روھ) |
| 6 ـ بۇغداي بېشى | مىترا (توختام، نۇر ۋە ئاسمان ئىلاھى) |
| 7 ـ تاروزا (ئۆلگۈ) | ئاپو (سۇ ئىلاھى) |
| 8 ـ چايان | ئادار (ئوت) |
| 9 ـ يا | داتۇش (ياراتماقلىق ئاخرۇمازدا بەلگىسى) |
| 10 ـ ئوغلاق | |
| 11 ـ سۇغا (كۆنەك) | ۋاخۇماناخ (ياخشى پىكىر) |
| 12 ـ بېلىق | سىپىنتا ئارماتى (مۇلايىم، ئەدەبلىك) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، بۇ سېلىشتۇرما پەقەت ئاي نامىلىرى سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ۋاقىت تەققاسلىقى سېلىشتۇرمىسى ئەمەس. «جۇنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» 50 - جىلدى بىلەن «كونا تاڭنامە» 198 - جىلدىدا: پېرسىيەدە (ئىراندا) 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى يىل باشلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ 1 - ئاي (قوزى)، 6 - ئايغا توغرا كېلىپ قالغان. مېنىڭچە، بىز كۆپ ھاللاردا نورۇز بايرىمى بىلەن ئىسسىق ۋە قۇرغاق ئىراندا 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ تەلەپ قىلىش بايرىمى «ئەبرى زاغان» (ئەفرددىغان، دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)نى ئارىلاشتۇرۇپ قويساق كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا: «مەنتارىق ئاتلىق قوزى چېچەك» مەنتارىق ئاتلىق باش باھار گۈلى. «ئالتۇن يارۇغ»دا، «قوزى يازغى يۇلتۇز باشى ئود كېلۇر» (باھار يۇلتۇزىنىڭ بېشى قوزى، كەينىدىن كېلىدىغىنى كالا. «قۇتادغۇ بىلىك»دە) دېگەن سۆز بىلەن بىللە يەنە قوزى سۆزىنى «سۆيۈملۈك» مەنىسىدە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. ئارغۇلار يەنە قوي، قوزىنى «قۇن» دەپ، قوي ئاران ئۆتىدىغان تارجىلارنى «قونجىرا» دەپ ئاتىشاتتى.

ئىسلامىيەتنىڭ ساسانىيلار پادىشاھلىقىنى ھالاك قىلىشىغا ئەگىشىپ زارائاستىرىزم ئالامەتلىرىگە بەرھەم بېرىلدى. خەلىپە مۇتەۋەككىلى (847 — 861) دەۋرىدىن باشلاپ بۇ خىل «كۇففار» كالېندار رىجىسىگە قارشى يېڭى كالېندار تەقۋىملىرى بەلگىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. مۇسا خارەزمى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇلۇغبېگ قاتارلىق ئالىملار ئوخشىمىغان دەۋرلەردە كالېندار بەلگىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئەسەر ئۆمەر ھەييام (1048 — 1131)نىڭ «نەۋرۇزنامە» سىدىن ئىبارەت. ئۆمەر ھەييام 33 يىلدا بىر قېتىم پۈتكۈل يىللار تەكرارلىنىپ ئۆز ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ، 33 يىلنى بىر ئايلانما قەرىنە قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭچە، 33 يىل ئىچىدە 25 يىل 365 كۈندىن، 8 يىل 366 كۈندىن بولۇپ، ئۇلار 8-، 12-، 16-، 28-، 33- - يىللار ئىدى. ئۆمەر ھەييام قەمەرىيە ھېسابى بويىچە 22 - مارتنى يېڭى يىل باشلانغان يىل ھېسابلىدى. بۇ زىچە گەرچە 1079 - يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ھەم يېڭى يىل بېشى «نەۋرۇز» ئاتالغان بولسىمۇ زارا توستىرا مۇخلىسلىرى داۋاملاشتۇرغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا يېڭى يىل بايرىمى خاتىرە پائالىيەتلىرى مەزمۇنەن تەقىپ قىلىنغانىدى. كېيىنچە ئۇلۇغبېگ (1394 — 1405)، «زىچە جەدىد كورگانى» ناملىق يېڭى كالېندار تۈزۈپ، ھەممە يىلنى ئوخشاشلا 365 كۈن 6 سائەت 10 مىنۇت 8 سېكۇنتقا ئاجراتقان بولسىمۇ، ئۇ نورۇز بايرىمى ئىشلىرىنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ مۇئەييەن قاراتمىسى قىلمىغانىدى. ئۇلۇغبېگ زىچەلىرىنى گرىگورىيان تولۇقلىدى.

نورۇز ھەققىدە خوجا ئابدۇللاھ مۇھەممەت ئىمىن ئەلى ئەل ئىمىن ھەسەن بىننى بەشەر ئەل ھەكىم ئەت تېرمىزى (قىسقارتىلمىسى خوجا ئەلى تېرمىزى، 859 — 932) «نەۋرۇزنامە» ناملىق تەسەۋۋۇپ ئەسىرى يېزىپ، ھەر يىلقى نورۇز ھەپتىسىنىڭ قايسى

كۈنى كىرسە شۇ يىلقى ھالەت قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان. بۇنىدىن باشقا ئۇ يەنە ھەربىر نورۇز قايسى مۆچەل يىلى كىرسە شۇ يىلقى ھادىسىلەر توغرىسىدا «رىسالەئى سالنامە» ناملىق ئەسەر يازغان.

## 3. نورۇز بايرىمى — ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەررۈك تەركىبى

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئېتنىك گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان غەربىي دىيار ئاھالىسى مەدەنىيەت تارىخىدا نورۇز ئىككى ئاساسىي باسقۇچنى — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇددا ۋە مانىزىم ئېتىقادى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر قەبىلىرى يەنىلا قۇياش ئېتىقادى ۋە ئاتەشكە سېغىنىش ئالامەتلىرىنى ئەينى زامان دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش فولكلور قاتلىمىغا سىڭدۈرۈپ كەلدى. ئۇلار زارا ئاسترا دىنىنى «زىرۇچ»، مىترا، مىررا ئىلاھلىرىنى «تەڭرى ئوغلى ئىر سەزنەرن»، ئاخرۇمازدا ئىلاھىنى «ئۇرمۇز بۇرجان»① دەپ ئاتاشتى. موللىيىر ئېلان قىلغان تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بۇددا تېكىستلىرىدە: «بىزنىڭكى تاپىنىغۇ يۈكۈنگۈ ئېردىنى»، «بۈكۈن كۈنگە تېگى موغۇقلار ئوتقا تاپىنماق تىلتاغى بۇ ئېرۇر». «بىزگە تېۋۈنمىش، يۈكۈنۈش ئادەت»، («بۈگۈن كۈن سىماسى بولغان ئوتقا چوقۇنماق خاھىشى مۇنداقتۇر») دېگەن جۈملىلەر ئۇچرىسا، لېكوك تۇرپاندىن تاپقان ئۇيغۇرچە مانى دۇئاسىدا: «يورۇقلۇق بىلەن تۆت تادو قوشۇلۇپ ئالەم تەڭرىسى ئورمۇزدىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان» دېگەن سۆزلەر پۈتۈلگەن.

بىز شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، كېيىنچە سۈي - تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىيار باھار — نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ، لياڭجۇلاردا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تورىكانى، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنى ئوتتۇرا دىيارغا تونۇشتۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتاقلىق خانىش ئاسىنە تەسىرىدە كۇسەنىلىك سۇجۇب ۋە ئۇنىڭ 52 تېمپېراتسىيىلىك مۇزىكشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا نورۇز پائالىيىتىمۇ چاڭئەنگە كىرگەن. ئۇ يۇەنداشياڭنىڭ تۇنجى يىلى (579) 11 - ئايدا ئاسىنە رىياسەتچىلىكىدە چاڭئەندە 5 - قېتىملىق نورۇز — سۇمۇز پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. نورۇز — سۇمۇز پائالىيىتى تاكى كەيۇەن يىللىرىدىن كېيىن ئۆڭلۈك (روشەن بۇخارى) — سۆيگۈن توپىلىڭى مۇناسىۋىتى بىلەن چاڭئەن - لوياڭلاردا داۋاملىشىشتىن توختىغان. شۇنداق بولسىمۇ نورۇز پائالىيىتىنىڭ چاڭئەندە ئىككى يېرىم ئەسىر ئىناۋەتلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخىي رېئاللىق. خې چاۋنىڭ «مەيخانىدىكى خۇ قىزىغا ئاتاپ» دېگەن نەزمىسىگە قارىغاندا شۇ چاغدا چاڭئەندە نورۇز ناملىق مەيخانىلار بولغانلىقى مەلۇم. نەزم مۇنداق باشلانغان:

① «ئالتۇن يارۇق» قا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرۇر ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەيتارى چالغۇ، تۈن ئارا جاڭ-جاڭ چېكىپ.
سۇس قىراۋ بولسىمۇ ئاستى، ئۈستىدە بولغۇن جۇگا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىگە ئاي تۇرار شولا چېچىپ».

لى بەي «باھار كېچىسى لوياڭدا نەي ئاڭلاش» دېگەن شېئىرىدا غەربىي دىيارلىق مۇساپىرلارنىڭ مەشھۇر يۇرت سېغىنىش كۈيى بولغان «سۇنغان تاللار» كۈيىگە نەي چالغىنىدا لوياڭدا تۇرۇپ قالغان باشقا يۇرتلۇقلارنىڭمۇ بۇ ئايەم كېچىسى ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدىغانلىقىنى مۇنداق يازغانىدى:

«قايسى ئۆيكىن قاشتېشى نەينىڭ ساداسى مۇڭلىغان،
تولدى لوياڭ شەھىرىمۇ زوقۇ ھاۋاغا شۇ ھامان.
نەغمىدىن سۇنغان سۆگەتتال كۈيىنى ئاڭلاپ كېچە،
يوق كىشى يۇرتىنىڭ سېغىنچى قەلبىنى تولدۇرمىغان».

غەربىي دىيارنىڭ كۇسەن، ئىدىقۇت، قاراشەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدا كەڭ ئوينىلىدىغان نوروز مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن بىرى «سۇمۇز» بەزمىسى بولغان. «سۇمۇز» مەشرىپى ھەققىدە قەشقەرلىق مەشھۇر بۇددا ئالىمى خۇيلان (737—820) «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھى»، دۇەن چىڭشى «يويياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى». «يېڭى تاڭنامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»، «جۇنامە.پادىشاھشۇەندى خاتىرىلىرى»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى. 34-جىلد نەغمە بۆلۈم»، «قامۇسنامە»، «كىتاب مەھكىمىسىنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى»، «ھۆججەتلەر ئۈستىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» ۋاڭ مىڭچاڭ يازغان «دەبدەبە نامە»، «بۈيۈك ياپون تارىخى. ئەدەب نەغمىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كەڭ تەلقىن قىلىنغان. يۇقىرىقى كىتابلاردا شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا ئېپكىرىلگەن بۇ ئويۇننىڭ ۋۇزېتيەن زامانىدىن باشلاپ خانلىق ئىشتىراك قىلىپ، كۆرىدىغان ھالەتتە قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىزاھلانغان. يۇقىرىقى كىتابلار بىردەك بۇ ئويۇننىڭ قىش ئاخىرلىشىپ باھار كىرىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ۋۇ زېتيەننىڭ شىڭلۇڭ 2-يىلى (705) 3-ئايدا بۇ ئويۇن يەتتە كۈن داۋام قىلىنغانلىقى، جىڭيۈننىڭ 2-يىلى (711) يىل ئاخىرىدا تاڭ شۇەندىنىڭ كېيىيۈەن 7-يىلى (719) 3-ئاينىڭ 9-كۈنى بۇ ئويۇننىڭ ئوينالغانلىقى، سۇمۇز ئويۇنى بەزىدە «سارت مۇز»، «سامۇز» نامىدا چاڭئەننىڭ لىچۈەن مەھەللىسىدە، لوياڭنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا ئوينالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئالاھىدە ئېتنىك تۈس ئالغان نوروز بەزمىسى «سۇمۇز»، «سوغۇقتا سۇ چېچىپ مۇزلىتىدىغان غوز ئويۇنى» (泼寒胡戏) بولۇپ، ئۇ قۇرغاق زېمىندىكى سۇغا بولغان

تەشنالىقىنى ئىزهار قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن تولغانىدى. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىلەن خەلق ئارىسىدا ساقلانغان:

«يىل بېشى نورۇز كۈلى
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابۇ رەھمەت ياغقۇسى».

دېگەن بېيىت مەزمۇنلىرى ئوخشاش بولغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئويۇن «كۆك كۆز، قىزغۇچ ساقال غەربىي دىيارلىق ئوغۇزلار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ»، «باشلىرىغا ئۈنچە - ياقۇت تاج كىيىپ ناخشا - ئۇسسۇل ئوينايدۇ»، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گۈلىوپۇقدالغان غوز تۇلپارلىرىغا مىنىشىپ مەيدانغا كىرسە، بىر قىسمى يېرىم يالىڭاچ، پىيادە مېڭىپ، قوللىرىغا سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇم تۇتۇپ مەيدانغا كىرىشىدۇ»، «دەرھال قاينام - چۇقانلىق»، «داقا - دۇمباقلىق ئۇسسۇل» مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ، «سۇ چېچىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ»، ناخشا تېكىستلىرى تيەنباۋنىڭ 13 - يىلى (مىلادى 754- يىلى) «تەشەككۇر شاھىمىزنىڭ شەپقىتىگە» دەپ ئۆزگەرتىلگەن، دەپ ئىزاھلانغان.

«سۇمۇز» گەرچە تۇلۇمغا سۇ ئېلىپ چېچىپ مۇز ھاسىل قىلىدىغان ئويۇن بولسىمۇ، ئۇ «كۆك مەشرىپى» ئىدى، «كۆك مەشرىپى» دەسلەپ «سۇما» ① — ئۇندۇرمە نامىدا ئاتالغان. سۇما مەشرىپىدە تەييارلىنىدىغان نورۇز تامىقى «سۇمۇلەگ» دېيىلەتتى.

نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن خان ئوردىسىدىمۇ بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلگەن. جاڭخو ئۆزىنىڭ «بورناچ ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا نەۋ باھار مۇناسىۋىتى بىلەن شىڭچىڭ گۇەن قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزمىدىكى ساقى (بورناچ) ئۇسسۇلى توغرىسىدا مۇنداق يازغانىدى:

«نەۋ باھار جەنۇبىي باغدا گۈل يۈزىن ئاچقانىدا،
لياڭجۇ بەزمىگە ئۇسسۇل ئەۋجىگىمۇ چىقتى يانا.
قولىدا ئالتۇن قەدەھ ئۇسسۇل تۇگەركى چاغىدا،
ئالدى شاھىم بىر كۈلۈپ تۇتقان قەدەھنى قولىغا.»

نورۇز بايرىمىدا ساقادى ئويناش ئەھۋالىمۇ يېزىپ قالدۇرۇلغان. جاڭ زۇ «ئوردا ۋە ئاۋام خاتىرىلىرى». «كونا تاڭنامە. رۇي زۇڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابلاردا شەنيەننىڭ 2 - يىلى (713 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 15 - 16 - كۈنلىرى ئەنفۇمەن دەرۋازىسى سىرتىدا 20 جاڭ ئېگىزلىكتە ساقادى — پانۇس چىراغ چاقپەلىكى ئورنىتىلىپ ئۈچ

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 323 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆن بەزمە قىلىنغانلىقى، پادىشاھ رويى زۆكىنىڭ بۇ ئويۇنىنى كۆرگىسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - 2 - كۈنلىرى يەنىشىمىن دەرۋازىسى يېنىدا ساقادى ئوينالغانلىقى، پادىشاھنىڭ غەربىي دىيارلىق ئاتەشپەرەس راھىب پوتو بىلەن دەرۋازا راۋىقىدا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقى يېزىلغان. «جىلىڭ - چۇ سالنامىلىرى» دا ساقادى — پىرقىرىغۇچ چاق ئويۇنىنى شىمالىي غوز ئويۇنى دەپ ئىزاھلىغان.

سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دا: «ئاياللار باشلىرىغا سومۇز دېگەن ياغ دوپپا كىيىدۇ؛ كۈمۈش ياكى سېرىق مىس قاچىلارغا سۇ قاچىلاپ قىزغىنلىقتا بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىدۇ» دەپ يازغان.①

شۇنى تىركەپ كېتىش ھاجەتكى، قەدىمكى جەڭگىۋار تۇرلاردىن ماساگېتلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىدىن ھاسىل بولغان ۋە جۇڭگو يىلنامىلىرىدا «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان سوغدىلار ئىزچىل ھون، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەسىرىدە بولۇپ كەلدى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى. سوغدىلار ئارىسىدا نورۇز (Nau-satd) پائالىيىتى خېلى قويۇق ساقلانغانىدى. سوغدىلار ئەمەلىيەتتە بۇخارا - سەمەر قەنتتىن باشقا يەنە تۇرپان - لوپ ئويمانلىقلىرىدا، جەنۇبىي ئوردۇستىكى ئالتە سۇ رايونىدا ياشىدى. «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «سوغۇق بۇدۇن قوب كېلىشى» (سوغدى ئىلى تولۇق كېلىشتى) دېيىلسە، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» دا: «سوغداق تاپقاچقا سىلەنكادا باي بالىق ياپتى بەرتىم» (سوغدى بىلەن تاپقاچقا سېلىنگىدا باي شەھەر بەردىم» دېيىلگەن. «بىلكە قاغان مەڭگۇ تېشى» دا: «سېكىز يىگىرمە ياشىما ئالتى سوپ سوغداق تاپا سۆلەتىم» (28 يېشىمدا ئالتە سۇدىكى سوغدىلار يېرىگە يۈرۈش قىلدىم) دېيىلگەن. ئەينى يىللاردا سوغدىلار نورۇز پائالىيەتلىرىگە كەڭ قاتناشقان.

يەنە شۇنى دىققەتكە سازاۋەركى، جەنۇبىي جۇڭگودىكى تەيزۇ ۋە بۇلاڭ، بىڭلۇڭ، ئاچاڭ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ يېڭى يىل بايرىمىدا سۇ چېچىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. تەيزۇچە «شاڭگەن» (尚干)، تايلاندچە، لائوس ۋە كامبودژىدا «سۇڭكەن» (宋干) دەپ ئاتالغان ۋە ئەسلى ئارىيانچە «چاغان» دەپ ئاتالغان باش باھار بايرىمى ئەسلىدە ئارىيانچە، كېيىنچە سانسكرىتتە «پىرقىراش»، «يىل ئۆرۈلۈش»، «پەلەك چەرخى پىرقىراش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، دەل بىزنىڭ ساقادى ئويۇنىمىزدىكى «ساقا» ئىبارىسىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇلار مىنايا بۇددىزمى ۋاسىتىسى بىلەن 12 ئۆكەكتىكى بېلىق قوزا ئېيىغا ئۆتكەن ۋاقىتنى يېڭى يىل بېشى دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى، بۇ ۋاقىت تەيزۇكالېندارىنىڭ 6 - ئايغا، مىلادىنىڭ 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا

① تيەن بيەن شاڭشۇن: «شەرقىي ئوكيان مۇزىكا - تارىخى»، 116 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

كېلىدىكەن. تەيزۇ كالېندارى «زۇپىڭگى لى» (祖明鳴历) كالېندارى دەپ ئاتىل-
دىغان بولۇپ، ئۇنى «شىدەن كالېندارى» (西坦历) دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئۇلار
بۇ كالېندارنى تاڭ سۇلالىسى گۇەنجىڭنىڭ 3 - يىلى — 638 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 -
كۈنىدىن (يېڭى يىل كۈنى) باشلاپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. ① بۇ نېمىنى
كۆرسىتىدۇ؟

بۇ قورغاق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىدىن پەرقلىق بولغان بۇ
سۇلۇق دىياردا نورۇز — ساقان بايرىمىنىڭ يېڭى يىلنى بېلىق بۇرجىدىن قوي
بۇرجىغا كىرىشتىن باشلايدىغان خەلقلەردىن — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا
خەلقلىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ تۆت پەسىل روشەن بولغان كالېندارچىلىق قائىدىسى بۇ ئىسسىق
پەسىل، يامغۇرلۇق پەسىل، سالقىن پەسىلدىن ئىبارەت ئۈچ پەسىل ھۆكۈم سۈرىدىغان
سۇلۇق دىيارغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى ھۆل - يېغىن تىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈدىغان
«سۇ مۇز» پائالىيىتى، بۇ سۇلۇق رايوندا ھاۋانىڭ قىزىپ كېتىپ، جىن - ئالۋاستىد-
لارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قارشى «سۇ چېچىش بايرىمى» شەكلىدە قوبۇل قىلىنغانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايرام زارا ئاسترىزىم — بۇددىزىم ھىنايانا مەدەنىيەتلىرى
ئارىلاشقان زامانلاردا تارقالغاندەك قىلىدۇ. بىز بۇ سۇلۇق دىياردا يېڭى يىلنى
قېيىق بەلگىسى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى ئويلىغىنىمىزدا، بايقال - لىنا دەرياسى
ئاغزىدىكى چىڭگىزخان جىلغىسىغا (بۇ نام كېيىنكى نام، ئەلۋەتتە) سىزىلغان قىيا
سۈرەتلىرىدىكى قېيىق بەيگىسى كۆرۈنۈشلىرىنى قەدىمكى نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ
تەسۋىرى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدا نورۇز ئەنئەنىۋى
مىللىي بايرام سۈپىتىدە ئىزچىللىشىۋەردى. ئۇ پەقەت ئاتەشپەرەسلىك دىنىي
يېپىنچىلىرىنى چۆرۈۋەتتى، خالاس.

نورۇز پائالىيىتى ئەرەب سەركەردىلىرى قاتتىق باستۇرۇپ كىرگەن بۇخارا -
سەمەرقەنت رايونىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى. شۇنداقتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا غوز
تۈركلىرى بۇ ئەنئەنىنى ئۇزاق زامان داۋاملاشتۇرۇشتى. ئۇلار بەزىدە بۇخارا
يېنىدا ئەپراسىياپ دەۋرىدىن قالغان سىياۋۇش قەبرىگە خۇددى «ئوغۇزنامە» دە
تەسۋىرلەنگىنىدەك ئاتەش رەڭلىك خوراز قۇربانلىق قىلىش باھانىسىدا زارائاسترىزىم
شەكلىدىكى نورۇز پائالىيىتى ئېلىپ بارسا، بەزىدە يىراق جىلغا ۋە غارلاردا نورۇز

⑯ جاڭ فۇسەن بىلەن جۇ گۇاڭيۈي يازغان «باشلانغۇچ ئادەم نەزەرىدىكى جاھان»
ناملىق كىتاب، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 155 — 157 - بەتلەرگە؛
جەن زۇلىن: «مۇز پەسلى ئويۇنى ۋە سۇ چېچىش بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى» (شاگدا
ئەپەندىنى خاتىرىلەش ماقالىلەر توپلىمى) 100 — 103 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەشرەپلىرى ئېلىپ بېرىشتى. راخمانوۋ «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 63 - بېتىدە كۆرسىتىشىچە، كاتتا قورغاندىكى ئەۋلىيا تېپە غارىدا يوشۇرۇن ئەر-ئايال مەشرەپلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن قايتاجانلىنىشقا باشلىغان نورۇز پائالىيىتى يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملاشقان. ئەرەب ئالىمى ئەل خۇسرەۋى 11-ئەسىردە بۇ جايلاردا نورۇز كۈنىدىن ئىلگىرى 12 قاچىدا بۇغداي، ئارپا، ماش، كۈنجۈت قاتارلىق «كۆك (سۇما)» لەر ئۆستۈرۈلۈپ، نورۇز كۈنى ناخشا ئوقۇپ، مەدھىيىلەر توقۇلىدىغانلىقىنى يازسا، 19 - ئەسىر بېشىدا كى. كېرتېر ياسانغان جامائەتنىڭ قالپاقلىرىغا قەغەز گۈللەر تاقاپ، ئىككى ئۇدۇل ئېگىزلىككە توپلىنىپ، ناغرا - سۇناي بىلەن ئوغلاق تارتىپ، مەرگەن ۋە پالۋانلىق كۆرسىتىپ، ساما ئوينايدىغانلىقىنى يازغانىدى. نورۇز ئالدىدا قالپاقلىرىغا قەغەز گۈللەر تاقاش دېگەنگە كەلگەندە كۆسەنلىك ئاقارى ماندا ئىشلىگەن «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» كۈيىدىكى بېشىغا گۈلدىن تاج تاقاش يوسۇنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ كۈيگە باغلانغان تېكىستتە: گۈل تاقاپ تۇرغان سىياقى «بەك گۈزەلدۇر ھەممىدىن» دېيىلگەن.

نورۇز پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «زارا خەتمە» (زارا ئاستىرىزىم) شەكلىدىن تاشقىرى، ئوچۇق - ئاشكارا «كۆك (سۇما) مەشرىپى» شەكلىدە، «نورۇز بايرىمى» شەكلىدە ئىزچىللىشىپ كەلدى. قىدان شاھزادىلىرىدىن يىلۇيچۇسەي (1190 — 1244) 1222 - يىلى غەربىي دىيارغا كەلگەندە نورۇز بايرىمى ئەمدىلەتىن ئاخىرلاشقانىدى. ئۇ «بىكەتتە نورۇز تامىقى يېيىش» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«ئەمدى ئۆتكەن نورۇزنى ئۇنتۇپتىمەن ناگىھان،
تېتىپ كۆرمەكچى بولدۇم نورۇز تامىقىن بۇ ئان،
ياغاچ ئاياقتا يېدىم كۈمۈشتەك ئۇگرە چۆپنى،
قوم قازاندا باشقىمۇ تائام بار قايناپ تۇرغان.

پىياز بىلەن كۈنجۈتنى تەكشى سۈرتكەن ئاق نانغا،
كۆدە سامساق كۆكىنى قوشۇپ يېمەك ھەم ئوبدان.
بىر قېتىم تويۇپ يېمەك پادىشاھلىق ھوزۇرى،
ھاجەت ئەمەس ھەمىشە زىياپەت يەپ ئولتۇرغان.»

ئۇيغۇر شائىرى سۈنچ ھىيا (گۆەن يۈنشى 1286 — 1324) «ئەجدىھا سىزدىش نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن قارا بالغاسۇندىكى ھون تەگرىقۇتىنىڭ ئەجدىھا قەسرىدە باھار كۈتۈۋېلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق يازغانىدى:

«ئۆچۈپ كەلدى ئەجدىھا قار مۇزدىن ياساپ دەريا،
لىغىلداپ قالدى كۆللەر مەي تولغان قەدەھ گويا.
مەيىنى ئىچىپ ئەجدىھا كۈن چىقىشقا پۈركەپتى،
باھارغا چۆمدى ئالەم ئەجدەر قەسرىدەك مانا!»

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن سەككاكى:
«مىنىڭتەك گويىيا كۆردى يۈزۈڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزدىن ياشىدىن يەر يۈزى ۋەردى ياسىمەن بولدى»
(نورۇز بولۇقلىرى خۇددى مەندەك نىگارىڭنى كۆرۈپ قېلىپ يىغلىغاچقا، زېمىن بىراقلا ياسىمەنزارلىققا ئايلاندى)

دەپ يازسا، كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن مەۋلانا لۇتپى ئۆز داستانىغا «گۈل ۋە نەۋرۇز» دەپ نام بەردى. ئۇ داستان قەھرىمانىنى نەۋرۇز نامىدا ئاتاش بىلەن بىللە، باھار ئەييامىنى قارا قۇلۇلە قېپىدىن چىققان ئاپئاق مەرۋايىتقا ئوخشىتىپ مۇنداق يازدى:

«يېڭى يىلنىڭ بېشىدا روزى نەۋرۇز،
سەدەفتىن چىقتى بىر دۇرى شەب ئەفرۇز.
چەمەنلەر بولدى جەننەتتىن نەمۇدار،
ئاچىلدى گۈل، ساچىلدى مۇشكى تاتار».

ئەلىشىر نەۋائى «نەۋادىرۇش - شەباب» ناملىق غەزەللەر دىۋانىدا «نەۋرۇز» ھەققىدە غەزەل «يېزىپ: دەھرىدىن دەرد چەكسەڭ، كۆڭۈلگە غەم تېشىنى توپلىۋالما! شادلىق شارابىنى زاماندىن ئۈزۈلدۈرمەي كۆتەرگىن! تەبىئەت كۆك بوز ئاتقا مىنگەندە سەنمۇ ياپپېشىل ياشىرىپ تۇر! ئالەم ئاتەشتىن قۇياش بىلەن جىلۋىلەنگەندە، سەنمۇ جامالىڭنى ئالەمدەك قىزارتقىن! چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن كۆڭۈل دېگەن نەرسە سەييياد قولىغا يېڭىلاتتىن ئۈگەتىلگەن ئوۋ قۇشىغا ئوخشايدۇ! دېگەن پىكرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ۋىسال ئەييامى تاڭ ئاچسا رۇخسار،
كى دائىم ئاچىلۇر گۈل بولسا نەۋرۇز.»
«قەدەھنى دەۋرىدىن تىندۇرمە بىردەم،
كۆڭۈلنى دەۋرىدىن تاپساڭ غەمەندۇز»

— نەۋائى

## 4. خاتىمە: نورۇزدىن نورۇزغا مول زەپەر قۇچۇپ ...

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك ھاياتىدا ئۇزاق ئەگرى-توقاي يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يىپەك يولى خەلقلىرى ئالاقە تارىخىغا، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ گەرچە يىراق ئۆتۈشمە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئاتەشپەرەسلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، داۋاملىق راۋاجلىنىش ئاساسىدا پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام خاراكتېرى ۋە تۈسىنى ئالغان.

نورۇز ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىدە كۆپ قىرلىق، باپ ۋە رەڭگارەڭ فولكلور قاتلىمى ھاسىل قىلغان.


ئۇ بايرام سۈپىتىدە: «زارا خەتمە»، «نورۇز ئايەم»، «سۈمۈلە زاغان»، «نورۇز كالىندارى» (نەۋ سىردىچ)، «نورۇز كۆكى»، «نورۇز تامىقى»، «سۈمۈلەك»، «نورۇز بۇلاق»، «نورۇز بوۋاي» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ مەشرەپ سۈپىتىدە: «سۇ مۇز بەزمىسى»، «نورۇز مەشرىپى»، «كۆك مەشرىپى»، نورۇز بايات»، «نورۇز بۇزرۇك»، «نورۇز ناۋا»، «نورۇز ھۆسەينى»، «نورۇز خارە»، رىيپەكچىلەر نورۇز مەشرىپى)، «نورۇز مۇقام» قاتارلىق پائالىيەتلەر تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ شېئىرىي ماھارەت سۈپىتىدە: «باللار نورۇزنامىسى»، «نورۇز قوشاقلىرى»، «باھارىيەت قەسەملىرى» قاتارلىق بېيىت-بېغىشلىما ئىجادىيەت سېكىلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ تەنھەرىكەت سۈپىتىدە كۆپلىگەن ئويۇن-تاماشا ۋە بەيگى پائالىيەتلىرى تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى خۇسۇسىدا باي مەزمۇنلۇق مەخسۇس ئەسەر يېزىش مۇمكىن.

نورۇز ھادىسىسى ئۇيغۇر خەلقىدە خۇددى مۇقام ھادىسىسىدەك ئۇزاق ۋە مۆتىۋەر مەدەنىيەت سەھىپىسى ياراتقان ھاياتبەخش ۋە ئىلھامبەخش فولكلور مەكتىپى، سەنئەت-تەنھەرىكەت مەيدانى، شېئىرىيەت مۇنبىرى، دوستانىلىق بەلگىسى ۋە ئۈمىدۋارلىق مەشئىلى بولۇپ كەلدى. ئىشىنىمىزكى، خەلقىمىز ئۇنى ئىناقلىق ۋە زامانىۋى ئاڭ تەرغىب قىلغۇچى ھېكمەت ۋە سەنئەت چېچەكلىرى بىلەن بېزەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ كرىستال قىرلىق ئاجايىپ نادىر جاھاننەماسى ۋە ئېپتىخارلىق قامۇسىغا ئايلاندۇرغۇسى.



# ئۇلۇغ تۈركمەن شائىرى — مەختۇمقۇلى

**قادىر ئەكبەر**

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تەرەققىيات تارىخى بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە مىللەتلەر ئارا بىر-بىرىگە تەسىر قىلىش، بىر-بىرىنى بېيىتىشتىن مۇستەسنا ئەمەس. بولۇپمۇ ئەدەبىي ھادىسىلەرگە ئىنتايىن باي تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى تەسىرىدىن باشقا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئازەربەيجان، تۈركمەن ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ چوڭقۇر. بۇنى ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

مەشھۇر تۈركمەن شائىرى مەختۇمقۇلى ئەسەرلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەمدە خەلق ئىچىدە، يازما بەدىئىي ئىجادىيەتتە بىلىنىپ-بىلىنمەي ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىز نەزەرىدىن سىرتتا بولۇپ كەلدى.

مەختۇمقۇلى تالانتلىق شائىر، پەيلاسوپ، جامائەت ئەربابى ۋە يېتىلگەن ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە شىنجاڭدا ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر — ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا 18-ئەسىردىن باشلاپ ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە بولغان بىر نامايەندە. ئۇنىڭ دىداكتىك شېئىرلىرى، پەند-نەسىھەتلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى ھەرقايسى خەلقلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە رول ئويناپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىر-رۇبائىيلىرى خەلق قوشاقلىرىغا، ناخشا-مۇزىكىلىرىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر 12 مۇقاملىرى تېكىستىدە ۋە خەلق ئەلنەغمىلىرىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىدا مەختۇمقۇلى نەسىھەتلىرىمۇ قوبۇل قىلىنغان. بۇ تېكىستلەرنىڭ قاچان ۋە قانداق يوللار بىلەن خەلق ئىچىگە ئۆزلەشكەنلىكى ھازىرچە تەتقىق قىلىنمىدى. ھەتتا بۇ تېكىستلەر مۇئەللىپىنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلەن ھېچكىم قىزىقمىغان. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ئەلنەغمە مەدەنىيىتىدە مەشھۇر شەرق كىلاسسىكلىرى ئىجادىدىن ئۈزۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئېلىپ ئىجاد قىلىنغان، بارا-بارا خەلق مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەن پارچىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق پارچىلار ئىچىدىكى غەزەل ۋە رۇبائىيلاردا شەرق شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بويىچە شائىرنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسى كۆرسىتىلگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ئاپتورى كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەي كېتىۋەرگەن.

خەلقىمىزدە «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنۇتما» دېگەن تەمسىل بار. ئەدەبىياتىمىز ۋە سەنئىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ۋە شانلىق تەرەققىيات يوللىرىنى يارىتىشىدا كىچىككىنە بولسىمۇ ھەسسىسى بار ھەربىر تارىخىي شەخسنى ئەسلەپ ئۆتۈش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە بىلىش بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي بۇرچىمىزدۇر.

مەن تۆۋەندە مەختۇمقۇلى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

مەختۇمقۇلى 1733-يىلى تۈركمەنىستاننىڭ فاراغ دېگەن ئاۋۇلىدا مەشھۇر شائىر ۋە خەلق رەھبىرى دۆلەت مۇھەممەت «ئازادى» ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1793-يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دادىسى «ئازادى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازىدىغان يېتۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ئالىم ۋە ئاۋۇل رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. مەختۇمقۇلى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە ئۆز ئاۋۇلىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زاماندىكى بىلىم مەركەزلىرى — بۇخارا، خىۋە ۋە ئەندىجاندىكى مەدرىسلەردە بىلىم ئالغان. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا دىنىي پەنلەردىن باشقا، رېئال پەنلەر — تارىخ، جۇغراپىيە، ھەندەسە، فەلەكىيات (ئاسترونومىيە)، كىمىيا (مېتال-مەدەنچىلىك) قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆگەنگەن. بۇ پەنلەر 18-ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولاتتى.

مەدرىسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەختۇمقۇلى زەرگەرلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ۋە «فەراغى» تەخەللۇسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلىغان.

ئۇ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئافغانىستان، ھىندىستان، ئەزەربەيجان، ئىران قاتارلىق ئەللەرنى ساياھەت قىلغان. تېخى ھەقىقىتى ئېنىقلانمىغان بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەختۇمقۇلى ئەندىجاندا ئوقۇۋاتقاندا ۋە ھىندىستانغا بارىدىغان ۋاقتىدا ئىككى قېتىم قەشقەرگە كەلگەن ۋە ئاز ۋاقىت قەشقەر شەھىرىدە تۇرغان، دېيىلىدۇ.①

ساياھەت ۋە تىجارەتلەر داۋامىدا مەختۇمقۇلى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەزەربەيجان ۋە ئىران ئەدەبىياتى، فولكلورى ھەمدە خەلق ئېغىز ئىجادىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەن، فىردەۋسى، نەۋائى، نىزامى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن.

---

① شائىر مەرھۇم نۇرمۇھەممەت ئېركىننىڭ 1982-يىلىدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە نەقىل كەلتۈرگەن سۆزىدىن (سۆھبەت خاتىرىسى پېقىرنىڭ قولىدا — ق. ئە).

مەختۇمقۇلى ئىجادىدىن ھازىر 20 مىڭ مىسراغا يېقىن مىراس ساقلانغان بولۇپ، ئۇ لىرىك شېئىرلار، ئېپىك داستانلار، غەزەل ۋە نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى رېئال ھاياتنى كۆيلەش، ئىنسانىي خىسلەتلەرنى تەرەننۇم قىلىش، ياش ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەر غايىنى سىڭدۈرۈش، مۇھەببەت، ۋاپادارلىق ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشنى مەزمۇن قىلغان.

مەختۇمقۇلى پەقەت بىر شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۆز مىللىتىنىڭ روناق تېپىشى، ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن ھارماي كۈچ چىقارغان جامائەت ئەربابى ئىدى. تارىختىن مەلۇمكى، 17-، 18-ئەسىردە تۈركمەن ئۇرۇقلىرى ئىچىدە قەبىلىچىلىك بۆلۈنۈش، ئىچكى نىزا ناھايىتى ئېغىر ئىدى. قەبىلىلەر ئارا زىددىيەت كۈچلۈك بولۇپ، بۇ خەلقنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. بۇ ئېغىر ئەھۋالنى تونۇغىنى ئۈچۈن، مەختۇمقۇلى دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە قىلىپ، پۈتۈن تۈركمەن خەلقىنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا جانپىدالىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ باردى. مەختۇمقۇلىنىڭ چارچىماس ئىجتىمائىي پائالىيىتى تۈركمەنلەر ئىچىدە زور دەرىجىدىكى بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈردى. تۈركمەن خەلقىنىڭ مەختۇمقۇلىنى قەدىرلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇقەددەس بىلىشى ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى كەڭ ۋە چوڭقۇر پايدىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

مەختۇمقۇلى تۈركمەن يازما ئەدەبىياتىغا ئوبرازلىق خەلق تىلىنى، ماقال ۋە تەمسىللەرنى بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى. ھازىرقى زامان تۈركمەن ئەدەبىي تىلىنىڭ يارىتىلىشىدا، تۈركمەن بەدىئىي يازما ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ئۆچمەس رول ئوينىدى.

مەختۇمقۇلى ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ 100 گە يېقىن قوليازمىسى ھازىر تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان ۋە ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە ساقلانماقتا.

يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان تۈركمەنىستاندا مەختۇمقۇلى تولۇق ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ رۇسچە، ئۆزبېكچە نۇسخىلىرىمۇ تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. مەختۇمقۇلى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا كۆپ يېقىن، خەلقلەر ئۇنى ئىزاھسىز چۈشىنىدۇ.

تۆۋەندە مەختۇمقۇلى «نەسىھەت» لىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈردۇم. بۇ شېئىرلار شىنجاڭدا تارقالغان ۋە ئۇنىڭ‌ئالغۇ لېنتىسىغا چۈشۈرۈلگەن خەلق ناخشىلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غېرىپ-سەنەم *

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئانا غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ مۇنداق ئەيش-ئىشرەت قىلىپ يۈرگەنلەرىنى كۆرۈپ ئۆلگەن كۆكۈللەرى ياشىرىپ كۆپ بىتاقەت بولۇپ قالدى. بۇ ئاقچىنىڭ ئەسلى شەھرى ھەلەفشىرۋادان ئىدى. شۇ شەھەردە ئاقچىنىڭ ئەكبەر خوجە دەپ بىر دوستى بار ئەردى. ئاقچىنىڭ شۇ يارى ئىسگە كېلىپ ئىدى.

ئەلقىسسە، غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ گۈللارنىڭ ئاراسىدا يۈرۈپ كۆكۈللەرى خۇش ۋەقت بولۇپ، سەيلى-تەماشا بىلەن يۈرۈر ئەردى. ئاقچى ئانا ئۇلارنىڭ مۇنداغ ئەيش-ئىشرەت قىلىپ يۈرگەنلەرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ زار-زار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

قەبا فەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرەكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇل ئايرىلدىلەر گۈلدىن،
بىنەفشەلىك باغلار قالدى.

ھەلەفدە قالدى ۋەتەنىم،
جان ئاندادۇر مۇندا تەنىم.
يار بىرلە مۇھەببەت ئەتكەنىم،
قەدىمكى جايلار قالدى.

ئاسان ئەتكىل بۇ مۇشكىلنى،
يىراق تۈشكەن بۇ مەنزىلنى،
ئۈچۈردۇم شەيدا بۇلبۇلنى،
تېز ئاچىلغان گۈللار قالدى.

گۈلنىھال دەر ياندى بەختىم،
فەلەك بۇزدى ئۈستىخانىم.
ئەكبەر خوجە مېھرىبانىم،
يۈرەكىمگە ئوتلار سالدى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپجاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئول راۋاقتىن ئىنىپ چۈشەنىپ:

— ئەي يارى مەھبۇب مېنىڭ، بىز ئىككىمىز باغنى سەيلى-تاماشە قىلىپ ئاقچى ئانىنى ئازمايىش قىلايمىز، — دېدى.

ئاقچىنى سىنىماق ئۈچۈن شاھ سەنەم غېرىپنىڭ جامالىغە قاراپ بىتاقەت بولۇپ بۇ بەيىتنى ئوقدى

كەل غېرىپجان سەيلى قىلالى بۇ باغنى،
گۈل كۆرسۇن بۇلبۇلنىڭ تەماشاسىنى.
مېنىڭ لەبىم ئۈستىگە قويغىل لەبىڭنى،
لەبلەر كۆرسۇن بالىمىنىڭ تەماشاسىنى.

ئىلاھىم ياراتمىش جەننەتۇ رىزۋان،
بۇ دۇنيادا بىزگە بەردى مىلك ئالۋان.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

يارىم مېنىڭ ئۈچۈن بولۇپ سەرگەردان،
لەيلى كۆرسۇن مەجنۇننىڭ ماشاسىنى.

ئىشق ئوتى بىزلەرنى ئەيلەدى بەرباد،
ئۈچراغان بۇلبۇللار چەكتىلەر ناشاد.
ئىككى ئىقاسم تاغلارنى قازدىلەر فەرھاد،
شىرىن كۆرسۇن فەرھادىڭ تەماشاسىنى.

ئىلاھىم ھەركىمگە سالدى مىڭ سەۋدا،
جەھان بازاردا تېمەنىمىڭ غەۋغا.
ئون ئىككى يىل ئاقتىلەر دەريادا ئۈزرا،
ۋامىق كۆرسۇن ئۈزرانىڭ تەماشاسىنى.

ئىككى ئاشىق كەلدى سۇبھىدەم ئولۇپ،
سىنەلەرى داغلاغلىق كۆزى نەم بولۇپ.
سەن غېرىپسەن مەن سەنەمگە بىر بولۇپ،
ئاقچى كۆرسۇن غېرىپ- سەنەم تەماشاسىنى

ئەلقىسسە، ئاقچى شاھ سەنەمدىن.
مۇنداغ سۆزنى ئىشىپ ھانايىتى بىدىماغ
بولۇپ زار-زار يىغلادى. شاھسەنەم:

— ئەي ئانىكا، مېنىڭ مۇنداغ
سۆزلەرىمگە ئەسلا مەلال بولماغىل. مەن
سىزنى سىنىماق ئۈچۈن مۇنداغ سۆزلەر-
نى قىلغان ئىدىم، — دەپ ئاقچىغا تە-
سەللى بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇپ
ئۆستۈرۈپ، توققۇز بوغچىدا كىيىم-كېچەك
ئالدىغا قويۇپ كۆڭلىنى ئالدى. ئاقچى
ئانا شاھ سەنەمدىن كۆپ خۇرسەند بو-
لۇپ بىجانىدىل خىزمەتكە بەل باغلادى.
ئاندىن شاھ سەنەم:

— ئەي ئانا، مەن ئاتام قاشىغە
بارىپ قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت ئالىپ
كېلەي. ئاندىن خاتىرجەم ئەيش-ئىشرەت
قىلىپ تەماشا قىلايلى، — دېدى.

— ئاقچى خۇش بولغاي، — دەپ تەزىم
بەجا كەلتۈردى. شاھ سەنەم يەنە:

— ئەي ئانىجان، يارىم غېرىپجاننى
ئەۋۋەل- ئاخىرى بىرۇ بار ئاللالاغا ئاما-
نەت قىلدىم. سەن سەۋەبكارلىق قىلىپ
ئۇنىڭ خىزمەتىدە مەھكەم تۇرۇپ جانىڭ-
دەك ئاسرىغايسەن. ھەر ۋاقىتتا مېنى
كۆرگەن كۆزدە كۆرگەيسەن. ئول غېرىپ
مېنىڭ جانىمنىڭ ئارامىدۇر. ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ھەرگىز ئاغرىتماغايسەن، — دېدى.
موماي ئېيتتى:

— ئول غېرىپنى مەن ئۆز پەرزەنت-
لەرىمدىن زىيادە ياخشى كۆرۈرمەن.
ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنىڭ رەۋشەنىدۇر، — دې-
گەندى. شاھ سەنەم ناھايىتى خۇش
ۋاقت بولۇپ ئۇنىڭغا سەرۇپاي شاھان[ە]
كىيدۈردى. ئاندىن سەنەم موماي‌گە قاراپ
بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

مەن بۇ كۈن بارۇرمەن ئاتام قاشىغە،
ۋەسىيەتىم غېرىپنىڭ كۆڭلىن ئاغرىتما.
ئىككى ئاشىق قوشۇلماقنىڭ شەئنىغە،
ۋەسىيەتىم غېرىپنىڭ كۆڭلىن ئاغرىتما.

مەن تاپشۇردۇم بارىپ يەنە كەلگۈنچە،
شاھ ئەبباستىن باغنى تىلەپ ئالغۇنچە.
ھېچكىمگە بىلدۈرمە تا مەن كەلگۈنچە،
ۋەسىيەتىم غېرىپجاننىڭ كۆڭلىن ئاغرىتما.

پىنھان ساقلا شۇم رەقىبلەر كۆرمەسۇن،
مەرد يىگىتنىڭ كۆڭلى ئازار يېمەسۇن.
مېنى يوقلاپ كۆزدىن ياشلار تۆكمەسۇن،
ۋەسىيەتىم غېرىپجاننى ئاغرىتما.

نەرگەسدەك كۆزدىگە تولماسۇن ياشى،
ئاشكارا ئولماسۇن ئاشىقلار ئىشى.

www.uyghurkitap.com



ئەمدى بولغىل غېرىپجاننىڭ سىرداشى،
ۋەسىيەتىم غېرىپجاننى ئاغرىتما،

سەنەم ئايتۇر بولدۇم تولا سەرگەردان،
كېچە-كۈندۈز بولدى كۆزلەرىم گىريان.
ئاشىقلارنىڭ ئىشىنى ئەيلەگىل ئاسان،
ۋەسىيەتىم غېرىپنىڭ كۆڭلىن ئاغرىتما.

شاھ سەنەم غېرىپ بىلەن خوشلاشىپ چەھار باغدىن چىقىپ ئۇرداغە يېتىپ باردىلەر. ئاتاسى ئەبباسخان سەنەمدىن ھاردۇق سوراپ، يۈز-كۆزىنى سىلاپ تولا مەرھەمەت قىلدى. سەنەمجان ئىچكىرى ھەرەمخانىگە كىرىپ كەتتى. لېكىن غېرىپ يادىغە يېتىپ ئەتىسى ئاتاسىنىڭ قاشىغا چىقىپ قول قوشتۇرۇپ يۈزمىڭ ئىلتىجالەر بىلەن:

— ئاتا، باھار ۋاقتى بولۇپتۇر، رۇخسەت بەرسىڭىز ئون-يىگىرمە كۈن چاھار باغدا سەيلى-تاماشا قىلىپ ئويناپ كەلسەم، — دېدى.

پادىشاھ ئەبباسخان نىھايەتى خۇش ۋەقت بولۇپ قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بەردى. قىزى شاھ سەنەم سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپ قىرىق كېنىزەكلەر بىلەن باغقا رەۋان بولدى. ئۇ يولدا كېتىپ بارغۇنچە كەنىزەكلەرگە قاراپ:

— ئەي كەنىزەكلەر! سىزلەرگە مېنىڭ بىر پىنھان سۆزۈم بار. ھەر قايسىڭىزلەر ئاشكارا قىلماسلىققا كۆڭۈل پۈتكەندەك قەسەم قىلىپ بېرىڭلار! ئايتاي، بولماسا ئايتماي، — دېدى،

كەنىزەكلەر دېدىكى:

— ئەي سەنەم، ھەرنە سۆزىڭىز بولسا ئايتىڭ. بىزلەر كىشىگە ئاشكارا قىلماسمىز.

ئاندىن شاھ سەنەم قىرىق كەنىزەككە قاراپ، غېرىپجانغا ئاشىق شەيدا بولغانىنى، غېرىپنىڭ چەھار باغدا بارلىقىنى بىلدۈرۈپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىن كەنىزەكلەر،
غېرىپ يارىم باغدا قالدى.
بۇ سۆزۈمنى ئىشىتىڭلار،
مېنىڭ يارىم باغدا قالدى.

كېچىكلىكتە بىز تاپىشقان،
كۆز ياشىمىز تەڭ ئاقىشقان.
مىڭ مۇشكىلدە بىز تاپىشقان،
مۇڭلۇغ يارىم باغدا قالدى.

مەن بارۇرمەن يارىم ئۈچۈن،
ھەممىڭىزنىڭ باغرى پۈتۈن.
بىر ئاھ ئۇرسام چىقار تۈتۈن،
غېرىپ يارىم باغدا قالدى.
مېنىڭ يارىم دەردكە دەرمان،
ئىشىق ئوتىدا چىقار بۇ جان.
يېڭى ئاچىلغان گۈل-گۈلىستان،
چەھار باغدا يىغلاپ قالدى.

سەنەم دەرلەر غەملىك باشىم،
كۆزدىن ئاقار قانلىق ياشىم.
كۆيەر بولدى ئىچى-تاشىم،
جان ئارامىم باغدا قالدى.

شاھ سەنەم:

— ئەي قىزلار، مەن غېرىپنىڭ بۇ جايدا بارلىقىدىن بەك خىجىل بولدۇم، سىزلەردىن تولا ئىيبا قىلمەن، — دېدى.

قىزلار:

— بىزلەر ھېچ قايسىمىز بۇ سىرنى
كىشىگە ھەرگىز ئىزھار قىلمايلى، — دەپ
بىر-بىرىدىن قەسەمياد قىلدىلەر. ئاندىن
سەنەم قىزلار بىلەن باغقا كىردى. سەنەم
ئاقچى ئاسىنى چىللاپ ئايتتى:
— ئەي ئاسىكا، غېرىپنى بۇ يەرگە
ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. سەنەم غېرىپنى
كۆرگىسى كېلىپ ھەر بىر كۆزى پىيالە-
دەك بولۇپ ھېچ تاقىتى قالمىدى. ئاقچى
دەرھال غېرىپنى ئېلىپ كەلدى. بۇلار
بىر-بىرلەرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھ-
ۋال سوراشىپ، ئاندىن مەجلىس باشلاپ
نەچچە كۈن شاھانە مەجلىس تۈزۈپ،
ئەيش-ئىشرەت ۋە سەيلى-تاماشا قىلىپ
ئوينىدىلەر.

بىر كۈنى غېرىپ تاھارەت سۇندۇر-
غىلى بىر خالى يەرگە بېرىپ تاھارەت
سۇندۇرۇپ يانىپ كېلىۋاتاتتى. بىر كىم
كېلىپ غېرىپنىڭ بوينىنى تۇتۇپ قايرىپ
بىر بوسە ئېلىپ قېچىپ كەتتى. غېرىپ
ھەيران بولۇپ، ئارقاسىدىن قوغلاپ يېتىپ
بېرىپ قارىسا سۇچۇك ئاتلىغ كەنىزەك
ئىكەن. ئۇ قىز غېرىپقا ئاشىق ئىكەن.
ئۇنىڭ ئاشىقلىقىنى غېرىپ بىلمەس ئىدى.
غېرىپ دەرغەزەپ بولۇپ، كەنىزەكنى
تۇتۇپ ئاغزىغا بىر كاچات ئۇردى. سۇ-
چۇكنىڭ ئاغزىدىن قان ئاقىپ، قان ئېچ-
كەن ئىتتەك بولۇپ، پادىشاھقا مەلۇم قىل-
غىلى ئىزتىراپ بىلەن ئوردىغا قاراپ
يۈگۈردى. غېرىپ بۇ ئىشتىن ناھايىتى
خەفا بولۇپ، سەنەمنىڭ قاشىغا كەلدى.

سۇچۇك دېگەن قىز بارغىنىچە پادى-
شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— داد، ئەي پادىشاھى ئالەم، سۇل-
تانى باكەرەم، داد، — دېدى.

پادىشاھ
— ئەي كېنىزەك، يەنە نېمە ۋاقىئە
بولۇپ، ساڭاكىمدىن زۇلۇم يەتتى، — دېدى.
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ماڭا ھېچ
كىمدىن زۇلۇم يەتمەدى. مەگەر سېنىڭ
كۆيئوغلۇڭ غېرىپتىن زۇلۇم يەتتى، — دې-
دى. پادىشاھنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ:
ئېيتتىكى:
— ئەي جەللادلار بارمۇسەن؟ —
دەپ ئەردى يەتتە جاللاتلار يۈگۈ-
رۈشۈپ كىرىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، كىمنىڭ
ئۆمرى ئاخىر بولدى؟ قىلىچلىرىمىز ئادەم
قېنىغا تەشنادۇر. قىلىچ بىلەن بىر قويساق
بۇ ئالەمدىن ھاياتلىق رىشتىسى ئۈزۈلسە، —
دەپ ئىدى، پادىشاھ ئېيتتىكى:
— تۇت بۇ بىدىنكنى، مەندەك پادى-
شاھنىڭ پاك ۋە مەسۇم قىزىم سەنەمجان-
غا بوھتان قىلغان سۇچۇك دېگەن بىدىنك-
نىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئىبەرىڭلەر،
ئۆز خوجاسىغە مۇنداغ بوھتانلارنى قىلما-
سۇن، ئالەم خەلقى بۇنىڭدىن ئىبرەت
ئالسۇن، — دەپ ئىدى. ھېلىقى كەنىزەك
ھوشىدىن كېتىپ يەنە ھوشىغە كېلىپ
ئېيتتىكى:
— داد، ئەي پادىشاھى ئالەم، پادى-
شاھ دېگەن شۇنداقمۇ بىئەقىل بولۇرمۇ؟
مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كەلمەكچى
بولغانىدىم. مەگەر مۇشۇنداغ بولماسۇن
دەپ كەلمەگەن ئىدىم.
پادىشاھ:
— ھە، ئېيتقىل، — دېدى. سۇچۇك
ئېيتتى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ

جانابلىرىغا قىلىدىغان ئەرزىم شۇلكى، بىرئەچچە كۈندىن بۇيان غېرىب دېگەن ئوغۇل بەغداد شەھىرىدىن يېتىپ كېلىپ باغدا قىزلىرىمىز بىلەن ھەممىشە ئەيش-ئىشرەت قىلادۇر. ئېيتاي دېسەم ھېلىقىدەك قىلماسۇن دەپ غەزەبلىرىدىن قورقتۇم. ئېيتماي دېسەم، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاخىر قاشلارىغا كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئەبباسخان سۆچۆكتىن سورىدىكى:

— نەچچە كۈننىڭ بۇيانىدا كېلىپ ھېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمادىڭ، تېزرەك ئېيتساڭ بولماسمۇ، — دەپ ئىدى، كەنىزەك:

— ھېلىقىدەك، چاپاننى ئاياغىدىن كيىمەسۇن، دەپ بالدۇر ئېيتماغانىم راست، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ پادىشاھنىڭ غەزىپى بېشىغا ئۆرلىدى.

ئەلقىسسە، غېرىب خەفا بولۇپ، شاھ سەنەمنىڭ قاشىغا كەلدى. شاھ سەنەم غېرىبقا قاراپ كۆردىكىم، غېرىبنىڭ كۆڭۈللەرى نىھايەتى فەرىشان، قاتتىق مالال بولغانغا ئوخشايدۇر. سەنەم غېرىبنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— ئەي غېرىب نېمە ۋاقىئە بولدى؟ — دېدى. غېرىب ئايىتتىكىم:

— سۆچۆك دېگەن كەنىزەك بۇسە ئالىپ قاچتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ بارىپ ئىنەكىگە بىر كاچات ئۇردۇم. ئاغزى-بۇرنى قاناپتۇر.

ئول ۋاقىتدا شاھ سەنەم غېرىبتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي غېرىب، ۋادەرىغا! ئەمدى بۇ ئىش يامان بولۇپدۇر، بۇ ئىشنى يامان قىلىپسەن، ئاتامنىڭ قەھرى-غەزەبى يامانىدۇر. ئەگەر كىشى ئىبەرتىپ بىز ئىككىمىزنى تۇتۇپ ئالسا، ئىككىلەمىزنىڭ ھالى نېچۇك بولۇر، ئىككىمىزنى ئۆلتۈرەدۇر، — دەپ غېرىبقە باقىپ تەئەننە بىلەن بۇ بەيتنى ئوقۇدى.

غېرىب سېنىڭ بائىسىڭدىن،
دۇشمەن بولۇر ئالەم ماڭا.
بۆگۈن مېنىڭ سۇد ئىشىمدىن،
سەن ئەيلەدىڭ زىيان ماڭا.

مېنى پىچاقسىز ئۆلتۈردۈڭ،
گاھ يىغلاتىپ، گاھ كۈلدۈردۈڭ.
بىر گۈل ئېردىم سەن سۇلدۇردۇڭ،
ئۆردى بادى خەزان ماڭا.

ئول بارسە ئاتام يانىغا،
زامىن بولۇرمەن قانىڭغە.
قەسد ئەتسە شىرىن جانىڭغە،
جەھان بولۇر زىندان ماڭا.

دۇشمەنلەر بىزگە قەسد قىلۇر،
ئىقبالىمىزنى پەست قىلۇر.
ئۆلتۈرمەككە ھەۋەس قىلۇر،
كەلمەس بولدى دەۋران ماڭا.

شاھ سەنەم دەر: ئەي مېھرىبان،
مېنى قىلدىڭ ئاخىر سەرسان.
جەھان بولدى ماڭا زىندان،
بولدى ئاخىر زەمان ماڭا.

غېرىپ سەنەمدىن بۇ سۆزلى ئىشىتىپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ:

— ئەي سەنەم، ماڭا مۇنداق تەئنە سۆزلەرنى قىلماغىل. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئىشقى مۇھەببەتىڭنى مېنىڭ دىلىمگە سالىپتۇر. شۇ كۈندىن بېرى مەن بۇ جانىمنى سېنىڭ ئۈچۈن فىدا قىلىپدۇرمەن. ئاتاڭ شاھى ئابباسخاننىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىدىن زەررە كۆڭلۈم مالال بولمايدۇر. قەدىمكى ئاشىقلارمۇ جانلارىنى مەئشۇقىنىڭ بولىدا قۇربان قىلىپ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈشكەن. ھەتتاكى پەرۋانىمۇ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. ئىلگەرى ئۆتكەن ئاشىقلاردىن فەرھاد شىرىننى دەپ جان بەردى. مەجنۇن لەيلىنى دەپ جان بەردى. تاھىر زۇھرانى دەپ جان نىسار قىلدى. يەنە قالغان ئاشىقلارمۇ ئۆز مەھبۇبىنى دەپ جان نىسار قىلدى. مەن غېرىپمۇ «ئاھ سەنەم» دەپ ئاتاڭنىڭ جەللادلارىنىڭ قىلىچلارىدا ئۆلسەم نە ئەرمان قالسۇن، — دەپ نەچچە تەمسىل كەلتۈردى. ئاندىن جان-جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ نېمە دەپ يىغلادى:

ئەگەر ئاتام بىلدى، دەپ قايغۇ يېمەگىل،
بىزگە بىر تەقدىرى باردۇر، سەنەمجان.
ماڭا مۇنداغ ئاچچىغ سۆزنى دېمەگىل،
ئاشىقلارنىڭ راھەتى ئۆلۈم، سەنەمجان.

ئاتاڭ بىلسە خەلقى مېنى تۇتادۇر،
بۇ زەماندا تۇتۇپ ئالىپ كېتەدۇر.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنى شەھىد ئېتەدۇر،
بۇ باشىمغە بىر ئۆلۈم باردۇر سەنەمجان.

قىغان ئېتەر بۇلبۇللار ئايرىلسا گۈلدىن،
جاننى نىسار ئەيلەمىش ئاھۇ ئەفغاندىن.
قايىتماسمەن يۈز پارە قىلسا ئۆلۈمدىن،
ئاشىقلارغە يانماق يوقتۇر، سەنەمجان.

كېچە-كۈندۈز ئاقىتارمەن كۆز ياشىمنى،
زەھەر-زەققۇم قىلدىڭ ئىچكەن ئاشىمنى.
رازىدۇرمەن قەتل قىلسا باشىمنى،
مىڭ جان بولسا قۇربان بولسۇن، سەنەمجان.

دۇتار بولدى مېنىڭ نازۇك تىنىم،
يۈرەكىمدىن كەتمەس داغى ھەجرانىم.
فىراقىڭدا كۆيەر بۇ خەستە جانىم،
يوللارىڭدا فىدا بولسۇن، سەنەمجان.

غېرىپ ئايتۇر: فەلەك بىزلەرگە باقماس،
ئۆلگەنلەرنىڭ خاتىرلەرىنى قىلماس.
ئاتاڭ سېنى ئاخىرى ماڭا بەرمەس،
ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرسۇن رازى، سەنەمجان.

غېرىپ بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن شاھ سەنەم ئاقچىغا قاراپ:

— ئەي ئاقچى، غېرىپجاننى كىمكى كەلسە تاپالماغۇدەك يەردە يوشۇرۇپ پىنھان قىلغايسەن، كۆڭلى ئازار يېمەسگەي، — دېدى. ئاقچى باغباننى تاپىپ:

— ئەي باغبان، غېرىپنى كىمكى تاپالماغۇدەك يەرگە يوشۇرغىل، — دېدى. باغبان غېرىپنى ئۆيىگە ئالىپ كىرىپ، بىر ساندۇققا بەركىتتى. ئۆزى ھەر تەرەپتە يۈرسىمۇ كۆزى ئۆيدە بولدى.

ئەلقىسسە: غېرىپ ئۇرۇپ ئاغزى قاناغان كەنىزەك پادىشاھ ئابباسخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەرز قىلىپ ئۆتكەن ۋاقىئەنى بىر-بىر بەيان قىلدى. پادىشاھنىڭ ئاتەش غەزىپى جۇش ئۇرۇپ بەدەنىدەكى مويلارى نەشتەردەك ئەتىدىن تېشىپ چىقتى.

— جەللاد، بارمۇسەن! — دەپ قىچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىردى. توققۇز جەللاد يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:
— دەۋلەتىڭىزدە تىغلارىمىز ھازىر، كىمنىڭ ئەجەلى خەزانەسىدىن تاشىپدۇر؟ قەتل قىلغايمىز، — دېدى.

پادىشاھ ئايتتى:
— ئەي جەللادلار، قىزىم سەنەم بىلەن غېرىپ ھازىر باغدا ئىمىش، دەرھال تۇتۇپ مۇندا كەلتۈرۈڭلار!

تۆت يۈز جەللاد چاھار باغقا ئات قويدى. يېتىپ بېرىپ باغنىڭ ئىچىنى ئىزلەپ ھېچ تەرەپتىن غېرىپنىڭ دېرەكىنى ئالالمادى. يانىپ پادىشاھنىڭ قاشىغا كېلىپ:
— ئەي پادىشاھىم، ھېچ يەردىن غېرىپنىڭ دېرەكىنى ئالالمىدۇق، — دېدى.

پادىشاھ قۇرئەندازلارنى، يىغىپ دېدىكىم:
— سىڭلىمنىڭ ئوغلى غېرىپنى بەغداد شەھرىگە ئالتە ئايلىق يەرگە سۈرگۈن قىلىپ ئېردىم. ھەلى غەممازلەر، «غېرىپ بىلەن سەنەم مەجلىس تۈزۈپ ئويىندى» دەپ مەئلۇم قىلدى. كىشى ئىبەرسەم تاپالماي قايتىپ كەلدى. ئوبدان بىر قۇرئە سالىڭلار، بەغدادتىمۇ ياكى باغدىمۇ، ئويناپ يۈرگىنى راستىمۇ، يالغانمۇ؟

قۇرئەندازلار كىتاب ئاچىپ قۇرئە سالىپ كۆرۈپ دېدىكىم:
— ئەي پادىشاھىم، غېرىپ بۇ شەھەرگە كېلىپ چەھار باغدا ئويناغانى راست ئىكەن. ئىستەپ بارغاندا ساندۇقتا ئىكەن. ھەلى چىقىرىپ قويۇپتۇر. قىزلارى بىلەن مۇھەببەت قىلىپ ئويناپ يۈرۈپتۇر.

پادىشاھ يەنە جەللادلارنى غەزەپ بىلەن چاھارباغقا بارىپ غېرىپنى تۇتقالى بۇيرۇدىلار.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى چەھارباغدىن ئىشىتمەك كېرەك. شۇ چاغدا باغبان ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆڭلى ئۆيىدى. ئول قۇرئەندازلىقتە تولا بىمەزىر ئىدى. كۆڭلىدە: «ئىشنى كاداڭدىن سوراڭ، ئاشنى باداڭدىن سوراڭ، دېگەن ئىكەن. غېرىپ ئۈچۈن بىر قۇرئە سالىپ باقاي» دەپ كىتابىنى قولىغا ئالىپ كۆردىكىم، غېرىپتىن مۇنەججىملەر خەبەر بېرىپتۇر. غېرىپنى تۇتقالى جەللادلار كېلىپتۇر. موماي «غېرىپ تۇتۇلسا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىر ئىش قىلىپ غېرىپنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرماق زەرۇردۇر» دەپ دەرھال شاھ سەنەم قاشىدىن غېرىپنى قىچقارىپ چىقتى. باغنىڭ ئىچىدە بىر كۆل بار ئىدى، ئول كۆلنىڭ تېگىدە ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭغە سۇ باشلىسا ئۆيگە ھېچقانداق زەرەر بولمايتتى. باغبان غېرىپنى شۇ ئۆيگە سولاپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ بولۇپ، تۆپىدەكى كۆلگە لىق توشقازىپ سۇ باشلادى. بۇ كۆل تېگىدەكى ئۆينى باغباندىن بۆلەك ھېچ كىشى بىلمەس ئېردى. غېرىپ بۇ ئۆيدە بەھۇزۇر ياتتىلار. ئاندىن پادىشاھنىڭ جەللادلەرى باغ ئىچىدە غېرىپنى ئىزدەپ چەھار باغنى ئاختاردى. ھېچ يەردىن غېرىپنىڭ نىشانىنى ئالالماي جەللادلار يانىپ پادىشاھنىڭ قاشىغە كېلىپ دېدىلەركىم:
— ئەي پادىشاھىم، چەھارباغنى ئىزلەپ قىزىۋەتتۇق. غېرىپ ياكى ئۆزگە بىرەر ئەر كىشىنىڭ دېرەكىنى ئالالمادۇق. ئۆزلەرىگە ئېھتىمال شاھ سەنەم توغراسىدە يالغان، بوھتان سۆز مەلۇم بولۇپتۇر.

پادىشاھ دەرغەزەب بولۇپ:
— مېنىڭ دۇنيالىقتا بىرگىنە قىزىم

بولسا، بۇ قىزىم ھەنۇز تېخى بەلاغەتكە يەتمىگەن بولسا، تالاغا چىقارماسام، مۇنداق بوھتان قىلۇرمۇ، — دەپ، ھېلىقى سۆچۈك دېگەن كەنىزەكنى، قۇرئەنداز مۇنەججىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈردىلەر. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، دۈشمەنلەردىن خەلاس بولۇپدۇرمىز، دەپ سەنەمجان باغبانغا ئەدەدسىز خەزىنە ئىنئام قىلدى. «پىنھانلىق بىلەن دۈشمەنلەردىن خەلاس بولۇپدۇرمىز» دەپ خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرىلەرنى قىلدى. ئاندىن سەنەمجان ئاقچىغا قاراپ:

— ئەي ئاقچى، غېرىپنى بۇ كۆلدىن چىقارىپ ئالدۇرۇپ كەلسىڭىز ئەمدى تىنچلىق بولدى. ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سوراپ باقاي، — دەپ ئاقچى ئاناگە باقىپ دەردى سوز بىلەن نىمە دەيدۇ قېنى:

ئاقچى بۇ كۈن تەندىن جانىم
چىقماستە غېرىپجاننى كەلتۈر.
كۆڭلۈم خۇشى، جان ئارامىم،
ئول بەختى خەنداننى كەلتۈر.

مىسىر ئېلىندە يۈسۈف كەنئان،
راھەت بېرىپ، مېھنەت ئالغان.
جەفا تىغى پارە قىلغان،
باغرى بىريان قاننى كەلتۈر.

سوراي خەستە دىل ھالىنى،
قىلاي نەسىھەت سۆزىنى.
تويغۇنچە كۆرەي يۈزىنى،
بارغىل، غېرىپجاننى كەلتۈر.

ھەقىقە يەتتى ئۇرغان ئاھىم،
كەلتۈر ماڭا، كۆڭۈل شادىم.
بەدتەر بولدى مېنىڭ ھالىم،
جانغا جانانىمنى كەلتۈر.

شاھ سەنەم دەر: قارا بەختىم،
كەلتۈر مېنىڭ تاجۇ تەختىم.
ساڭا بېرەي نېمە نەقدىم،
بارغىل، غېرىپجاننى كەلتۈر.

ئاقچى ئانىكاسى بۇ سۆزنى ئىشىدتىپ شاھ سەنەمگە رەھمى كېلىپ، بارىپ غېرىپنى كۆل ئاستىدىكى مېھمانخانەدىن چىقارىپ ئالىپ كەلدى. ئول ۋەقتىدە سەنەم غېرىپ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سورادى، ئاندىن باغبان موماينىڭ ئالدىغا توققۇز دانە گەۋھەر ۋە توققۇز بوغچا ئىگىننىنى قويدى. باغبان موماي ناھايىتى خۇشال بولۇپ توققۇز تەئزىم قىلدى. ئاندىن سەنەم غېرىپنىڭ بويىنىغا قول سالىپ بۇرۇن ئۆتكەن ئاشىقلارنىڭ ئۆز يارى يولىدا تارتقان مېھنەت-مۇشەققەتلەرنى بىر-بىر بەيان قىلىپ نەچچە ۋاقىئەلەرنى تەمسىل كەلتۈرۈپ، غېرىپقا كۆپ ئۆزرىلەر ئايتىپ قايسى سۆزنى ئايتتى قېنى:

ئاشىق بولۇپ جەبرى مېھنەت چەكمەسە،
ئانىڭ ئاشىقلىقىنىڭ ئېئتىبارى ئولماس.
كۆيۈپ يانىپ خۇنابەلەر يۇتماسە،
ئانىڭ ئاشىقلىقىنىڭ ئېئتىبارى ئولماس.

سەن تەكەببۇر- تەمەننالار قىلماغىل،
ئەقىل تۇخمىن ھەر تەرەفكە ساچماغىل.
سەبىر قىلغىل ھەرگىز قايغۇ قىلماغىل،
ناشاد ئولما، خۇشۋەقت يۈر، زىيان ئولماس.

uyghurkitap.com

جۇدا بولدۇم مەن ھەم قايغۇ ـ ھەسرەتدە،
بىر نەچچە ئاشىقلار يەتتى مەقسەدكە.
كۆتەرگىل باشىڭنى بولغىل سۆھبەتتە،
گۈلنى كۆرگىل ھەرگىز خارۇ زار ئولماس.

ئىبراھىمدەك ئۆزىنى نارغە سالماسا،
ئاشىق ئەمەس ھەمزەدەك باشىنى بەرمەسە.
يەئقۇپ كەبى ئىككى كۆزىن ئويماسە،
مۇنداغ ئاشىقلارنىڭ ئىئتىبارى ئولماس.

يۇسۇف كەبى چاھ ئىچىدە قالماسا،
زىلەيخادەك زارۇ گىريان بولماسا،
يۇنۇس كەبى بالىق قارنىدە ياتماسا،
ئانىڭ ئاشىقلىقىنىڭ ئىئتىبارى ئولماس.

جەرجەس كەبى ئۆزىنى پارە ئورماسە،
پەرۋانەدەك ئۆزىنى ئوتقا ئورماسە،
مەنسۇر كەبى «ئەنەلھەق» دەپ ئۆلمەسە،
ئانىڭ ئاشىقلىقىنىڭ ئىئتىبارى ئولماس.

سەنەم ئايتور: بولدۇم قايغۇ ھىجرانە،
ئاشىقلارنىڭ دەردىگە يوقتۇر دەرمانە،
بىر كۈن كېلۇر ئەجەل، تولۇپ پەيمانە،
بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋەفادار ئولماس.

سەنەم غېرىپجاننىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تەسەللى خاتىرە بېرىپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. بەش-ئالتە كۈن خوپ ياخشى ئەيش-ئىشرەتلەر بىلەن ئويناپ كۈن ئۆتكۈزدىلەر.

پادىشاھ ئەبباسخان كۆڭلىدە پىكىر قىلىپ ئايتۇر ئىدىكى: «مۇبادا غېرىپ راستىنلا باغقە كەلگەن بولسا مېنى خەلق ئاراسىندا بىر مەلامەتكە قويماسۇن» دەپ. كۈنلەردىن بىر كۈن يەنە بىر غەمماز سۇخەنچىن دۇشمەن پادىشاھقە مەئلۇم قىلدىكى: «سەنەم غېرىپ بىلەن چەھار باغدا مەجلىس تۈزۈپ ئويناپدۇر» دەپ. پادىشاھ ئاببباسخان غەزەپكە تولۇپ ئابدۇللا شاتىرنى قىرىق جاللاد بىلەن شاھ سەنەم بىلەن غېرىپنى تۇتماقىقا ئىبەرتتىلەر. بۇلار تېزدىن چەھار باغقە رەۋان بولدى. سەنەم بىلەن غېرىپ بىخەبەر ئىدى. بۇلار چاھار باغقە كېلىپ باقسا، غېرىپ بىلەن سەنەم راستلا تەخت ئۈستىدە ئەيش-ئىشرەت قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر. ئابدۇللا شاتىرى بۇلارنىڭ ئىشلارىنى كۆرۈپ «پادىشاھ ئول كۈن سۆچۈك دېگەن قىز بىلەن قۇرئەندازلارنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلماي ئۆلتۈرۈپ ئىبەردى. ئۇلارنىڭ سۆزى ھەق ۋە راست ئىكەن. بۇلارنى ئەمدى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ قاشىغە ئالىپ بارىپ شەرمەندە شەرمەسار قىلاي» دەپ غېرىپ بىلەن سەنەمنى تۇتماقغە قەست قىلدىلار. سەنەم ئابدۇللا شاتىرىغا قاراپ:

— سىزگە يەتتە سەر ئالتۇن بېرەي، مېنىڭ سىرىمنى پاش قىلماڭ، — دەپ خۇدايىتەئالانى ئاراغە سالىپ يالبارىپ ئەرز ئەھۋالىنى ئابدۇللا شاتىرغە ئايتىپ ئىدى، ئابدۇللا شاتىرى شاھ سەنەمنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلدى: شاھ سەنەمگە رەھىمى كېلىپ يەتتە سەر ئالتۇننى ئالىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغە يېتىپ كەلدى. «ئۇلارنىڭ ھېچ ئىشلارى يوق ئىكەن» دەپ تىنچلىق خەبەرىنى بەردىلەر. ئابدۇللا شاتىرىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ پادىشاھنىڭ كۆڭۈللەرى خاتىرجەم بولدى. ئول ۋەقتىدە شاھ سەنەم قۇتۇلۇپ غېرىپقا باقىپ ئايتتىكىم:

— ئەي غېرىپ، ئەمدى ئىش يامان



بولدى، ئۆز ۋەقتىدە ئۆزۈگىنى جايلا. دۈشمەنلەر بىزلەرنى تۇتماي قويماس، — دېدىلەر. شاھ غېرىپ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭۈللەرى بۇزۇلۇپ:

— ئەي سەنەم جان، مېنى پارە-پارە قىلغانىڭ بىلەنمۇ كەتمەسمەن، — دەپ سەنەمگە باقىپ قېبىداپ تۇرۇپ ئىدى. ئابدۇللا شاتىرى يەنە كېلىپ:

— ئەي سەنەم، سىزلەرنى پادىشاھقە غەممازلەر چاققان ئىكەن، مېنىڭ سۆزۈمگىمۇ پەرۋا قىلمادى، سىزلەرنى پادىشاھ قاشىغە ئالىپ بارماغۇنچە ھېچ ئىلاجى يوققە ئوخشايدۇر، قاچان ئاپارسامۇ سىزلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى پادىشاھدىن تىلەپ ئالاي، — دەپ ئىدى. شاھ سەنەم ئابدۇللا شاتىرىغە قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ماڭا تۈشگەن تەئنە سۆز ساڭا ھەم تۈشەر،
تۇتماغىل سەن يارىمنى ئەللاھ ھەققىدە.
تۇتۇپ ئالساڭ يارىمنى ئەقلى ھەم شاشار،
تۇتماغىل سەن يارىمنى ئەللاھ ھەققىدە.

ئاتام ئىبەرمىش سېنى مۇندا فەرمانغە،
نە ئىشىڭ بار سېنىڭ ياخشى-يامانغە.
قۇلاق سالغىل بۇ كۈن سىرى پىنهانە،
تۇتماغىل سەن يارىمنى ئەللاھ ھەققىدە.

زەھەر-زەقۇم مىڭ زارە مېنىڭ دىلىمدە،
ھەرنە قىلساڭ ئىختىيار سېنىڭ قولۇڭدە.
جاللادلارىڭ باردۇر ساغۇ سولۇندە،
تۇتماغىل سەن يارىمنى ئەللاھ ھەققىدە.

بىزنى ئالىپ بارساڭ ئاتام يانىغە،
زامىن بولۇرسەن ئىككىمىزنىڭ قانىغە،
سەن قالۇرسەن مەلامەتنىڭ بارىغە،
تۇتماغىل سەن يارىمنى ئەللاھ ھەققىدە

uyghurkitap.com

شاھ سەنەم دەر، بىھرەي دۇنيا زەررىننى،
تۆكەي خەزىنەمدىكى بارۇ يوقۇمنى،
پىنھان ئەتكىل ئاشىقلارنىڭ سىرىنى،
تىلەيمەن ئۇنى سەندىن ئەللاھ ھەققىدە.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئابدۇللا شاتىرىنىڭ شاھ سەنەمگە رەھىمى كېلىپ، ئىچى ئاغرىپ پادىشاھقا دېمەس بولدى، شاھ سەنەم ئابدۇللا شاتىرىغا قىرىق سەر ئالتۇن بەردى، ئابدۇللا شاتىرى ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ئۇ جەللادلار بىلەن ئورداغا يانىپ مەلۇم قىلدىكى:

— ئەي پادىشاھىم، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە يالغان ئىكەن، شاھ سەنەمگە بوھتان قىلىپتۇر.

پادىشاھ ئابباسخان دەرغەزەپ بولۇپ ئول چىقىمچىنى ئۆلتۈردىلەر.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەمدىن سۆز ئاڭلايلى. شاھ سەنەم غېرىپقا ئايتتىكىم:

— ئەي غېرىپ، سەن ھەلەق شىرۋانغە بارىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسەڭ بولۇرمىكىن، يەنە بىر دۇشمەن كېلىپ بىزلەرنى چاقىپ، مەسخىرە قىلسا ياخشى ئەمەس، — دەپ غېرىپقا قاراپ تۇرۇپ نىمە دەپتۇرلەر:

يارىم غېرىپ قىل غەمىڭنى،
دۇشمەنلەر چاقماستىن بۇرۇن.
يەنە بىر كۈن ئاتام ئاڭلاپ،
پەرمان قىلماستىن بۇرۇن.

پەرمان قىلسا جەللاد كېلۇر،
تۆرت تەرەپتىن قورشاپ ئالۇر،
بىزگە قارا كۈنلەر سالۇر،
قاچقىل تۇتماستىن بۇرۇن.

قۇتۇلۇپ مۇندىن قاچىپ،
كۆزلۈك يۇمۇپ، مەندىن كېچىپ.
بىر ئەژدارھا ئاغزىن ئاچىپ،
دەم ئەيلەمەستىن بۇرۇن.

ھەققە يەتكەي بۇ فەريادىڭ،
يۈز كەلتۈرۈر كۆڭۈل شادىڭ،
ئەرمان بىلەن بىر سەييادىڭ،
دامىغا چۈشمەستىن بۇرۇن.

شاھ سەنەم دەر: ھىجران غەمى،
تۆرت تەرەفتىن ئىستەر مېنى،
باشىمدىكى ئۆمرۈك گۈلى،
خەزان بولماستىن بۇرۇن.

ئەلقىسسە، غېرىپ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي سەنەم! ماڭا مۇنچە تەئنە سۆزلەرنى قىلارسەن، كۆڭلۈمدە ھەرقانداق خەيالىڭ بولسا ئايتقىن، — دېدى.

سەنەم ھېچ جاۋاب بەرمەدى.

غېرىپ:

— ئەي سەنەم، ئاتاڭ مېنى ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرسۇن! سېنىڭ يولۇڭدا ھېلىغۇ بىر جېنىم بار، ئەگەر يۈزمىڭ جېنىم بولسىمۇ قۇربان قىلاتتىم. ئاتاڭ ئابباسخاننىڭ قىلىچىدا شېھىت بولماغۇنچە كۆڭلۈم ئارام تاپماس. مۇقەددەم ئۆتكەن ئاشىقلارمۇ يار يولىدا جان پىدا قىلماغۇنچە ئارام ئالماغان ئىكەن، — دەپ شاھ سەنەمگە قاراپ بۇ بەيتلەرنى ئوقۇدى:

ماڭا كەتمەك ياخشى ئېرمەس،
ئاتاڭ تۇتۇپ ئالماغۇنچە.
خەلىل كەبى مەنجەنەقتە،
ھەجر ئوتىغە سالماغۇنچە.

باش قويۇپ ئاتاڭ دارىغە،
جان باغلاپ زۇلغۇڭ تارىغە.
قۇچقاردەك قۇربان يارىغە،
جاننى قۇربان قىلماغۇنچە.

جانىم باردۇر شىرىن تەندە،
مەن بولۇپمەن ساڭا بەندە.
جىنازەمنى كۆتەرگەندە،
گورغە ئىلتىپ قويماغۇنچە.

سەن يىغلارسەن كۇلاھ كىيىپ،
خال ئۇستىگە خاللار كىيىپ.
قەقنۇس كەبى ئوتتا كۆيۈپ،
پەيمانىمىز تولماغۇنچە.

غېرىپ ئايتۇر: ئاخىر مەقسەد،
بۇ ئەجەلگە يوقتۇر فۇرسەت.
غەنىمەتتۇر ئۇشبۇ سۇھبەت،
كېتەرىم يوق ئۆلمەگۈنچە.

سەنەم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىتاقەت بولۇپ غېرىپنىڭ بويىنىغە قول سالىپ ئايتتىكىم:

— ئەي مېھرىبان غېرىپىم، مېنىڭ سەندىن بىر سائەت ئايرىلىشقا تاقەتىم يوقتۇر. سەندىن ئايرىلغۇنچە جانىمدىن ئايرىلغانىم ياخشىدۇر. مېنىڭمۇ بىر جانىم بار. ئەگەر يۈزمىڭ جانىم بولسا سېنىڭ يولۇڭدا پىدا قىلدىم. ۋە لېكىن بەش-ئون كۈن دۇشمەنلەرنىڭ غەۋغاسى پەسەيگۈنچە ھەلەق شىرۋاندا تۇرۇپ كەلسەڭىز ياخشى بولۇرمىكىن، ئەگەر ئىبەرمەي دېسەم ئاتامنىڭ قەھرى غەزەبىدىن قورقارمەن. مۇبادا بىرەر دۇشمەن كىرىپ ئاتامغە سېنىڭ چەھار باغدا بارلىقىڭنى دېسە، ئاتام ساڭا ۋە ماڭا ئەتىلا رەھم قىلماي ئۆلتۈرەدۇر، — دەپ تولا يىغلادى.

غېرىپ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي سەنەمجان، ئەمدى ھەلەق شىرۋانغە كەتسەم، يەنە قايتىپ سېنىڭ قاشىڭغە كەلمەسمەن. سەن مەندىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن، — دەپ، غېرىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

مەن كېتەرمەن بۈگۈن ئانام قاشىغە،
سەنەم دوستۇم، يەنە قايتىپ كەلمەسمەن.
كۆپ سەۋدالەر تۈشتى غېرىپ باشىغە،
ئىشقىڭ بىلەن كېتەرمەن، ھەرگىز كەلمەسمەن.

ئەجەل ياستۇقىنى قويساڭ باشىڭغە،
ئۆلسەڭمۇ، ئەي سەنەم، ھەرگىز كەلمەسمەن.
مەرد يىگىتنىڭ يانماقى يوقتۇر شەھرىڭگە،
قايتىپ يەنەسەنەمجان ھەرگىز كەلمەسمەن.

بىر دەيمىشلەر ئاشىقلارنىڭ يولىنى،
سەن سولدۇردۇڭ مۇھەببەتنىڭ گۈلىنى.
سەندىن ئۆزگە كىشىلەرنىڭ قولىنى،
تۇتارمەن ئەي سەنەم، ھەرگىز كەلمەسمەن.

يىراق يۇرتقە باشىم ئالىپ كېتەرمەن،
بىلەلمەدىم مۇرادىم قاچان يېتەرمەن.
ئۆزگەلەرنىڭ ئىلىكلەرىن تۇتارمەن،
قايتىپ كەتسەم، ئەي سەنەم، ھەرگىز كەلمەسمەن.

سېنى دەبان كەچتىم مۇشفىق ئانادىن،
ئەرمان بىلەن ئۆتەر بولدۇم دۇنيادىن.

ۋىسالىڭنى ئىزدەرمەن قادىر خۇدادىن،
ئۆلەرمەن، ئەي سەنەمجان، ھەرگىز
كەلمەسمەن.

غېرىپ ئايتۇر: ئەمدى بۇزدۇڭ شانىمنى،
ئوتقا سالدىڭ گەۋھەر ھەجرى كانىمنى.
رەسۋا قىلدىڭ مېنىڭ شىرىن جانىمنى،
كەتكەنىم كەتكەندۇر، ھەرگىزكەلمەسمەن.

دەپ بىر ئاھ ئۇردى. غېرىپنىڭ ئاغزىدىن ئۈيدەك ئوت شۇئۇلە ئۇرۇپ ئانداققىنە كېلىپ، چاھار باغنىڭ دەرۋازەسىغە تېگىپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. ئاندىن غېرىپ ئايتتىلەركىم:

— ئەي سەنەم، سەن مەندىن بەك زېرىكىپ قالغان چېغىڭ بار. زېرىكىپ قالغان بولساڭ، چەھار باغىڭ ئۆزۈڭگە قالسۇن. مېنى ئەمدى بۇنىدىن كېيىن ئىزدەپ تاپالمايسەن.

غېرىپ يامانلاپ، چەھار باغدىن چىقىپ، ھېچكىمگە قاراماي يولغا رەۋان بولدى. شاھ سەنەم غېرىپنىڭ دەردۇ فىراقىدا ۋە ئاتەش ئىشتىياقىدا زار زار يىغلاپ ئارقاسىدىن قاراپ داغى ھەسرەتتە قالدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى سەنەمجان ئاقچى ئاناغا قاراپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ.

— ئەي ئاقچى ئانا، مېنىڭ غېرىپ يارىمنى تېپىپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز نە بولار؟ — دەپ زار-زار يىغلاغالى تۇردى ۋە «چىرلاپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز» دەپ سەنەم ئاقچىغا يالبارىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

پىدايىڭ بولاي كۆلنىھال ئايىم،
ھەلەڭ شىرۋانغە بارساڭ نە بولغاي.
قىرىق كۈن بولدى كەتتى ھەلەڭ شىرۋانغا،
غېرىپجاننىڭ ھالىنى سورىساڭدە بولغاي.

سەندىن بۆلەك يوقتۇر مېنىڭ سىرداشىم،
مېنىڭ ئەمدى ئادا بولماس بۇ داغىم.
قارا زاغلار قونار بولدى بۇ باغىم،
باغ خىرمەننى بەرسەڭ نە بولغاي.

مەن ئولتۇراي تاكى مۇندا سارغارىپ،
سەن تاپماساڭ ئۆزۈم ئىستەي ئاختارىپ،
سەندىن ئۆزگە خالايىقىا يالبارىپ،
ئاياغىڭغا باشىم قويسام نە بولغاي.

شاھ سەنەم دەر: ئۆلەر ۋەقتىم يېقىندۇر،
ئەمدى يارخەيالىغە كۆڭلۈم تۇشۇپدۇر،
كۆيگەن يارىم كۆزۈمدىن ئەمدى ئۇچۇپتۇر،
غېرىپنى كەلتۈرۈپ بەرسەڭ نە بولغاي.

ئەلقىسسە، غېرىپ شۇ يۈرگەنلەرىچە نەچچە مەنزىل مەراھىللەرنى تەي قىلىپ، بادىيەلەرنى قەتئ ئەيلەپ دەمەشىق دېگەن شەھەرنىڭ چېتىگە يېتىپ باردى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بىر مۇنچە لەشكەر بىلەن شىكارغا چىقىپ ئەردى. غېرىپ پادىشاھنى يىراقتىن كۆرۈپ ئالدىغە بارىپ تەئزىم بىلەن سالام قىلدىلەر. پادىشاھ جاۋاب سالام بېرىپ غېرىپقا ئېيتتىكىم:

— ئەي ئوغلۇم، سىز پادىشاھزادە ئەۋلادىدىن بولغاندەك قىلىسىز. سىزنىڭ پېشانىڭىزدىن ئىشق-مۇھەببەت زاھىر

بولۇپ تۇرىدۇ. قايسى باغنىڭ گۈلى ۋە
قايسى چەمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى
ۋىلايەتتىن كەلدىڭىز ۋە قايسى تەرەپكە
بارۇرسىز؟ — دەپ سورىدى ۋە ئاتتىن
چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن
دەستۇرخان ھازىرلاتتى.

تەئامدىن كېيىن پادىشاھنىڭ غېرىپ-
تىن سوئال سورىغانى، غېرىپ باشىدىن
ئۆتكەن دەرد-ئەلەمىنى بىر-بىرلەپ
تەئرىبلەپ بەيان قىلغانى:

شاھ:
خوش كېلىپسەن باشىم ئۈززە ئەزىزىم،
سۆزلە، جانىم، سۆزلەگىل، قايدىن كېلۇرسەن؟
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي ساھىب تەمىزىم،
سۆزلە، جانىم، سۆزلەگىل، قايدىن كېلۇرسەن؟

غېرىپ:
ئەي سۇلتانىم، دىيارى بەكرى شەھرىدىن،
شەھرىڭىزگە غايىبانە كېلۇرمەن.
سەنەم بىرلە جۇدالىقنىڭ دەردىدىن،
ھەجر ئوتىغە يانە-يانە كېلۇرمەن.

شاھ:
بارمۇ سېنىڭ ئاتا-ئانا يولداشىڭ،
داد ئايتۇرغە يوقمۇ سېنىڭ سىرداشىڭ.
قايدا قالدى سېنىڭ قەۋم-قارىنداشىڭ،
سۆزلە، جانىم، سۆزلەگىل، قايدىن
كېلۇرسەن؟

غېرىپ:
مەن نەيلەيىن ئاشنا يارىم يات بولدى،
بىر سۆزبىرلە ياندىم باغرىم، ئوت بولدى،
كېچە-كۈندۈز ئىشىم ئاھۇ زار بولدى،
يانىپ يانە سەيلانە-سەيلانە كېلۇرمەن.

شاھ:
نە سەۋدالەر چۈشتى سېنىڭ باشىڭغە،
پەلەك تىترەر كۆزدىن ئاققان ياشىڭغە،
رازىدۇرمەن ھەرنە قىلغان ئىشىڭغە،
سۆزلە، جانىم، سۆزلەگىل قايدىن
كېلۇرسەن؟

غېرىپ:
سەنەمجانىم ماڭا قاراپ كۈلەردى،
مەنمۇ كۈلسەم ئۇ قاشىمغە كېلەردى،
ئاتاسىدىن قورقۇپ مېنى قوغلادى،
مەجنۇن كەبى سەرگەردانە كېلۇرمەن.

شاھ:
نە سەبەپدىن باش ئالىپ چىقتىڭ بۇ يەنە،
كىملەرنىڭ ئىشقىدا بولدۇڭ ۋەيرانە،
قايسى نامەرد قىلدى سېنى غەمخانە،
سۆزلە، جانىم، سۆزلەگىل قايدىن
كېلۇرسەن؟

غېرىپ:
غېرىپ دەرلەر: بىلگىل مېنىڭ ئاتىمنى،
قۇلاق سېلىپ ئىشىتكىل مېنىڭ دادىمنى،
سەنەم بىلەن جۇدا بولغان دەردىمنى،
پەرۋانەدەك يانە-يانە كېلۇرمەن.

شاھ:
نەچچەند يىراق ئۇزاق يولدىن كېلىپسەن،
ئۆز ھالىڭدىن ماڭا خەبەر بەرگەيسەن،
بۇ يەرلەردە ھەيرانلەر بولۇرسەن،
بۇ يەرلەرگە نەدىن يىغلاپ كېلۇرسەن؟

غېرىپ:
مەنزىلىمدىن قىرىق كۈندە كېلىپمەن،
شاھ سەنەمنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرۈرمەن.

دىلبەرىمنىڭ دەردىدە خەزان بولۇپمەن،
بۇ شەھەرگە ھىجرانلىقتىن كېلىپمەن.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن پادىشاھ غېرىپتىن نىھايەتى خۇرسەند بولۇپ، چەكسىز ئىززەت - ئىكرام بىلەن غېرىپنى ئۆز شەھىرىگە ئالىپ ياندىلار ۋە غېرىپنى ئوبدان مېھمانخانا تەييار قىلدۇرۇپ، پادىشاھانە بىساتلارنى سالىپ ئورۇنلاشتۇردى. غېرىپ ئۇ يەردە راھەت - پاراغەت بىلەن ياتتىلار. پادىشاھ غېرىپ ئۈچۈن ياخشى سازەندەلەرنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، سازەندىلىك قىلدۇرۇپ بەردىلەر. نەچچە كۈن شۇ يوسۇندا مېھرىبانلىق قىلىپ غېرىپنى ياخشى كۈتتىلەر. خۇدائى تەئالا غېرىپنىڭ ئىشق - مۇھەببەتىنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە سالدىلار.

سەنەمنىڭ غېرىپتىن بىر سائەت ئايرىلىشقا تاقەتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قىرىق كۈن ئۆتتى. ئەمدى سەنەمجاندىن بىر سۆز ئىشىتمەك كېرەك.

شاھ سەنەم غېرىپنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانغا ھەسرەت - نەدامەتلەر قىلىپ، غېرىپنىڭ ئىشق - پىراقىدا بىر ئاتقا مىنىپ شاھ غېرىپنى ئىزدەپ چاھارباغدىن چىقتى. يەتتە كۈن يول يۈرۈپ ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە يەتتىلەر. شاھ سەنەم ئاتنى بىر جايغا قويۇپ شەھەرگە كىرىپ غېرىپنى ئىزدەپ يۈرۈر ئېردى. كۈن كېچە بولدى؛ مىرشەپلەر شاھ سەنەمنى تۇتۇپ ئاپاۋىپ زىندانغا سالدىلەر. ئەرتىسى ھەلەب شىرۋاننىڭ پادىشاھى زىندان ياقاسىغا چىقىپ زىندانغا نەزەر سالدىلار. كۆزدىكىم، مىسلى ئافتابىدەك بىر قىز زىندانغا تۈشۈرۈپدۇر. پادىشاھ مۇنى كۆرۈپ مىرشەپ جەللادلارغا:

— بىر قىز زىندانغا تۈشۈپدۇر، نىچۈكدىن تۈشتى؟ — دېدىلەر.

مىرشەپلەر:

— ئەي پادىشاھ، بىزلەر شەھەرنىڭ كوچالىرىنى چارلاپ يۈرسەك ئۇچراپ ئىدىلەر، تۇتۇپ ئالىپ زىندانغا سالىپ ئىدۇك، — دېدىلەر. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— بۇ قىزنى زىنداندىن چىقارىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدىلەر. سەنەمنى زىنداندىن چىقاردىلەر. پادىشاھ سەنەمنى ئالدىغا چىرلاپ ھال - ئەھۋال سورادىلار. شاھ سەنەم باشىغە كەلگەن ۋاقىئە سەرگۈزەشتلەرنى بەيان قىلدىلار. پادىشاھنىڭ سەنەمگە رەھمى كېلىپ بىسيار ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ بىرمۇنچە مال - مۈلۈك بېرىپ ئۆز يۇرتىغە ياندۇردىلار.

كۈندىن - كۈنگە شاھ غېرىپنىڭ ئىشقى مۇھەببەتىدە شاھ سەنەمنىڭ كەيفى زىيادە بولدىلار. بارغانسارى بىتاقەت بولۇپ ئاش - غىزادىن قالۇر بولدى. ناگاھ بىر كۈن ئاقچى ئىنىكئاناغە:

— ئانا، ماڭا رەھمىڭ كەلمەمدۇ؟ مېنىڭ ئۈچۈن غېرىپنى ئىزدەپ تاپساڭچۇ؟ — دەپ زار - زار يىغلادى.

ئاقچى مومايىنىڭ سەنەمگە رەھمى كېلىپ سودىگەر سۈرەتىدە بولۇپ، ئەرەنچە لىباسلارنى كىيىپ، ئاتىغە سەۋرە بولۇپ يولغە رەۋان بولدىلار. شول يۇرگەنلەرىچە نەچچە مەنزىل مەراھىللارنى تەي قىلىپ، بادىيەلەرنى قەتئى ئەيلەپ ھەلەب شىرۋان شەھىرىگە يەتتى. نەچچە كۈنلەرگىچە غېرىپنىڭ خەبەرىنى ئالالماي ئۇل شەھەردىن چىقىپ يول يۈرۈپ يەنە

ئۈچ كىچە - كۈندۈزدە دەمەشق شەھرىگە
يىتىپ كەلدىلەر. شەھەرگە كىرىپ غېرىپ-
نى ئىزدەپ يۈرۈر ئېردى، پادىشاھنىڭ
ئوردا سى تەرەفتىن غېرىپ توپچاق ئاتقا
مىنىپ چىقىپ كېلەدۇر. غېرىپنى بۇ
دەبدەبە، ئەسئەسلەر بىلەن كۆرۈپ ئاقچى
موماي ھەسرەت بارماقلارىنى تىشلەپ
غېرىپقە سالام قىلدىلار. غېرىپ ئاقچى
ئانانى تونۇپ مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ
كىردى. ئاقچى ئانانى مېھمان قىلدىلار.
تائامدىن فارىغ بولۇپ ئاقچى ئانا غېرىپ-
تىن ئەھۋال سورادىلار. شاھ غېرىپ
ئاقچىغا قاراپ ھال - ئەھۋال بەيان
قىلىپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى. نېمە دەيدۇ
قېنى بىزلەر ئىشتەيلى:

ئاقچى:

باشىڭدىن ئۆرگۈلەي گۈل يۈزلۈك غوجام،
نە سەبەبتىن يۈردۈڭ مۇنداغ يەرلەردە.
سەنەمجانىنىڭ ئەھۋالىدىن ھالىدىن،
سۆزلەي ساڭا مەن شىرىن تىللاردە.

سىنىڭ ئۈچۈن دىيارى بەكرى شەھرىدىن،
سالام ئالىپ كەلدىم ئۇزاق يوللارى.
شاھ سەنەم يىغلايدۇ سىنىڭ دەردىڭدىن،
كۆزدە ياشى قۇرىماس ھەرگىز تۈنلەرى.

غېرىپ:

ئەمدى ھەرگىز بارماسمەن دىيارى بەكرىگە،
يارىم سالدى مېنى تۈگىمەس دەردىگە.
ئول مېنى قويماسا يالغۇز بۇ يەرگە،
باشىم ئالىپ كېتەرمەن ئەلدىن ئەللەرگە.

ئاقچى:

نېگە مۇنداغ سۆزلەرنى دەرسەن،
بىرگىنە سۆز بىلەن جانىم ئالۇرسەن.
سەن كېتىپ باغىڭ قالدى ئىگەسىز،
باغۋەن بولۇپ گۈللارىڭنى سۇغار سەن.

غېرىپ:

كۆكۈل قۇشى پەرۋاز قىلىپ ئۇچماسۇن،
ئاشىق بولغان ئۆز يارىدىن كەچمەسۇن.
سەنەمنىڭ يۈزىگە يۈزۈم قوشماسۇن،
باشىم ئالىپ كەتسەم ئەلدىن - ئەللەرگە.

ئەمدى ماڭا مەنزىل بولماس مەكانە،
ئاتەش كەبى ئوتلار سالدىڭ بۇ جانە.
قىزىلگۈلگە ئاشىق بولغان بۇلبۇلدەك،
دۇنيادىن ئۆتەرمەن ئەمدى مەستانە.

ئاقچى:

ئەي غېرىپجان، مېنىڭ بىلەن كەتمەسەڭ،
بىر بىچارە مۇرادىغە يەتمەسەڭ.
مېنىڭ دېگەن سۆزۈمنى قەبۇل ئەتمەسەڭ،
مەن كېتەرمەن بۆلەك يۇرتلارغا دىلبەرىم.

غېرىپ:

ئايرىلىپمەن دىيارى بەكرى شەھرىدىن،
ھەجر ئوتىدا ھەيران بولۇپ يۈرۈرمەن.
سەنەم بىلەن جۇدالىقنىڭ دەردىدىن،
زارى يىغلاپ ھەيران بولۇپ يۈرۈرمەن.

سەنەمجانىم ئول كۈن مېنى قوغلادى،
مەن خەستەنى ھەجر ئوتىغە داغلادى.
شاھى ئەبباس ئۆلتۈرمەككە چاغلادى،
مەجنۇن كەبى سەرگەردانە يۈرۈرمەن.

نە قىلارمەن جۈملە ئالەم خەلقىنى،
يارىم بىلەن ئۆتكۈزەي يازۇ قىشىمنى.

گەر بارماسام كۆرمەسكەنمەن يارىمنى،
سىنىڭ ئۈچۈن يار ئالدىغا بارارمەن.

دەپ غىرىپ ئاقچى بىلەن كەتمەكچى بولۇپ، دەمەشق پادىشاھىنىڭ ئالدىغا رۇخسەت سورغالى كىرىپ ئەردى، پادىشاھ غىرىپكە بىر تاۋاق ئالتۇن بەردى.

ئەلقىسسە، ئاقچى بىلەن غىرىپ يولغا راۋان بولدى. ئاقچى ئانا «غىرىپ مەن شاھ سەنەمگە ئاشىق، دەپ تولا لاپ ئۇرادۇر. قېنى مەن بىر سىناپ باقاي» دەپ ھىيلەلەر ئىشلىتىپ، مەست تاۋۇستەك ياسىنىپ غىرىپنىڭ ئالدىغە كېلىپ بۇ بەيتنى ئوقىدى:

كۆپ جەفالەر تارتىپ كەلدۈك ئىكۆيلەن،
زەۋقى سەفا قىلادۇرغان جاي ئىكەن.
ئىككى ئاشىق بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ،
مۇرادىغا يېتەدۇرغان جاي ئىكەن.

بىز كېلۈرمىز بىر - بىرىسىگە ئوخشاشىپ،
ئوينىشايلى گۈلزارلىقتا ياتىشىپ،
ئۈستۈمدىكى تونلارىمنى بوشاتىپ،
قۇچاغلىشىپ ياتادۇرغان جاي ئىكەن.

مېنىڭ كۆڭلۈم پەرۋاز ئېتەر بۇ گۈلگە،
گۈل ئاچىلدى قىلغان چۈشتى بۇلبۇلگە.
ھەق يەتكۈزدى تۇرفە تاپىپ مەنزىلگە،
مۇراد ھاسىل قىلادۇرغان جاي ئىكەن.

مېنىڭ كۆڭلۈم پەرۋاز ئېتەر قوزغالىپ،
نامۇس قويۇپ، ساڭا ئەمدى سۆز قىلىپ.
بۇلبۇل بىلەن گۈلگە ئوخشاش چىرماشىپ،
مۇرادىغە يېتەدۇرغان جاي ئىكەن.

مېنىڭ ئىشقىم پەرۋاز ئېتەر قوزغالىپ،
نامۇسۇمنى تەرك ئېتىپ ساڭا يالبارىپ،
قىزىل گۈلدەك تال بويۇڭغا چىرماشىپ،
ئىشرەت ئېتىپ ياتادۇرغان جاي ئىكەن.

ئاقچى ئايتۇر: بىر - بىرىسىگە يانداشىپ،
قۇچاقلاشىپ مۇندا ياتىپ ئوينىشىپ،
باشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەشىپ،
پىنھان سۆزنى ئايتادۇرغان جاي ئىكەن.

ئەلقىسسە، ئاقچىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ غىرىپنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئايدىكى:

— ئەي موما، سەن ئۆز نەفسىڭ ئۈچۈن مېنى ئالىپ كەلگەن ئىكەنسەن. ئەگەر سىنىڭ خەيالىڭ بۇ ئىشتا بولسا ئەمدى سىنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ بارمايمەن، — دەپ ئارقاسىگە ياندى. ئاقچى قىلغان سۆزىگە ناھايىتى پۇشەيمانلار قىلىپ، غىرىپنى تۇتۇپ ئالىپ:

— ئەي غىرىپ، مەن سىنى ئازمايىش قىلماقچى ئىدىم. ئەمدى بىلدىم. ھەق ۋە راست شاھ سەنەمگە ئاشىق ئىكەنسەن. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ھەرگىز مەلۇل بولماغىل، — دەپ غىرىپنىڭ كۆڭلىنى ئالماق ئۈچۈن بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

كەل غىرىپجان يانغىل شۇبۇ فەيلىڭدىن،
زىنھار - زىنھار ماڭا ھەزدر ئەيلەمە.
مېنىڭ شۇبۇ ھەزل قىلغان سۆزۈمنى،
راستلىقتا سەن ئانى باۋەر ئەيلەمە.

سۇندۇرماغىل مۇھەببەتنىڭ گۈلىنى،
ئۆلتۈرمەگىل خىجالەتتە سەن مېنى.
تەۋبە قىلدىم ئەمدى قىلغان ئىشىمنى،
بۈگۈن ئەمدى بۇ سۆزنى باۋەر ئەيلەمە.

يالغان ئايتقان ئېردىم شۇبۇ سۆزۈمنى،
قارا قىلسۇن خۇدايىم مېنىڭ يۈزۈمنى،
مېنىڭكى ئوينىشقان ھەزىل سۆزۈمنى،
راستلىققا سەن ئانى باۋەر ئەيلەمە.

كەتمەگىل سەن توغرا يولّاردىن ئاشىپ،
ئاقچىنىڭ سۆزىدىن باشىڭ ئايلىنىپ.
مېنىڭكى بولماغان سۆزۈم ئىشىتىپ،
ئول سۆزۈمنى ھەرگىز باۋەر ئەيلەمە.

غېرىپ بىلەن ئاقچى نەچچە كۈن
يول يۈرۈپ سەنەمجاننىڭ باغىغە يەتتىلەر.
ئەلقىسسە، سەنەمجان بۇلارنىڭ
ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ زار-زار
يىغلادى. ئاقچى ئۇلارغا قاراپ نېمە
دەيدۇ قېنى:

فەرھاد بىلەن شىرىن ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.
لەيلى بىلەن مەجنۇن ئۆتتى دۇنيادىن،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.

ھەر كىمنىڭ ئىشقىنى قىلدى زىيادە،
يارۇ يار دەپ كېچە-كۈندۈز ئاۋارە.
يۇسۇف بىلەن زىلەيخا ئۆتتى دۇنيادە،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.

بىر تۈننىڭ ئىچىندە سۈرەتىن كۆرۈپ،
سەيفۇلمەلىك نەچچە يىل يار ئۈچۈن يۈرۈپ،
ئاخىر تاپتى جانىدىن ئۈمىدىن ئۈزۈپ،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.

بىر نەچچە ئاشىقلار يار ئۈچۈن ئۆلدى،
بىر نەچچەلەر دۇنيادا مۇرادىن تاپتى.

ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئەتا قىلدى،
ئۇلاردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.

سىزلەر غېرىپ بىلەن سەنەم بولارسىز،
بۇ دۇنيادىن ئات كۆتۈرۈپ ئۆتەرسىز.
ئاراڭلاردا مەن گۈلنىھال تەلەيسىز،
سىزلەردىن ئات قالدى، مەندىن قالمادى.

ئەلقىسسە، غېرىپ ئاقچى ئانىمىزغا
قاراپ ئاقچى ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنى خۇش
قىلماق ئۈچۈن بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

ئاقچى ئانا، سۆزلەر سۆزۈڭگە قۇربان
بولايىن،
جانىمنى ئالدى شىرىن سۆزلەرىڭ.
ساڭا كەلگەن دەردنى ساتقىن ئالايىن
قانىمنى تۆكتىلەر قارا كۆزلەرىڭ.

ئاشىق بولغانلار جانىدىن ئۈمىدىن ئۈزەر،
كېچەلەرى ئۇخلىماس نەۋھەلەر تۈزەر،
چەشمەلەر ئىچىندە غازلاردەك يۈزەر،
ياشىل-ياشىل سەۋسەنە كۆكلەكلەرىڭ.

غېرىپ ئاشىق بۇلبۇل كەبى زارىدۇر،
كۆرگەن دېسۇن ئول كىمنىڭكى يارىدۇر.
خاللارىڭ كۆزلەرىمگە دارىدۇر،
ئۆپەي قەدەملەرىڭدىكى گەردلەرىڭ.

ئەلقىسسە، شاھ غېرىپنىڭ ئاقچى
مومايغا رەھمى كەلدى. شاھ سەنەم
غېرىپنى كۆرۈپ، ئاقچى بىلەن بىللە
ھەمراھ بولۇپ كەلگەنگە خەفا بولۇپ:
— ئەي غېرىپ، مەن سېنىڭ دەر-
دىڭ فىراقىڭدا ئۆلەر ھالەتكە يەتسەم
كەلمەدىڭ. ئەمدى ئاقچىنى ئىبەرسەم
كېلىپسەن. زادى سېنىڭ ئاقچى بىلەن

uyghurkitap.com

خېلى ئىشلارىڭ بار ئوخشايدۇ. مەن بىلە مەپتۇرمەن، — دېدى.

غېرىپجان كۆڭلىدە «ھەي، بۇ شاھ سەنەم كۆڭلۈمدىكى مەقسەدنى ئۇقماي ئاقچى بىلمەن بىلله كەلدى دەپ مەندىن خەپا بولۇپ ماڭا قېپىداۋاتىدۇ. شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلىنى ئالاي» دەپ غېرىپجان شاھ سەنەمگە بىر كاسا شەراب قۇيۇپ تۇتتى. سەنەمجان ناز بىرلە:

— مەن نامەردنىڭ قولىدىن شەراب ئىچمەيمەن، — دەپ بەيت ئايتىپ نېمە دەيدۇر قىنى:

نەچچە ۋەقتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يار دەپ،
باشقا يارىڭ بار ئىكەننى بىلمەدىم.
سېنىڭ مەندىن بۆلەك يارىڭ باردۇر،
ئۆزگە يارىڭ بار ئىكەننى بىلمەدىم.

بۇ سۆزلەرنى قويدۇڭ مېنىڭ بوينۇمغە،
ساچلارىڭنى چىرماشتۇرۇپ بوينۇمغە.
بۇلبۇل قوندى مېنىڭ قىزىلگۈلۈمغە،
ئادىمىزاد بىۋەفاكەن بىلمەدىم.

بىلدىم ئەمدى ئاغۇ تۆشتى ئاشىمە،
رەھىم ئەتمەدىڭ كۆزدىن ئاققان ياشىمە.
گۈل ئېتىپمەن سانجىپ ئىدىم باشىمە،
قۇرۇپ خەزان بولارىنى بىلمەدىم.

مېنى سالدىڭ بۇ كۈن ھەجران ئوتىغە،
كىملەر يېتەر بۇكۈن مېنىڭ ھالىمە،
يارۇ يار دەپ نەچچە باردىم قاشىڭە،
قەقنۇس كۆيگەن نار ئىكەننى بىلمەدىم.

ھەر سۆزلەرىڭ مېنى سالدى ئۆلۈمگە،
سېنى كۆرۈپ لەرزى چۈشتى ئىچىمگە،
ھېچ كەلمەدىم مەن سېنىڭكى يادىڭگە،
ئۆزگە يارىڭ بار ئىكەننى بىلمەدىم.

مەئيۇس بولماڭ چىن ئاشىقمەن غېرىپىم،
سەندىن ئۆزگە بۇ جەھاندا يوق كىشىم،
سېنى كۆرسەم ئاچىلۇر سولغان گۈلۈم،
سەن يارىمسىز شاد بولۇشنى بىلمەدىم.

كۆڭلۈم ئېچىپ شەربەتىڭگە قانماغان،
يۈزۈڭدەكى رۇخسارىڭغە قانماغان.
قىزىلگۈلدەك لەبلەرىڭگە سۆيمەگەن،
قۇچاقلاشىپ چىرماشىشنى بىلمەدىم.

ۋەسلىڭ ئۈچۈن كۆزلەرىمدىن ياش تۆكۈپ،
كېچە-كۈندۈز ئىشقىڭدا مەن ئاھ ئۇرۇپ،
غېرىپجان دەپ يوللارىڭغە تەلمۈرۈپ،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن زار ئۆلۈشنى بىلمەدىم.

سەنەم ئايتۇر: كۆڭلۈم ساڭا بەند بولدى،
سېنى يارىم دېدىم ماڭا فەند بولدى.
مۇھەببەتىنىڭ نۇرى ئەمدى بەند بولدى،
قىلغان ئىشىم ئار ئىكەننى بىلمەدىم.

شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، غېرىپنىڭ ئاچچىقى كېلىپ پەرىشان بولۇپ:

— ئەي سەنەم، بۇ نېچۈك سۆزدۇر، ھەر دائىم ماڭا تۆھمەت قىلىسەن. ئەگەر مۇنداق تۆھمەت قىلۇر بولساڭ. تۇزۇك قىلغىن، — دەپ كۆڭۈللەرى بۇزۇلۇپ، شاھ سەنەمگە باقىپ بۇ بەيىتىنى ئوقۇدىلەر:

ماڭا مۇنداق يالغان، تۆھمەت قىلغۇنچە،
قىلۇر بولساڭ، بىلىپ تۆھمەت قىل، سەنەم.

كۆندە ئاچچىق سۆزلەپ جانىم ئالغۇنچە،
قىلۇر بولساڭ، بىلىپ تۇھمەت قىل، سەنەم.

سېنىڭ شۇنداق خەيالىڭنى بىلىپ مەن،
بىلمەي ئۆزەم مەن نېچۇكتىن كېلىپمەن.
بىر يار ئۈچۈن ئەزىز جاندىن كېچىپمەن،
مېنى دېسەڭ، بۇ ھالىمنى بىل، سەنەم.

سەنەم قىلۇرسەن كۆندە يۈزمىڭ بەھانە،
زۇلۇم بىلەن ئوت سالۇرسەن بۇ جانە.
كېتەر بولدۇم بۇگۈن ھەلەف شىرۋانە،
مۇندا قالساڭ غېرىپ بىلەن بول سەنەم.

غېرىپدۇرمەن دەردىم ئايتتىم ھەر بارە،
ئۆمرۈم ئۆتەر كۆندە يۈزمىڭ يالبارە.
بۇ سۆز بىرلە ئۆزۈم سالدىم بازارە،
خەرىدار سەن مېنى ساتىپ ئال سەنەم.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەمجان غېرىپ-تىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دېگەن سۆزىگە يۈزمىڭ پۇشەيمان نەدامەتلەرنى قىلىپ غېرىپكە ئۈزرەلەر ئايتتى:
— ئەي غېرىپ، سېنى مەن ئۆزگە-گە كۆڭۈل بېرىپدۇرمۇ ياكى بەرمەپدۇرمۇ دەپ يەنە ئازمايىش قىلماق ئۈچۈن، بۇ سۆزنى ئايتىپ ئىدىم. سېنىڭ بۇ قىلغان سۆزلەرىڭگە ئىشەندىم،— دەپ غېرىپنىڭ كۆڭۈللەرىگە تەسكىن خاتىرە بەردى. غېرىپ بىلەن شاھ سەنەم بىر-بىرلەرى بىلەن يارىشىپ ئەيش-ئىشرەتكە مەش-غۇل بولدىلار. ئاندىن غېرىپ بىلەن سەنەمجان ھەلەف شىرۋانغە قاچىپ كەت-مەكچى بولدى. بۇ سۆزنى ئاقچى ئاڭلاپ «مېنىڭ ئەكپەر خوجە يارىمغا سالام دەڭلار» دەپ غېرىپ بىلەن شاھ سەنەم-گە قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

مۇندىن كېتەر بولساڭلار شىرۋان شەھرىگە،
مېنىڭ ئەھۋالىمنى بايان دېگەيسەن،
ئەكپەر خوجە يارىمغە، شىرىن جانىمغە،
مېنىڭ سۆزلەرىمنى ئەيان دېگەيسەن.

ئول بارىپ تۇتۇپدۇر ھەلەفدە ۋەتەن،
يادىدىن چىقىپتۇر ۋەئدىلەر ئەتكەن.
ماڭا مۇندا زەقۇمدۇر يېگەنۇ ئىچكەن،
مەندىن دۇئا-سالام چەندان دېگەيسەن.

بۇ دىياردا يەتىممەن ئۆزگە كىشىم يوق،
دەردۇ ئەلەم تارتسامۇ ئايتۇر كىشىم يوق.
تۆرت تەرەفكە باقسام كۆڭۈل خۇشۇم يوق،
كەڭرى جەھان ئاقچىگە زىندان دېگەيسەن.

مېنىڭ ئۈچۈن ئۆزى مۇندا كەلمەسە،
كېلىپ مېنىڭ ھالىمدىن خەبەر ئالماسە
غېرىپ-مىسكىن ھالىمغە ھەمدەم بولماسە،
ئايتقان ۋەئدەلەرىڭ يالغان دېگەيسەن.

سەن كېتەرسەن بۈگۈن كۆرگەن مەنزىلغە،
ھەمنىشىن بول ئەكبەر خوجە يارىمغە.
باغبانلىق قىلمايىن تازە گۈللارغە،
غۇنچەلىكدە خەزان بولدى دېگەيسەن.

گۈلنىھال دەر: ئەجەب دەردگە قالىپمەن،
ئۆز باشىمغە ئۆزۈم سەۋدا سالىپمەن.
جەمالىغە تەگرىم مۇشتاق بولۇپمەن،
ئويلانماسۇن سائەت زەمان دېگەيسەن.

بۇلار بىر نەچچە كۈن باغدا ئەيش-ئىشرەت قىلدىلار. كۈنلەردىن بىر كۈن شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلىگە دەھشەت تۈشۈپ ئايتتىكى:
— ئەي غېرىپ، بىزلار قاچانغىچە-

www.uyghurkitap.com

لىك ئىككىمىز ئاۋارە بولۇپ يۈرۈرمىز.
ئەمدى ئىككەيلەن ھەلەپ شىرۋانغە
قېچىپ كېتەيلى، ئاندا بارغاندىن كېيىن
مېنى ئۆز نىكاھىڭغا ئالغىل.

غېرىپ شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى
ئىشىتىپ جان-دىلى بىلەن قەبۇل قىلـ
دىلەر. ئاندىن ئىكەۋلەن بىردىن ئىككى
ئاتقە سەۋارە بولۇپ ھەلەپ شىرۋان
تەرەپكە رەۋان بولدى. شۇ بۇ يۈرگەنلەـ
رىچە يەتتە كېچە-كۈندۈزلۈك يولنى ئۈچ
كېچە كۈندۈزدە باسىپ كەلدىلەر. ئاتـ
لارى يولنىڭ يامانلىقىدىن ماڭالماي
ئۆلدى. نائىلاج ئىكەۋلەن پىيادە يولغە
كىردىلەر، ئەرتەدىن ئاخشامغەچە يول
ۋرۇپ ئەردى، شاھ سەنەمنىڭ پۇتلارى
ئاپارىپ ماڭالمادىلار. غېرىپنىڭ شاھ
سەنەمگە رەھمى كېلىپ ئۇنى يۈدۈپ
ماڭدىلار. ئۈچ كۈنگىچە يۈدۈپ ماڭدى.
ئاخىرى غېرىپ ھارىپ، دەرمانسىزلانىدى
ۋە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىر
سائەت ئارام ئالدىلار. شاھ سەنەم تىللا
تارغاقىدا ساچلارىنى تاراپ ئولتۇرۇپ
ئەردى. پادىشاھى ئەبباسخان يىگىتلەرى
بىرلە شىكار قىلىپ چىقىپ كەلدىلەر.
شاھ سەنەم مۇنى كۆرۈپ غېرىپنى
ئويغاتىپ ئايتتىكى:

— ئەي غېرىپ، قوپقىل، ئاتام
شاھى ئەبباسخان كېلىپدۇر. شەھرى
بەغدادغە كەتكىل. مۇبادا سېنى كۆرسە
تۇتۇپ ئالادۇر.

غېرىپ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئورـ
نىدىن قوپۇپ يولغا رەۋان بولدى. شاھ
سەنەم غېرىپنىڭ كەتكەنىگە ئەفسۇس
نەدامەتلەر قىلىپ غېرىپنى خۇدائى
تەئالاغە سىفارىشلەر قىلىپ خۇن جىگـ
رىدىن چىقارىپ بىمە دەيدۇ قېنى:

كەرامەتلىك قادىر خۇدا،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.
ئاتامىز ھەزرەتى ئادەم،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ دەردىمنى ئايتادۇرمەن،
بولالمادىم ساڭا ھەمدەم،
داۋۇد ئوغى ئول سۇلەيمان،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

باشىم ئۈزرە تۈشتى سەۋدا،
تۇر تاغىدا ھەزرەتى مۇسا،
پىرىمىز يۇسۇف ھەم زىلەيخا،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئۈچتى سەنەمنىڭ بۇلبۇلى،
سولدى ئاشىقلارىنىڭ گۈلى،
مەدەد ئەيلەڭ ھەزرىتى ئەلى،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، سەنەم شۇبۇ يەردە
ياتىپ قالدى. ئەمدى ئىككى كەلىمە
سۆزنى پادىشاھى ئەبباسخاندىن
ئىشىتمەك كېرەك.

پادىشاھ بۇ كۈنى شىكارغا چىقىپ
ئەردى. سەنەمجان بەيابانداا كېتىپ بارۇر
ئىدى. قۇلاقىغە ئاتىنىڭ شەپىسى كەلـ
دى. دەرھال قاراسەلەر ئاتاسى شاھى
ئەبباسخان ھەر تەرەفكە ئاتلارىنى يۈگۈرـ
تۈپ يۈرۈر. سەنەمجان ئايتتىكى
«ئەمدى مەن رەسۋا بولدۇم، خۇدايا،
خۇداۋەندا! بىرلىك ۋە بارلىقىڭنىڭ
ھەققى ھۆرمەتى، ئاتامنىڭ يىگىتلەرىـ
نىڭ ئاراسىدا مېنى شەرمەندە قىلماغايـ
سەن» دەپ ئەللاھ تەئالاغە يىغلاپ بۇ
بەيتنى ئوقۇدى:

قادىر ئەللاھ، دەرگاھىڭغە ساغىندىم،
بۇ يەردە مەن نېچۈك سەۋەب ئەيلەرمەن.
قاناتىم يوق ئۇچۇپ چىقسام ئاسمانگە،
مەن ئاتامغە نېچۈك جەۋاب ئەيلەرمەن.

ئۇلارگە يەتكۈزگىل كۈيۈك دەردىنى،
نەۋكەرلەرى بىلمەسۇن يارىم بارىنى.
كۆڭلىمگە سالغايسەن ئىشىق ئوتىنى،
قۇتۇلماقغە ئۆزۈم سەۋەب ئەيلەرمەن.

مەن بۇزارمەن ئاشىقلىقنىڭ شەئنىنى،
ماڭا كىيگۈزدىلەر مەجنۇن تونىنى،
جىلۋە بىلەن ئالسام ئاتام جانىنى،
بىر كۈن مەيدانلىققە ھېساب ئەيلەرمەن.

يۈزۈمگە يەتكۈزگىل ئۇزرانىڭ نۇرىدىن،
تىلىمگە يەتكۈزگىل ۋامۇقنىڭ تىلىن.
كۆزۈمگە بېغىشلا لەيلىنىڭ كۆزىن،
كۆرگەنىنىڭ باغرىنى كەباب ئەيلەرمەن.

سەنەم دەر: مەن مۇندا مۇسافىر بولدۇم،
بىر تازا گۈل ئەردىم ئەمدى مەن سولدۇم.
ئاتام ئەبباسخانغا مەن دۇچار بولدۇم،
قايسى بەدبەختلىقىمنى بەيان ئەيلەرمەن.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم ئاندا ئولتۇرۇپ
ئەردى. پادىشاھ ئەبباسخان يىراقتىن
ئات يۈگۈرتۈپ كەلدى. شاھ سەنەم
ئاتاسىنى كۆرۈپ دەرھال بىر پىنھاندا
تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت نەماز
ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتەرىپ:
— ئەي بارا، خۇدايا، مەن يەتىم-
ىمۇ بەندەم دەيدىغان بولساڭ، ئەۋۋەل-
قىدىن يۈز ھەسسە ساھىبجەمال قىلغىن،
ئاتام كۆرۈپ ئىشىق دەردىنى بىلە-
سۈن، — دېدىلەر.
ئاللا تەئالا شول زەمان سەنەمنىڭ
دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئەۋۋەلقى-
دىن يۈز ھەسسە ساھىبجەمال قىلدى.
پادىشاھ ئەبباسخان نەۋكەرلەرى بىرلە
كېلىپ كۆردىلەركى، تاغىنىڭ باشىدا
چەشمە ياقاسىدا بىر ساھىبجەمال قىز
ئولتۇرۇپتۇر. شاھ سەنەمنىڭ ئىككى
قاشىنىڭ ئاراسىدىن بىر ئوق چىقىپ
شاھى ئەبباسخانىنىڭ سىينە ساندۇقىدا
بەرقەرار بولدى. پادىشاھ ھوشىدىن
كېتىپ، ئاتتىن مۇئەللەق ئۇرۇپ يەرگە
يىقىلدىلەر. خۇدايى تەئالا سەنەمنىڭ
دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ پادىشاھقا
بىر پەرىزاد نەسلىدەك كۆرسەتىپ،
قۇدرەت ئىلاھى بىرلە ئاڭا بىر ئىش
تىياق ئوتىنى سالدىكى، پادىشاھ يىگىت-
لەرى بىلەن كېلىپ بىھوش بولۇپ دۇم
يىقىلدى. شاھ سەنەم دەرھال پادىشاھى
ئەبباسخانىنىڭ يىقىلغانىنى كۆرۈپ شۇكر
سەنا ئەدا قىلدى. پادىشاھ بولسا
ئۆزىدىن بىخەبەر ياتار ئەردى. سەنەم-
جان دەرھال پادىشاھنىڭ بورداغ
ئاتىگە مىنىپ بىر ئات قويدىكى، دىيارى
بەكرى شەھرىگە كېلىپ توختادى. كېيىن
چاھار باغىگە يېتىپ كېلىپ ئاندا ئاقچى
ئانىكەسى بىلەن كۆرۈشتى. ئاقچى سەنەمجانە-
دىن ھاردۇق سوراپ ئايتتىكى:
— ئەي شاھ سەنەم، ئول كۈنى
غېرىپ بىلەن چىقىپ كېتىپ ئەردىڭ،
غېرىپنى نېمە قىلدىڭ؟
شاھ سەنەم خەفا بولۇپ غېرىپنىڭ
يولدا قىلغان دىلدارلىقلارىنى، ئاتاسى
بارىپ قالىپ غېرىپدىن ئايرىلىپ كەت-
كەنىنى بىر-بىر بەيان قىلدى. ئاقچى

سەنەمجانگە قاراپ جان جىگەرىدىن ئاھ
تارتىپ بۇ بەيتىنى ئوقۇدى:

بىر ئەرزىم بار ئىشىت گۈل يۈزلۈك سەنەم،
بىللە يۈرگەن غېرىپجاننى نەيلەدىڭ؟
نە سەۋدالار تۇشتى ئانىڭ باشىغە،
غەمگە قالغان ناتەۋاننى نەيلەدىڭ؟

نەۋەجھىدىن فەلەك چەرخى ئاينىدى؟
نە ۋەجھىدىن خۇدا سىنى ئايردى؟
قىسمەت نەدۇر، غېرىپجاندىن ئايردى؟
سۆزلە، ھالى فەرىشاننى نەيلەدىڭ؟

مۇرادىغە يەتمەي كەتكەن دىلدارىڭ،
نولۇغا ئالدىڭمۇ يارى مۇرادىڭ،
شىرىن ئۈچۈن نەلەرچەكتى فەرھادىڭ،
ئۇ شول ھالى فەرىشاننى نەيلەدىڭ؟

قانداق چىداپ ياردىن جۇدا بولماقغە،
نېچۈك يۈردۈڭ ئاندىن ئايرىلىپ قالماقغە،
قورقمادىڭمۇ تەڭرىم ئوتغە سالماقغە،
تېز ئاچىلغان گۈلىستاننى نەيلەدىڭ؟

گۈلنىھال دەر: نېچۈك قىسمەت يازىلدى،
نە سەبەبدىن ئوبدان ئەھدىڭ بۇزۇلدى،
نېچۈك بولۇپ ئاندىن كۆڭۈل ئۈزۈلدى،
بەختى قارا سەرگەرداننى نەيلەدىڭ؟

ئاندىن شاھ سەنەم ئاقچىغا قاراپ
نېمە دەيدۇر قېنى:

غېرىپ بىلەن ئىككەۋلەن قىلدۇق مەسلەھەت،
ئەلۇدا مۇھەببەتىم قەرار ئەيلەدى.
قاچىپ يولغە كىردۇق ھەلەف شىرۋانغە،
ئولان سۆزنى نېچۈك گۈزەر ئەيلەدى.

يولغا كىردۇق «ئەللاھ» دەبان ئەھد ئەيلەپ،
ئىككى ئاشىق كېتەر بولدۇق جەھد ئەيلەپ.
ئۈچ كۈن يۈردۇق بادىيەلەر تەي ئەيلەپ،
فەلەك بىزگە يۈزمىڭ جەفا ئەيلەدى.

بارار ئەردۇك ئىككىمىز ئەھدىلەر ئەيلەپ،
جاننى جانغە قوشتۇق شۈكرىلەر ئەيلەپ.
ئۈچ كۈن قاچتۇق يولدا ئۈزرىلەر ئەيلەپ،
فەلەك بىزگە قەستىنى گۈزار ئەيلەدى.

چىدىيالماي غېرىپ مېنى كۆتۈردى،
تەندە جاننى ماڭا نىسار ئەيلەدى.
فەلەك بىزنى نېچۈك قەسد ئەيلەدى،
ھەركىمسەنى بىر ئەزاپقا تاشلادى.

ئەگەر ئايتسام ئادا بولماس قىسسەسىن،
بىزلەرگە ئىچۈردى ھەيران شەربەتىن.
سەنەم دەرلەر: ئاخىر بەردىم جەۋابىن،
يارىم «خوش» دەپ بۆلەك دىيار ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، ئاقچى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ غېرىپكە ئەفسۇسلانىپ يىغلادى. ئەمدى يەنە بىر سۆزنى پادىشاھ ئەبباسخاندىن ئىشتمەك كېرەك.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئول تاغدا شاھ سەنەمنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ ئېردى، بىر سائەتتىن كېيىن يىگىتلەرى يېتىپ كېلىپ، شاھنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، دەرھال يۈزىگە گۈلاب سەپتى. پادىشاھ ھوشىغە كېلىپ قارىسا، پەرىزادمۇ يوق، ئاتى ھەم يوق. ھەممەسى غايىب بولۇپ كېتىپدۇر. ئاندىن پادىشاھ يىگىتلەرىگە قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ئەي يارانلار، دىيارى بەكرى شەھرىدىن،
ئەقلىم ئالدى ئاھۇ كۆزلۈك بىرپەرى.

ئەمدى ئۆلسەم كېرەك ئانىڭ دەردىدىن،
جانىم ئالدى ئاھۇ كۆزلۈك بىر پەرى.

تاۋۇس كەبى بىر پەرىدۇر ياسانمىش،
قاشى بىلەن ھىجران ئوتىنى ئاتارمىش.
ئاشىقلارنى ئۆلتۈرمەككە تۈزەتمىش،
قانىم تۆكتى ئاھۇ كۆزلۈك بىر پەرى.

تىللا تارغاقىدا تارار ساچىنى،
كىمگە ئايتاي مەن بىچارە دەردىنى.
ھېچكىم بىلمەس بۇ كۆيۈكنىڭ دەردىنى
ئەقلىم ئالدى ئاھۇ كۆزلۈك بىر پەرى.

شاھ ئەبباس دەر: مۇنداق جاننى ئالايىن،
ئۆلگۈنچە شول يارنى كۆرۈپ ئۆلەيىن.
ئەمدى ئاشىقلىقنىڭ يولىن بىلەيىن،
قانىم تۆكتى ئاھۇ كۆزلۈك بىر پەرى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئەبباسخاننىڭ بىر ئاقىل ۋەزىرى بار ئىدى. سەنەمجاننى تونىدى. ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قىزلارى سەنەمجان ئۈچ كۈن بولدى يوق ئىدى. غېرىبجان بىلەن قاچىپ چىققان ئىكەن، شول سەنەمجانىمكىن. پادىشاھ ئابباسخان:

— ئاھ تەۋبە، ئىشىق ئوتى تولا يامان ئىكەن، قىزىمنى غېرىبنىڭ ئوتى ناھايىتى كۆيدۈرگەن ئىكەن. ئەمدى قىزىمنى غېرىبقە بەخشەندە قىلىپ بەردىم. قايداغ قىلسا شۇنداق قىلسۇن، — دەپ پادىشاھ نىمە دەيدۇ قېنى:

مەۋج ئۇرۇپ كۆيدۈردى ئىشتىياق ئوتى،
ئىشق ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.
سەنەمجاننى غېرىبجانغا قوشايىن،
ئىشق ئوتى يامان ئىكەن دوستلارىم.

يارىپ ئەتلەم بىلەن مۇفتى كەلتۈرۈك،
ۋەزىرىم گۇل بولۇپ سىز ھەم ئولتۇرۇك.
ئاشىقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈك،
ئىشق ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

قەبا فەلەك سالدى بىزگە بۇ غەمنى،
كۆڭلۈمدىن چىقماس بۇ دەردۇ ئەلەمنى.
غېرىبقە تاپشۇردۇم ئەمدى سەنەمنى،
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

شاھ ئەبباس دەر: قىلغان ئىشىم مەلامەت،
جانىمنى قۇتقۇزسام ئاندىن سەلامەت.
بويىنۇمدا قالماسۇن قەرزى قىيامەت،
ئىشق ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكاردىن يانىپ شەھەرگە كىردى. ئاقچىنى قىچقارتىپ:

— ئەي ئاقچى، غېرىب بىلەن ئاناسىنى تاپقىل، — دەپ ئەمىر قىلدى.

ئاقچى زار-زار يىغلاپ نىمە دەيدۇ:

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
باشقا يۇرتقا چىقماغۇنچە.
ياخشى يارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغا تۇشمەگۈنچە.

قول ئۇزارتسام قولۇم يەتمەس،
يارسىزنىڭ ئىشى پۈتمەس.
ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەس،
بىر يامانغا تۇشمەگۈنچە.

گۇلنىھالىمەن بۇيان كەلدىم،
يار دەردىگە مەن ئۆلمەدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاشىق قەدرىن مەن بىلمەدىم،
ئۆز باشىمغە تۇشمەگۇنچە.

پادىشاھ ئەبباسخان غېرىپنى
ئىستەپ ھېچ يەردىن تاپالمادى.
ئەلقىسسە، غېرىپ سەنەمنى يولدا
قويۇپ، ئۆزى باياباندا كېتىپ قالدى.
بىر كۇنلەرى بىر يەردە «باباخان شاتى-
رى» دېگەنگە ئۇچرادى:
— ئەي باباخان شاتىرى، سىز
مۇندىن بارسىڭىز مېنىڭ سەنەمجان يارىم-
غە سەلامىمنى يەتكۇزگەيسىز، — دەپ
غېرىپ شاتىرى باباخانغە قاراپ بۇ
بەيىتنى ئوقۇدى:

مۇندىن بارساڭ سەنەمجانىنىڭ قاشىغە،
غېرىپ ئۆز ھالىنى ئايتتى دېگەيسەن.
كىملەر يېتەر ئەمدى مېنىڭ دادىمغە،
مەندىن سەلام ئايتىڭ كۆڭۈل شادىمغە.

يەتتە يىلدىن بېرى سورمادى ئۆزى،
مەندىن ساغىنىپ سەلام دېگەيسەن.
يۇرتىمنى مەكانىم ھەلەپ شىرۋانلەر،
ئاندا بارساڭ ئەلبەتتە سەلام دېگەيسەن.

غېرىپ ياد ئەيلەدى ئۆز نىگارىنى،
يەتتە يىل تەرك ئەتتى ئۆز دىيارىنى.
نىگارە ئەيلەدى كۆڭۈل يادىنى،
يولغە چىقىپ يىغلاپ قالدى دېگەيسەن.

دەپ دۇئا يۇ سەلام ئايتىپ باباخان
شاتىرى بىلەن خوشلاشىپ، نەچچەند
زەماندىن كېيىن ھەلەف شىرۋانىغە
كېلىپ، بۇ شەھەردە مۇسافىر بولۇپ،
يەتتە يىل يۇردى. ھېچكىم غېرىپنى
تانىمادى. بىر كۇنى غېرىپقا مۇسافىر-
چىلىق ئەسىر قىلىپ، زار-زار يىغلاپ
خۇن جىگەردىن نېمە دەيدۇ قېنى:

قەزا فەلەك بىزنى سالدى بۇ جايغە،
مەن نەيلەيىن ئاشنا يارىم بولماسا.
يارۇ يار دەپ ئۆلەر بولدۇم بۇ چۆلدە،
ئۇچۇپ كەتسەم قانات-قۇيرۇق بولماسا.

مۇندا يۇرسەم مېنىڭ كۆڭۈل خۇشتۇم
يوق،
ئاتا-ئانام ۋە يا قېرىنداشىم يوق.
مۇساپىرلىق دەردىدىن تانور كىشىم يوق
كۆيۈپ يانىپ ئۆزۈپ قالماس بولماسا.

بىر جانىبىدىن سىزنى ئالسام قولۇمغە،
بۇ يەردە قالمىغايمەن يازۇ قىشىدغە.
ئىشق مېنى قويمادى يۇرەر يولۇدغە،
شەكلى بولۇر مەقسەدىم ھاسىل بولماسا.

غېرىپ ئايتۇر ھەجر ئوتىدا تاۋلاندىم،
بىھال بولۇپ ئۆز جانىغە ئايلاندىم.
سەنەمجانىنىڭ كۆيگەنىنى يادلاندىم،
قايدا باراي قانات-قۇيرۇق بولماسا.

ئەلقىسسە، سەنەمجاندىن سۆز ئىشتىڭ:
سەنەم غېرىپتىن ئايرىلغالى يەتتە
يىل بولدى. غېرىپنىڭ ھېچ يەردىن
خەبەرى بولمادىلەر. ئەمدى غېرىپنى
يادىمدىن چىقارىپ شۇبۇ كۆيەك ئوتىدىن
بىر خالاس بولاي دەپ، سەنەمجان نېمە
دەيدۇ قېنى:

غېرىپ-غېرىپ دەبان ئۆمر كەچۇردۇم،
ئەمدى غېرىپ دەرگە ھالىم قالمادى.

ئەمدى كۆرمەس بولدۇم يارنىڭ دەردىدىن،
ئېرىپ ئۈچۈن يىغلاپ دەرمان قالمادى.

كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن ئانىڭ دەردىدىن
ئەرزىمنى ئايتۇرغا ھالىم قالمادى.
ياردىن ماڭا قىسمەت ئاخىر بۇ بولدى،
ھەر بىر كۈنۈم ئايدۇر، ئايىم بولدى.

دىسەم ئەدا بولماس قايغۇ ئەندىشە،
يار - يار دەپ ئۆتەر بولدۇم ھەمىشە.
تەڭرىم سالدى بىزلەرگە بۇ تەشۋىشە
خەزان بولدى تازا گۈلۈم قالمادى.

قىسمەتىم شول بولدى ياراتقان رەھمان،
ئىچىمدىن كەتمەدى ئوت كەبى ئارمان.
ھەممەنىڭ كۆزىگە كۆرۈندۈم يامان،
مۇندا ئەسلى قېرىنداشىم قالمادى.

دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپ ئىدى، ئاندىن ئاقچى ئېيىتتىكى:

— ئەي سەنەمجان، باغقە چىقىپ سەيرى - تاماشا قىلىپ كۆڭلىمىزنى ئاچىپ كىرەيلى، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاچىلىپدۇر بۇ كۈن فەسلى بەھارە،
كەل سەنەمجان بۇ كۈن باغقا بارالى.
بىنەفشەلەر ئۈنۈپدۇر باغدا كەنارە،
كەل سەنەمجان بۇ كۈن باغقا بارالى.

سۆيگۈ كۆزۈڭ ئاچىپ باقىل جەھانە،
نەۋبەتى يوق دۇنيادا باردۇر خەزانە.
يارىڭ قاچىپ كەتتى ھەلەف شىرۋانە،
كەل سەنەمجان بۇ كۈن باغقا بارالى.

گۈلنىھال دەر: ساڭا جانىم قۇرباندۇر،
بۇ دۇنيانىڭ مەقسەدى ھەم بەش كۈندۇر،
سىنىڭ ئۈچۈن ئەزىز جانىم قۇرباندۇر،
كەل سەنەمجان بۇ كۈن باغقا بارالى.

دەپ ئىدى، سەنەمجان يىغلادى، ئاندا ئايجەمال دەپ بىر قىز بار ئىدى. نەچچە يىل كۆيەك دەردىنى تارتقان قىز ئىدى. ياردىن جۇدا بولۇپ كەتكەن ئىدى. دەردىنى خۇدادىن ئۆزگە كىشى بىلمەس ئەردى. ئول قىز «جۇدالىق دەردىنى مەندىن ئىشتىڭلار» دەپ سەنەمجانغا قاراپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

ئەي سەنەمجان، مەجرۇھ بولۇپمەن،
گۈل ياردىن ئايرىلغالى.
بۇ لەتافەت گۈلشەنى،
غەمخاردىن ئايرىلغالى.

بۇلبۇلى سەۋدايىمەن،
گۈلزاردىن ئايرىلغالى.
تۇتىئى شىرىن سۇخەن،
گۇفتاردىن ئايرىلغالى.

بولماغاي ھېچ ئىش خۇدادىن،
بىسەبەب، ئەي دوستلارىم.
دەردىگە ھەم زارىمەن،
بىر ياردىن ئايرىلغالى.

تەڭرىم گۈل نىگارىمگە،
غەزەب قىلدى، ئەي دوستلارىم.
تىنمادىم شامۇ سەھەر،
قان يىغلادىم، ئەي دوستلارىم.

www.uyghurkitap.com

بەكرى دەشتىدە قىلىپەن،
تەشنەلەب، ئەي دوستلارىم.
ھەۋزى كەۋسەر ساقىسى،
مۇختاردىن ئايرىلغالى.

دەردىمەن رەھم ئەتكەلى،
ئالدىمدا يوقتۇر ھېچ كىشىم.
كەمتەرىن بىر يارمەن،
بىر ياردىن ئايرىلغالى.

يەتمەدى مەقسۇدىغە،
تەگىرىم ئاگا بەردى زەۋال.
قالمادىكىم تاقەتىم،
دىلداردىن ئايرىلغالى.

يىغلابان ئۆز ھالىنى،
ئالدىڭدا ئايتۇر ئايجەمال.
ئەلبەگ ئاتلىق يارىم،
گۈلناردىن ئايرىغالى.

سەنەمجان غېرىپنى كەتكۈزۈپ ئاتقانىغە كۆپ پۇشەيمان يەپ بىتاقەت بولۇپ، غېرىپتىن بىر خەۋەر بولۇرمىكىن دەپ رەۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئەترافى ئالەمگە قاراپ تۇرۇر ئىدى. ھەلەف شىرۋان تەرەفىدىن بىر مۇنچە كارۋان كەلدى. سەنەمجان رەۋاقىدىن چۈشۈپ كارۋانلارگە تەئزىم بەجا كەلتۈرۈپ، كارۋانلارنىڭ ئاتىنىڭ جىلاۋىنى تۇتۇپ تۇرۇپ غېرىپنى سورادى.

— ھەر قايسىڭىزلار غېرىپ ئاتلىق بىر يىگىتنى كۆردۈڭىزلارمۇ؟ — دەپ كارۋانلارغا قاراپ سەنەمجان بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

يەتتە يىلدۇر شۇڭقارىمنى ئۇچۇردۇم،
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلار؟
قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۆمر كەچۈردۈم
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلار؟

كىشىنىڭ دىلدارى شۇنداغ بولۇرمۇ؟
ئۆز ياردىن ھېچكىم جۇدا بولۇرمۇ؟
كەر بالادا ئىككى كۆزىن ئويۇرمۇ؟
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلار؟

يارىمنىڭ سەۋداسى چۈشتى باشىمغە،
بىر سىرداش تاپالمادىم كەلسۇن قاشىمغە
يازىلىپتۇر مۇنداق قىسمەت باشىمغە،
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ يارانلار؟

مەن يارىمدىن ئايرىلىپمەن دۇنيادە،
ھەجر ئوتىدا باغرىم كۆيۈپ زىيادە.
بىر نامەردنىڭ سۆزى ئۆتتى ئارادە،
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلار؟

سۆزلەمەسلەر ھېچكىم كۆڭۈل خوشىمە،
قايغۇ - مېھنەت چۈشتى مېنىڭ باشىمغە.
بۇ كۈن كېچە يارىم كىردى چۈشۈمە،
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ، يارانلار؟

يەتتە يىلدۇر فەلەك چەرخى چۆرگۈلدى،
شاھ سەنەمجان گۈل ياردىن ئايرىلدى.
ئىككى كۆزى ھەر تەرەفكە تەلمۈردى،
كۆرگەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ يارانلار؟

كارۋانلار سەنەمجاندىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي سەنەمجان، بىزلەر غېرىپ ئاتلىق يىگىتنى كۆرمىدۇق، ھەلەف شىرۋاندا بارلىقىنى ھەم ئاڭلامادۇق. خۇداۋەندەئى كەرىم سىزنى ئول يىگىتكە قاۋۇشتۇرغاي، — دەپ سەنەمجانغە تەسەللىي خاتىرە بېرىپ شەھەرگە ئۆتۈپ كەتتى.

سەنەمجان چاھار باغقە يانىپ

كەلدى. يەنە ئولتۇرسا - قوپسا غېرىپنى
ياد ئېتىپ كۈندىن - كۈنگە چىراي
سارغايىپ يىغلار ئىدى. ئاقچى ئىنىك
ئاتانىڭ سەنەمگە ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي بالام، يارىڭ غېرىپنىڭ
ھېچ بىر خەبەرى بولدىمۇ؟ — دەپ سورا-
دى.

سەنەمجان يىغلاپ ئايتتىكى:

— ئەي ئانا، غېرىپ دوستۇمنىڭ
ھېچ يەردىن خەبىرى بولمادى. ھەلەپ
شىرۋاندىن بىر مۇنچە كارۋانلار كېلىپ-
دۇر. سورىسام غېرىپنىڭ بار - يوقلىقى-
نى بىلمەيدۇر.

شاھ سەنەم ساچلىرىنى ۋاست -
ۋاست يۇلۇپ «ئاھ غېرىپ» دەپ ئۆزىنى
يەرگە تاشلاپ سىينەسىنى ھۆل يەرگە
ياقىپ ياتتى. شول كۈندىن بېرى
سەنەم ئاش - تەئامدىن قالدى. رەڭگى -
رويى سارغايىپ، قەددى يادەك ئېگىل-
دى. شول ھالەتدە بىر خاتۇن كېلىپ:

— ئەي سەنەمجان، مېنىڭ ئوغلۇم
ھەلەپ شىرۋانغە سەۋداغە كېتىپ ئىدى.
ھالا ئوغلۇم كەلدى ۋە ماڭا خەبەر
قىلدىكى، غېرىب ھەلەپ شىرۋانىغە بار-
غۇچە يولدا ئۆلۈپ ئىكەن، — دېدى.

شاھ سەنەم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ
يۈرىكى سىقىلىپ بىر نەرسە قامال
قىلىپ ئالدىلار، سەنەمجان:

— ئەمدى غېرىپنى ئىزدەپ باشىم-
نىڭ كەتكۈنچە، ئاياغىمنىڭ يەتكۈنچە
ئىزدەي. ئاھ غېرىپ دەپ غېرىپنىڭ
يولىدا ئۆلەرمەن، — دەپ ئۆزى ئىستەپ
چىقماقچى بولدى، ئاتاسى قاشىغە بارىپ:

— ئەي ئاتا، مەن بۇ كۈن ئار-
نامۇسنى تاشلادىم. ھەلەپ شىرۋانىغە
بارۇرمەن. ھالا مەئشۇقۇم ئۆلۈپ-دۇرمىش،
غېرىپ يارىمنىڭ يولىدا جانىمنى پىدا
قىلدىم. ئەگەر ئاڭا ئۇناماسىڭىز جەللاد-
لارغە بۇيرۇپ دەرھال ئۆلتۈرۈڭ. ماڭا
ئەمدى بۇ شەھەردە تۇرارغە تاقەت
قالمادى. مېنىڭ جانىم ئاغزىمدىن چىقب-
قۇچە «ئاھ غېرىپ» دەپ ئۆلۈرمەن، —
دەپ ئاتاسىغە ۋە ئەھلى قايىاشلارىغە
باقىپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

كېتەرمەن ھەلەپ شىرۋانغە،
قېرىنداشلار خۇش قال ئەمدى.
غېرىپ ياتقان شول جايلارغە،
كېتەر بولدۇم خۇش قال ئەمدى.

توققۇز ئاي ئون كۈن كۆتۈرگەن،
كەمالىغە يەتكۈرگەن.
كۈللى مېھنەتتىن ئايرىلغان،
بىخىل ئانام خۇش قال ئەمدى.

قۇرۇلدى مەھشەر بەزارى،
رەقىب ئىچرە بولدۇم خارى.
كەنىزەكلەرنىڭ سەردارى،
مەندان گۈلۈم خۇش قال ئەمدى.

يۈرەكىمدە كۆپدۇر داغىم،
ھەقغە يەتمەس مېنىڭ ئاھىم،
مېھنەتتە سالغان چەھار باغىم،
شاھ تېرەكلار خۇش قال ئەمدى.

بىرەۋ كېلىپ خەبەر ئايتتى،
يۈرەكىمدىن دەرمان كەتتى.
سەنەمجاننىڭ ئەقلى كەتتى،
دىيار بەكرى خۇش قال ئەمدى.

سەنەمجان تامام لىباسىنى ئەرەنچە كىيىپ، قولىغا بىر ئاسا ئالىپ يولغا رەۋان بولدى. پادىشاھ كىشى چىقارىپ ئانچىنان قورقۇتۇپ باقتى. سەنەمجان ئۇنامادى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ سەنەمنى غېرىپقا بەرمەي قوغلاپ چىقارغانىغا تولا پۇشەيمان قىلىپ، قىزىغا ئىچى ئاغرىپ، سەنەمجان كەتكەن يولغا چىقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. سەنەمجان شۇبۇ يۇرگەنەلەرىچە باشى يالاڭ، ئاياغى يالاڭ بىر نەچچە كۈن يول يۇرۇپ ئاياغلارى قاپارىپ، تىرناقلارى تۆكۇلدى. ئۇسسىزلۇق ۋە تەشنالىقتا ھېچ ھالى قالمادى. ماڭغۇچەلىك دەرمانلارى يوق نىم جان بولۇپ، «ئاھ غېرىپجان، ئاھ غېرىپجان» دەپ كىيتىپ بارۇر ئىىردى. بەناگاھ سەنەمنىڭ كۆزىگە بىر دەريا كۆرۈندى. ئۇل دەريانى «تۇر دەرياسى» دەر ئەردى. بۇ دەرياغا سەنەم قارىسا بىر سەيياد دەرياغا تور سالىپ يۇرۇپدۇر. سەنەمجان بۇ سەييادنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي سەيياد، بۇ دەريادىن غېرىپ ئاتلىق قارا كۆز يىگىت ئۆتتىمۇ؟ — دەپ ئۇل سەييادغا قاراپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ ئۇچۇن ھەجر ئوتىغا تۇتاشىپ،
تۇر دەريادىن غېرىپ يارىم ئۆتتىمۇ؟
ئىشقىمدا يىغلاپ كېچەنى كۈندۇزگە ئۇلاپ
يارو يار دەپ غېرىب يارىم ئۆتتىمۇ؟

تاقەتىم يوق مۇندا يارسىز تۇرماقغە،
ئەجەل كېلىپ تەندىن جانىم چىقماقغە.
بۇ شىكەستە ھالىمدىن خەبەر ئالماقغە
تۇر دەريادىن غېرىپ يارىم ئۆتتىمۇ؟

مېنىڭ مۇندا يارسىز يوقتۇر قەرارىم،
ھېچكىم بىلەن بولماس مېنىڭ بارارىم.
تىرىكلىكىم خوشى ئەيشى مەدارىم،
تۇر دەريادىن غېرىپ يارىم ئۆتتىمۇ؟

سەنەمجان دەر: بۇ ئىشغە قىلماغىل ھىيلە،
تەڭرىم ھەققى ماڭا راستىڭنى سۆزلە.
يارىم بىلەن نە ئۇچۇن كەتمەدىم بىللە،
تۇر دەريادىن غېرىپ يارىم ئۆتتىمۇ؟

بۇ سەييادنىڭ سەنەمجانغە رەھمى كېلىپ دېدىكىم:

— ئەي مەزلۇمە، بۇ يەردىن سەن ئىيتقان نىشانەلىك ئادەم ئۆتمەدى.

ئۇل سەييادنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇل قىز ھەم ئىشق دەردىنى تولا تارتقان قىز ئىدى. ئۇل قىز سەنەمجاننى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ گۇنا گۇن نازۇ - نىمەتلەرنى قويۇپ بېرىپ ئىدى. سەنەمجان ھېچقايسىغە ئىلتىفات قىلمادى. ئاندىن ئۇل قىز سەنەمجانغە:

— ئەي خېنىم ئەمدى سىز ئۆيىمىزگە يانىڭ. بۇ قىلمىشىڭىز جاھىللىق جۇمەلەسىدىن بولۇر، ئىككىنچىدىن، ئۆزىڭىز مەزلۇم كىشى، تەقدىرگە تەن بېرىپ قايتىپ كېتىڭ، — دەپ تولا نەسىھەتلەرنى قىلدى. سەنەمجان كەينىگە يانىپ بىر نەچچە كۈن يول يۇرۇپ يەنە دىيارى بەكرى شەھرىگە كەلدى. ئاقچى بىچارە سەنەمجاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ھاردۇق سوراپ ھال - ئەھۋاللاشتى. ئارادىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى سەنەمجان:

— ئەي ئاقچى ئانا، مەن غېرىپنى ئىستەپ بېرىپ، قەبرىسىنى زىيارەت

قىلىپ كەلمەسەم بولمايدۇ، — دەپ زار-
زار يىغلاپ غېرىپنىڭ پىراقىدا خۇن
چىگىرىدىن ئاھ تارتىپ نېمە دەيدۇر قېنى:

ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم ھەلەف شىرۋانغە،
قەبرەسىنى كۆرمەيىن قەرار ئەتمەسمەن.
زەررەچە قايغۇرماس بولدۇم بۇ جانغە،
ياردىن بۆلەك كىشىنى قەرار ئەتمەسمەن.

زىيارەت ئەيلەسەم بارىپ مەزارىنى،
باشىغە سالسامەن ئىشقى بەزارىنى.
تەگرىم ئوتىغە سالسۇن بەكرى دىيارىنى،
مەزارىن تەۋاف قىلماي ھەرگىز كەلمەسمەن.

يارىم تۇتتى ھەلەف شەھرىدە ۋەتەن،
دۇنيادا بارمىكىن بىزلەردەك ئۆتكەن.
جانىم پەرۋاز قىلىپ چىققۇنچە كەتكەن،
ئۆزگە بىرلە ھېچ مۇھەببەت ئەتمەسمەن.

مۇندا يۈرسەم ئىشىق ئوتى مېنى ئۆرتەر،
كۈندە يۈز مىڭ جەفالار باشىمدىن ئۆتەر.
سەنەم ئايتۇر، بۇ جەھاندا ئىچكەنىم زەھەر،
ئەمدى زۇھرەچىلىك قىسەم ئەيلەرمەن.

ئەلقىسسە، پادىشاھنىڭ باباخان شاتىر
دەپ بىر ئادەمى بار ئىدى. سەنەمجان
ئانىڭ ئالدىغە بارىپ:
— ئەي باباخان شاتىرى، مېنىڭ
يارىم غېرىپ ھەلەف شىرۋان شەھرىگە
كەتكىلى ئۇزۇن زەمان بولدى. غېرىپنىڭ
ئول مۇساپىرچىلىق شەھرىدە ھالى نېتە-
كەندۇر. مېنىڭمۇ ھەم ھېچ تاقىتىم قال-
مادى. ئەگەر غېرىپ ئۆلگەن بولسا قەبە-
رەسىنى زىيارەت قىلىپ كەلسەك، ھەيات
بولسا بىللە ئالىپ كەلسەك. مېنىڭ سىز-
دىن باشقە ھېچ غەمخارىم يوق ئىكەن،
سىز مېنى باشلاپ بارسىڭىز، — دەپ زار-
زار يىغلاپ نېمە دەيدۇر قېنى:

سەندىن ئۆزگە ئاغىلارىم يوق مېنىڭ،
كىچىككىنە بالا ئەردىم قولۇڭدا.
ئانامنىڭ ئورنىدا تەربىيە بەرگەن،
سەندىن ئۆزگە مەدەدكارىم يوق مېنىڭ.

يىغلىماقتىن ئۆزگە ھەرگىز ئىشىم يوق،
سەندىن ئۆزگە سىرىم ئايتۇر كىشىم يوق.
مېنىڭ مۇندا ھەرگىز كۆڭۈل خوشۇم يوق،
قولۇم تۇتار يارى دوستۇم يوق مېنىڭ.

مېنى ئالىپ بارغىل ھەلەف شىرۋانغە،
مۇندا كۆزۈم چۈشتى ياخشى-يامانغە.
ئۆمرۈم بولدى مېنىڭ بادى خەزانغە،
كۆڭلۈم ئايتار يارۇ دوستۇم يوق مېنىڭ.

يارىمنىڭ مەزارىدىن تەۋاف ئەتمەسەم،
تۇرارىم يوق بۇ يەردىن قايتىپ كەتمەسەم.
ئىستەپ تاپىپ قەبرەسىدە ياتماسەم،
بۇ ۋەتەندە كۆڭۈل خۇشۇم يوق مېنىڭ.

سەنەم ئايتۇر غېرىپ سالدى ھىجرانغە،
مېنى سەن باشلاغىل ھەلەف شىرۋانغە،
نەچچە دېسەم رەھمىڭ كەلمەس بۇ جانغە،
تىرىكلىكتە ئېتىبارىم يوق مېنىڭ.

دەپ ئىدى. سەنەمجاننى بابا شا-
تىرى بىللە ئالىپ بارماقچى بولدى.
سەفەر جابدۇقىنى راست قىلىپ ئاندىن
بۇلار يولغە رەۋان بولدى. نەچچە مەن-
زىل مەراھىللارنى تەي قىلىپ، بەياباز-

www.uyghurkitap.com



لارنى قەتئ ئەيلەپ بىر بايابانغە يەتتىلەر. بەناگاھ شەيتان لەئىن ئازغۇزۇپ، يولدىن چىقارىپ قازاق ۋىلايەتىگە كېلىپ قالدى. نەچچەن كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغقا يەتتىلەر. ئاندىن باباخان شاتىرى سەنەمجاننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق ئۈچۈن ئۇشۇل كۆرۈنگەن تاغقا قاراغىل، ھەلەف شىرۋاننىڭ مۇنارى دەپ ئىدى. ئاندا سەنەمجاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

شۇكرى بۇ كۈن كەلدىم ھەلەف شىرۋانغە،
يار مەزارى بولغان جايغە يېتىشتىم.
يەتتە يىلدىن يارىم شۇندا ياتىپدۇر،
ئېرىپ يارىم ئۆلگەن يەرگە يېتىشتىم.

نەچچە تاغۇ نەچچە يەردىن ئۆتۈپدۇر،
ئۆزنى ئىشق بازارىغە سالىپدۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن ئارمان بىلەن ئۆلۈپدۇر،
يارىم تۇپراق بولغان يەرگە يېتىشتىم.

مېنىڭ ئۈچۈن ئۆزنى سالىپ ھىجرانە،
مەن يارىمنى سۆيەي دىدىم غايىبانە.
مۇساپىر بولۇپدۇر ئاندا نە خانە،
ئەرمان بىلەن ئۆلگەن يەرگە يېتىشىم.

يەتتە يىل ئايرىلدۇق ناتەۋان بىلەن،
بىر كۆرۈشۈپ ئالمادۇق غېرىپجان بىلەن.
يارىم ئۇلفەت بولۇپتۇ بىر ئۆزى بىلەن،
مۇسافىرلىق كەلگەن يەرگە يېتىشىم.

بارىپ سالدى ئۆزنى ھىجران ئوتىغە،
قايىلمەن غېرىپنىڭ ئايتقان سۆزىگە.
يازۇ يار دەپ مېنىپ ئەجەل ئاتىغە،
جىنازەسى قالغان يەرگە يېتىشىم.

سەنەم كەلدى غېرىپ ئۈچۈن جان بېرىپ،
غېرىپ ئۈچۈن ئۆلەر كۆڭلىن تىندۇرۇپ.
شىرۋان ئىچرە «ئاھ غېرىپىم» دەپ يۈرۈپ،
شاھ غېرىپجان ئۆلگەن يەرگە يېتىشتىم.

سەنەمجان بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن باباخان شاتىرى:

— ئەي سەنەمجان، مەن سېنى قازاق ۋىلايەتىگە ئالىپ كەلدىم. ئەمدى، غېرىپنى تاشلاپ مېنى دېگىل. ئۆلۈك ئارسلاندىن تىرىك ساچقان ئەۋزەلدۇر،— دەپ ئەردى، سەنەمجان:

— مەن غېرىپنىڭ فىراقىدا ئۆلۈكدەك يۈرسەم، مېنى ئازدۇرۇپ بۆلەك ۋىلايەتكە ئالىپ كېلىپسەن. ئەگەر ئانداغ خەيالىڭ بولسا مانا شۇبۇ قىرىق تەڭگە پۇلغا شەھەردىن يېگۈلۈك تائام، مېنىڭ ئەقدىمگە بىر نەرسە ئالىپ چىققىل. ئاندىن بىزلەر ئەيش - ئىشرەت قىلالى،— دەپ ئاڭا قىرىق تەڭگە پۇل بەردى.

ئاندا باباخان شاتىرى شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

سەنەمجان ئايتتىكى، «كىشى كىشىگە ئىشنىپ ئاقىبەت بۇ كۈنگە قالۇرمۇ. ئاخىرى باباخاندىنمۇ ۋەفا كەلمەدى» دەپ بۇ دۇنيانىڭ بىۋافالىقىغە بۇ بەيتنى ئوقۇپدۇر:

ئەرز ئەيلەبان بۇ دۇنيانىڭ ۋەسفىدىن،
ئىشەنچىلىك شاھ ئاتامنىڭ قەسرىدىن.
كۆشاد قىلغىل ئىلاھىم بۇ مۇشكىلدىن،
نەچچەنى ئۆتكۈزدى فانى دۇنياسى.

سېنىڭ ئەقدەڭنىڭ راستى بولۇرمۇ،
غېرىپدىن ئۆزگە سەنەمنىڭ دوستى بولۇرمۇ،

ھەلەفكە بارۇرمەن دەپ مۇندا كېلىۋرمۇ،
بىزلەرگە باقماغان فانى دۇنياسى.

شىرۋانغە بارماققە تاقەت قالمادى،
سەنەمجاننىڭ سەندىن ئىشى پۈتمەدى.
شاتىر ئىدى مۇرادىغە يەتمەدى،
بەش كۈنلۈك قۇرۇلغان فانى دۇنياسى.

دەپ سەنەمجان قاچىپ كەتتى. ئاخىرى كۈن كەچ بولدى. بىر يەرگە بارىپ ئاتتىن چۈشۈپ ياتتى، تۈن ھەسسە بولۇپ ئىدى. يولنىڭ قاراۋۇللارى چارلاپ كېلىپ بىچارە سەنەمنى تۇتۇپ ئالىپ «سەن نە يەرلىك، نېمە مەزلۇمسەن؟ مەستانىمۇسەن، يا دىۋانىمۇ سەن؟ سېنى پادىشاھىمىزغا ئۇچۇرلايمىز» دەپ ئالىپ كېلىپ، گۇندەخانەغە قامادى. سەنەمجان بىچارە گۇندەخانەدە خۇدايى تەئالاغە مۇناجەت قىلىپ جەمئى ئەۋلىيا پەيغەمبەرلەرنى شەفىئ كەلتۈرۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئالەمنى ياراتقان قادىرى سۇبھان،
سەندىن باشقا يوقتۇر پاناھىم مېنىڭ،
قىسمەتىم نە بولدى، نەدۇر گۇناھىم،
ئۆزۈك يەتكىل ھالى-زارىمغە مېنىڭ.

ھەممەلەرنىڭ ئاتاسى ھەزرەتى ئادەم،
پەيغەمبەرلىك ئاڭا بولدى مۇسەللەم.
بۇ چاھنىڭ ئىچىدە قولۇم تۇت بۇ دەم،
ئۆزۈك يەتكۈز ھالى زارىمغە مېنىڭ.

پەيغەمبەرگە ۋەھى بەرگەن جەبرائىل،
ئىبراھىمنىڭ ئوغلى خەلىل ئىسمايىل،
ھەقنىڭ پەرمانىغە بولۇپدۇر قايىل،
رەھىم ئەيلەگىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

يۇسۇفنىڭ ئاتاسى ھەزرەتى يەئقۇب،
زىنداندا بولۇپدۇر خۇپ ئىلە ناخۇب.
ھەقنىڭ بەلاسىغە سەبر ئەيلەپ ئەييۇب،
ئۆزۈك يەتكىل ھالى زارىمە مېنىڭ.

سولانىپ ياتىپ مەن غەمدە ھەر زامان،
ھەقنىڭ دوستى بولغان، يا فەخرى جەھان،
تۆرت يارنىڭ بىرىدۇر، يا شاھى مەردان،
رەھىم ئەيلەگىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

ھەزرەتى يۇنۇس تاپتى كەرامەت،
بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقتى سەلامەت
بۇ گۇنداندا ماڭا ئەرسات قىيامەت،
ئۆزۈك يەتكىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

بۈگۈن مېنى گۇنداندىن ئەيلەگىل خەلاس،
گۇمراھلارنى باشلىغان، يا غەۋسۇ غىياس.
ھەققى ھۆرمەتى، يا ھەزرەتى ئىلياس،
رەھىم ئەيلەگىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

ھېچ كىشىم يوق مېنىڭ بۇ يەردە غەمخار،
مۇسافىرمەن ماڭا ھەق ئۆزى ھەمكار.
ئاندىن پىرىم سۇلتانىسەن قۇرئان مەدەتكار،
رەھىم ئەيلەگىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

بۇ كۈندە تىلەرمەن ھەممەدىن ئەمان،
ئىگەم بەرگەي مۇرادىمنى ھەر زەمان.
ھەسەن بىلەن ھۇسەيىن شاھى شەھىدان،
ھەمراھىم بولۇپدۇر قاراڭغۇ زىندان.
سەنەمنىڭ پىرىدۇر، يا فەتھۇل جەھان،
رەھىم ئەيلەگىل ھالى زارىمغە مېنىڭ.

دەپ بۇ مۇناجاتىنى ئوقۇپ يىغلاپ ئەردى. ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا سەنەمنىڭ بۇ مۇناجاتىنى دەرگاھىدا قەبۇل قىلىپ، كۇندىپايلارنىڭ رەھمىسى كېلىپ پادىشاھقە ئاڭلاتتىلەركىم:

— ئەي پادىشاھىم، كىچىككىنە بىر مەزلۇمنى تۇتۇپ ئالىپ سولاپ قويۇپ ئىدۇق. ئانىڭ نالە-پىغانىغە بىزلەر تاقەت قىلالمادۇق، ئىلتىفات قىلىپ بىر سوراپ باقسالار، مۇنداغ دەردمەند مەزلۇممۇ بولۇرمۇ؟

پادىشاھ:

— ئالىپ كېلىڭلار، مەن بىر كۆرەي، — دەپ ئەمىر قىلدى.

شول زەمان سەنەمنى پادىشاھنىڭ ئالدىغە ئالىپ كەلدى. ئول پادىشاھى قاراخانىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتى بۇغراخان ئەردى. بۇغراخان سەنەمجانىدىن سوئال سوراپ ئايتتىكى:

— ئەي مەزلۇم، سەن نەيەرلىك؟ ئەسلى نەسەبىڭ نەيەردىن؟ بۇ ۋىلايەتكە نە ۋەجىدىن كەلدىڭ؟ ئەمدى نەيەرگە بارۇر ئېردىڭ؟

سەنەمجان پادىشاھقە جاۋاب بەرمەك ئۈچۈن ئاھ تارتىپ نىمە دەيدۇر قېنى:

بىر يىگىتنىڭ تىغەيلىدىن،
تۈگەمەس دەردكە يېتىشتىم.
ئوتلار سالدى بۇ جانىمغە،
چۆلدىن بوستانغە يېتىشتىم.

ماڭا بولماس كىشى ھەمدەم،
ئىشىم بولدى كۈندە ماتەم.
ياخشىلىق كۆرمەدىم بىردەم،
كۈندىن-كۈنگە فىغان چەكتىم.

ئاخىر ئۆلەرمەن بۇ غەمدىن،
دەردىم تولا دەمبەدەمدىن.
ئايرىلدىم ئاتا-ئانامدىن،
مەجنۇن كەبى چۆلگە تۈشتۇم.

شاتىرى ئالىپ كەلدى مۇندا،
ساق ئەردىمەن ئۆز يۇرتۇمدا.
مېنى تۇتتى قىلدىم نىدا،
ئاخىر بۇ يەرگە يېتىشتىم.

شاھ سەنەم دەر: شاھ زەمانە،
مېنى قىلغىل سەن ئازادە.
سەندىن تاپقۇمدۇر مۇرادە.
غېرىبلىق شەھرىگە يېتىشتىم.

پادىشاھ بۇغراخانىنىڭ سەنەمگە رەھمى كېلىپ گۇنداخانەغە يالاپ سالغان كىشىنى ئالدۇرتۇپ كېلىپ، سەنەمجانىنى بىگۇناھ سولاپ سالغانىغە دەرغەزەپ بولۇپ گۇناھكار قىلىپ قوغلاپ چىقاردى. بۇغراخان سەنەمجانىگە بىر شاتىرى قوشۇپ بەردى. ئايتتىكى:

— سەن بۇ خېنىم سەنەمجانىنى ئۆز شەھرىگە ئاپارىپ قويۇپ يانىپ كەلگىل.

پادىشا قوشۇپ بەرگەن شاتىرى بىلەن سەنەمجان نەچچەند مەراھىللەرنى تەي قىلىپ ۋە بادىيەلەرنى قەتئ ئەيلەپ، ئاخىرى دىيارى بەكرى شەھرىگە يېتىپ كەلدىلەر. ئاندا ئاقچى سەنەمجاننى يىراقتىن كۆرۈپ، ئالدىغە بارىپ كۆرۈشتىلەر. شەبنەم ئاڭا قاراپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

باباخاندىن بۇ يىل بولدۇم جۇداغە،
يارىم سالدى مېنى جەۋرى جەفاغە.
ئازغۇرۇپ ئاپاردى مېنى قازاغە،
ھېچكىمدىن ياخشىلىق ئەجەب كۆرمەدىم.

غېرىپ كەتكەن ئىكەن ھەلەپ شەھرىۋانە،
مېنى قويدى تۆكمەس دەرد - ھىجرانە.
دەردىمگە تاپمادىم ھېچ دەرمانە،
سىردىمنى ئايتقالى بىر يار تاپمادىم.

سەنەم ئايتۇر سۆزلەشتىم بۇغراخان بىلەن،
دەردىمنى سورىغان قەدىرىدان بىلەن.
بۇ دۇنياغە كېلىپمەن غېرىپجان بىلەن،
فەراغەت، خۇشاللىق زىنھار تاپمادىم.

ئول كېچە ئاقچى جەمىئ ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى، غېرىپنى چۈشىدە كۆردى. ئەرتەسى سەنەمنىڭ قاشىغە كېلىپ:

— ئەي سەنەمجان، مەن بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپدۇرمەن. غېرىپجان ئۆلمىگەن بولغاي. كۆرگەن چۈشۈم رۇھانىيمىكى يا شەيتانىمىكى، — دەپ زار - زار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى ئىشتەيلى:

بۇ كېچە چۈشۈمدە غېرىپنى كۆردۈم،
رەھمانىيمىكىن ئۇ ياكى شەيتانىي،
شەيتانىيمىكىن دېدىم بىلدىم رەھمانىي،
ئەرەنلەرنىڭ ئىزھارىنى قىلغانى.

ئەرەنلەرنىڭ ئىزھار ئېتەر ئېلى بار،
غەۋسۇ غىياس ھەققىنىڭ ئەزىز قەۋلى بار،
كەربەلادا شەھىد بولغان ئىمام بار،
غېرىپجاننىڭ تىرىكدۇر، يوقتۇر ئۆلگەنى.

سوفىلارنىڭ پىرى باردۇر دىلىندا،
باشىدا تاجى باردۇر قۇشى قولىندا،
يالغان سۆزلەر يوقتۇر بۇ ئەھۋالىمدا،
ئەرەنلارنىڭ يوقتۇر يالغان ئايتقانى.

پەسەنددۇركى شىرىنىغە ئول ئابىھەيات،
چاھار باغ ئىچىندە بەندەدۇر ھەيات.
سەنەمجانغە كەلدى بىر ھۇر پەرىزاد،
ئاقچىنىڭ يوقتۇر بىر يالغان ئايتقانى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم ئاقچىدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ چالا بوغۇزلانغان كەپتەردەك يۇمۇلانىپ، كۆپ بىتاقەت بولۇپ «مەن ئەمدى بۇ يەردە يۈرۈپ مۇرادىمغە يېتەلمەدىم. يارىم غېرىپنى ئىستەپ جانىم ئاغزىمدىن چىققۇنچە ئاھ غېرىپ، ئاھ غېرىپ دەپ، يۈرگەن يوللاردە ئۆلمەسەم زادى بولمايدۇر» دە، زار - زار يىغلاپ بۇ بەيتنى ئوقۇيدۇر:

ھېچ تاقەتىم قالمادى ئاھ بۇ تەندە،
سەدقەڭ بولايىن گۈلنىھال ئايىم.
مەن يارىمنى تىلەيمەن خۇدادىن كۈندە،
مۇرادۇ مەقسەدىم: كۆرسەم غېرىبىم.

يانا بارىپ كۆرسەم يارىم يۈزىنى،
بارىپ تەۋاپ ئەيلەسەم باسقان ئىزىنى.
غېرىپجان ئۇنتۇدىمۇ ئەبباس قىزىنى،
مۇرادۇ مەقسەدىم: كۆرسەم غېرىبىم.

سەنەم ئېيتۇر، غېرىپ ئۈچۈن زار بولدۇم،
بىر تازا گۈل ئىدىم، ئەمدى خار بولدۇم،
غېرىپجاننى بىر كۆرگەلى زار بولدۇم،
مۇرادۇ مەقسەدىم: كۆرسەم غېرىبىم.

ئاندىن سەنەمجان ئايتتى:

— ئەي ئاقچى ئانا، سىز ھەلەپ

شىرۋانىغە بارىپ يارىم غېرىپنىڭ بار-
يوقىنى بىر خەبەر ئالىپ كەلمەدىڭىزە
قولىڭىزدىن ھېچ ئىش كەلمەدى. ئەمدى
غېرىپجاننىڭ فىراقىدا ئۆلگەنىم ئۆلگەن،—
دەپ يىغلاپ كۈندىن - كۈنگە ئاش-
سۇدىن قالدى، كىشى قاراپ سۆز سو-
راسا، ئەسلا كۆزىنى ئاچماس ئەردى. ئا-
دا پادىشاھ مۇنادىگەرلەرنى ھازىر قىلىپ:
— ئەي مۇنادىگەرلەر، سىزلەر شە-
ھەر - شەھەرلەرگە بارىپ مۇنادى قىلىڭلار،
ھەر جايدا تەبىب ۋە ھۆكەما بولسا ئالىپ
كېلىڭلار. ھەر كىشى قىزىم سەنەمجاننى
دەفئى دارۇ قىلىپ ساقايتسا، قىزىمنى
ئول كىشىگە بېرورمەن،— دەپ يارلىق
قىلدى.
مۇنادىگەرلەر شەھەر - شەھەرگە
يۈردىلەر. ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى
غېرىپجاندىن ئىشتمەك كېرەك.
ئەلقىسسە، غېرىپجان چۆل - بەيابان-
لارنى كېزىپ يىغلاپ كېتىپ بارۇر ئېر-
دى. بەناگاھ يولدا ھەزرەتى خىزىر
ئەلەيھىسسالام ھازىر بولدىلار. غېرىپجان
ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا سەلام قىل-
دى. خىزىر ئەلەيھىسسەلام جاۋاب بېرىپ:
— ئەي غېرىپ، سەن ئەمدى ھەلەف
شىرۋانغە بارىپ بىر تەبىبنىڭ سۈرىتىدە
بولۇپ ئولتۇرغىل. سېنىڭ شۇندا مۇرا-
دىڭ ھاسىل بولۇر،— دەپ قوينىدىن بىر
پارچە رەم كىتابىنى ئالىپ غېرىپقا بەر-
دىلەر، ئاندىن ئۇلا پەندۇ نەسىھەتلەرنى
قىلىپ غايىپ بولدىلار.
ئاندىن غېرىپجان شۇبۇ يۈرگەنلەر-
چە نەچچە كۈندە ھەلەف شىرۋانغە بار-
دى. بارىپ شەھەرنىڭ بىر سوفىسىگە
چىقىپ، رەم كىتابىنى ئاچىپ قويۇپ
ئولتۇرۇر ئەردى. دىيارى بەكىردىن كەل-
گەن مۇنادىگەرلەر پادىشاھ دېگەنىدەك
مۇنادى قىچقىرىپ ئىدى. بىر كىشى:
«فەلانى گوزەردە بىر سوفىدە بىر
ئاخۇنۇم كىتاپ ئاچىپ ئولتۇرۇر. ئۆزى
يىراق شەھەردىن كەلگەن ھۆكەماغە
ئوخشايدۇر» دېدى. ئۇلار كېلىپ غېرىپ-
نى كۆردى. تونىمادى. غېرىپ مۇسافىر-
چىلىق شەھرىگە كەلگەلى ئۇزۇن زەمان
بولۇپ ئەردى. بۇلار پادىشاھنىڭ قىزى
سەنەمجاننىڭ كېسەل بولغانىن، پادىشاھ
ھەر كىشى دەفئى دارۇ قىلىپ ساقايتسا
قىزىمنى شول كىشىگە بېرورمەن دېگەن
سۆزىنى بەيان قىلىپ ئەردى. غېرىپجان
كۆرگەنلەرىنى بەيان قىلىپ نېمە دەيدۇرقېنى:

شىددەتىمنى كۆرۈك قەزا فەلەكنى،
مېنى فەلەك ئۆز يۇرتۇمدىن ئايىردى.
غېرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ باردۇر سوراغى،
كۆيدۈردى، ياندۇردى، ياردىن ئايىردى.

بىر ياندىن قايغۇسى، بىر ياندىن داغى،
بىر ياندا لالەلىك بوستانلىق باغى.
بىر ياندىن ئاتەشى، بىر ياندىن داغى،
بىر ياندىن لالەدەك ياردىن ئايىرىلدى،

بۇ مۇھەببەت غەمىدە ئاخىر ئۆلەرمەن،
مۇسافىرلىق خاقانىغە ئوخشارمەن،
گۈل يارىمنى كۆرۈر بولغان ئوخشايمەن،
تېز ئاچىلغان يېڭى گۈلدىن ئايىردى.

تۆكەمەس بەلاغە تۆشتىمۇ باشىم،
يارسىز ئۆتۈپدۇر ياز بىلەن قىشىم،
توپان كەبى ئاقادۇر كۆزۈمدىن ياشىم،
تەگرى مېنى ئوشۇل ياردىن ئايىردى.

غېرىپ ئايتۇر، ئەمدى بىلمەي سۆزۈمدىن،
يار ئۈچۈن ئاققاندۇر ياشىم كۆزۈمدىن،
ئايرىلىپمەن جەفا ئىلەن يۇرتۇمدىن،
قەبا فەلەك سەنەمجاندىن ئايردى.

ئەلقىسسە، بۇلار غېرىپنى ئالىپ
يىگىرمە بىر كۈندە دىيارى بەكرى
شەھىرىگە كەلدىلەر. پادىشاھ ئايتتىكى:

— ئەي تەبىب، دۇنيالىقتا بىر
قىزىم بار ئەردى. كېسەل بولۇپ قالدى.
ئاڭا ھېچ ئىلاج دارۇ مەنفەئەت قىل-
مادى. سىز بۇ قىزىمغە دارۇ قىلىپ
ساقايتىپ بەرسىڭىز، قىزىمنى سىزگە
بېرەي. پادىشاھلىقىمغا شېرىك قىلاي.
سىزنى دۇنيادىن بىھاجەت قىلاي.

غېرىپجان سەنەمنىڭ ياتقان يېرىگە كى-
رىپ، سەنەمگە دارۇ بەرگەن بولۇپ تۇردىلار،
سەنەمجان غېرىپنى كۆرۈپ بۇي ئالىپ،
ساقايىپ ئورنىدىن قوپتى. كۈندىن-
كۈنگە تەئامغە كىرىپ، سەلىمۇلئەزا
بولۇپ ساقايدى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ
بۇلارنىڭ تويىنى قىلماقچى بولدى.
پادىشاھ ئەبباسخان ئايتدىكى:

— ئەي تەبىب، سىز قايسى ۋىلا-
يەتتىن بولۇرسىز؟ كىملەرنىڭ ئەۋلادىدىن؟
ئەسلى نەسەبىڭىزنى بەيان قىلىڭ.

غېرىپ تائەۋۋەلدىن ئاخىرىغىچە باشىغە
كەلگەن كۈنلەرنى بەيان ئەيلەپ نېمە
دەيدۇر قېنى:

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس،
باشقا يۇرتغە چىقماغۇنچە،
ياخشى يارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمەگۈنچە.

قول ئۈزارتسام يارغا يەتمەس،
يارسىز مېنىڭ ئىشىم پۈتمەس.
ياخشى-ياماننى پەرق ئەتمەس،
بىر نامەردكە چۈشمەگۈنچە.

پادىشاھ بۇ بەيتنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، غېرىپنى تونۇپ، بۇلارغە رەھمى
كېلىپ ئايتتىكى:

— خۇدانىڭ ئىرادەسىدىن تاشقارى
ھېچ ئىش يوق ئىكەن. سەنەمنى غېرىپقا
بېرەيلى دېسەم بۇ كەم ئەقىل خاتۇنۇم
«ئاتاسى يوق يەتىم بالىغە قىز بېرىپ
بولماس» دەپ، مېنىڭ ئالدىمنى توساپ،
باشىمنى تولا ئايلاندۇرۇپ خۇدانىڭ
ئىرادەسىگە بويسۇنماي ئۇناماغان ئىدى.
ئاخىرى بەرمەي بولمايدۇرغانغە ئوخشاي-
دۇر، ھېلى ئاتاسى بولماغان بىلەن ئەۋ-
ۋەلدە بار ئىدى. ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپ
كەتكەن ئىدى. خۇدايىتەئالا بۇلارنىڭ
نىكاھىنى قوشۇپ ئىكەن.

ئاندىن پادىشاھ ئەبباسخان ئۆز
ھالىغە زار يىغلاپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

مەۋج ئۇرۇپ كۆيدۇردى ئىشتىياق ئوتى،
ئىشىق ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.
شاھ سەنەمنى غېرىپجانغە قوشايدىن،
ھىجران ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

بارىپ قازى بىلەن مۇفتى كەلتۈرۈڭ،
ۋەزىرىم گۈل بولۇپ سىز ھەم ئولتۇرۇڭ.
ئاشىقلارنى مۇرادىغە يەتكۈزۈڭ،
ئىشىق ئوتى يامان ئىكەن دوستلارىم.

www.uyghurkitap.com

قەزا فەلەك بىزنى سالدى بۇ غەمگە،
كۆڭلۈمدىن چىقماغان دەردۇ ئەلەمگە،
غېرىپنى تاپشۇردۇم قىزىم سەنەمگە،
ئىشىق ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

ئەبباسخان دەر: قىلغان ئىشىم مەلامەت،
جانىمنى قۇتقۇزسام ئاندىن سەلامەت.
بويىنۇمدا قالماسۇن قەرزى قىيامەت،
كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن، دوستلارىم.

ئەلقىسسە، بەغداددىن غېرىپنىڭ ئاناسى ۋە سىڭلىسىنى يۈز مىڭ ئىززەت ئىكراملار بىلەن شەھرگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆزرەخاھلىق ئايتتى. ئاندىن غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇپ، توي ئەسبابلارىنى راست قىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي بۇنياد ئەيلەپ، سەنەمنى غېرىپغە ئەقدەئى نىكاھ قىلىپ ئالىپ بەردىلەر. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ تويىغە شەھر-شەھرلەردىن، يۇرت-يۇرتلاردىن، سەھرا-سەھرالاردىن ئۇلۇغ ئۇششاق، ئايماق-ئايماق، سانجاق-سانجاق، قەبىلە-قەبىلە، گورۇھ-گورۇھ كىشىلەر كېلىشىپ تويغە داخىل بولۇشۇپ، ئاش-ماش، گۆش-مۆش، چاي-پاي، قەندگەزەك، مانتۇ-چۆچۈرە، قاتلىمىلارنى شورپالارغە چىلاشىپ نىھايەتى سىيراپ بولۇپ، ئاب-ئاش سىرۇپاي، ھەرقايسىسىنىڭ مەنسەبىگە لايىق تون-ئىگىن، ئىنئاملارنى ئالىشىپ، ئەللاھ-ئەللاھ، ھاي-ھۇي قىچقارىشىپ، ھەر قايسىلارى ئۆز يۇرتىغە تارقاشتىلار. پادىشاھ تويىنى ئۆتكەتىپ، مېھمانلارنى ياندۇرۇشتىن ئىلگەرى غېرىپنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىقارىپ، ھەممە تابىئەلەرى بىرلە مۇبارەك يادلىق قىلدى. غېرىپ ئانداغ ئەدالەتلىك پادىشاھ بولدىكىم، پادىشاھ ئەبباسخان نىھايەتى شاد-خۇررەم بولۇپ، ئۆزلەرى خاس ھۇجرەلەرىغە كىرىپ خىلۋەت نىشىن بولۇپ، پادىشاھلىق ھۆكۈمەت مۇھرىنى غېرىپقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاندىن فۇقەرالارى بىلەن رازىلىشىپ خۇدايىتەئالاغە تائەت-ئىبادەت قىلماققە مەشغۇل بولدىلار. غېرىپ ھەم خۇدايى تەئالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ، شاھ سەنەم بىلەن يۈتۈشكەن ۋاقتىنىڭ بۇيانىدا تارتقان رەنج-مېھنەتلەرىنى، بىر كېچىدە راھەت ياستۇقىغا باشلارىنى قويۇپ، كام دىل ھاسىل قىلىپ، سەنەمجاننىڭ نەچچە يىل بۇيانىدا تارتقان داغلارىنىڭ ئەجرىنى بىر كېچىدە ياندۇرۇپ، خىزمەتىنى ياخشى قىلىپ، سەنەمنىڭ رەھمەتىنى ئالىپ ھەم ئۆزى خۇرسەند بولۇپ، تارتقان مۇشەققەتلىرىنىڭ ئەجرىنى بېرىپ، خۇدايىتەئالا دۆلەتكە مۇشەررەپ قىلغانىغە يۈز مىڭ شۈكرى-سەنالارنى ئايتىپ، كۈندىن-كۈنگە ياخشى ئات ئابروي بىرلە ئالەمدىن ئۆتتىلەر. ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ مۇرادىغە يەتتىلەر.




## ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشى

باغداد شەھرىدە ئېلى موزدۇز دېگەن بىر ياماقچى بار ئىكەن. ھەر كۈنى ياماقچىلىق قىلىپ بەش تەڭگە پۇل تاپاۋەت قىلىدىكەن. كۆڭلىدە ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ھەر كۈنى تاپقان بەش تەڭگە پۇلىدىن ئۈچ تەڭگىنى ئائىلىسىگە خىراجەت قىلىپ ئىككى تەڭگىنى ئىقتىساد قىلماقچى بوپتۇ ۋە كىچىك بىر ساندۇقچە ياساپ ھەر كۈنى تاپقان پۇلىدىن ئىككى تەڭگىنى ئاشۇ ساندۇققا سېلىپ تۇرۇپتۇ. ساندۇق تولغاندا ھەج سەپىرىگە ماڭماقچى بوپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، ساندۇق پۇل بىلەن تولۇپتۇ. ئېلى موزدۇز ھەج سەپىرىگە ماڭماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ياماقچىنىڭ ئايالى تاماق ئېتىشكە تەمشەلسە، ئۆيىدە ئوت ئالدۇرغۇچ تۈگەپ قاپتۇ. قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوت تىلەپ كىرىپتۇ. قارىسا قوشنىسى ئەر-خوتۇن پىشۇرۇلغان بىر قوي گۆشىنى داستىخاندا قويۇپ ئىككى بالىسى بىلەن يېيىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ياماقچىنىڭ خوتۇنىنىڭ گۆشنى كۆرۈپ يېگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. بۇلار ئۇنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلماپتۇ. ئاخىر تاقەت قىلالماي:

— گۆشتىن ماڭىمۇ بېرىڭلار، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. گۆشتىن بۇ ئايالغا بەرمەپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە گۆشتىن بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قوشنىسى:

— بۇ گۆش بىزگە ھالال، سىزگە ھارام، — دەپتۇ-دە، باش كۆتۈرمەي گۆشنى يەۋېرىپتۇ. ياماقچىنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. ئېلى موزدۇز خوتۇنىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارىسا دېگەندەك بىر قوينىڭ گۆشىنى يەپ ئولتۇرغىدەك. ئېلى موزدۇز بۇلارغا:

— خوتۇنۇم ئۆيۈڭلەرگە كىرسە گۆشتىن بەرمەپسىلەر. «بۇ گۆش بىزگە ھالال، سىزگە ھارام دەپسىلەر» بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قوشنىسى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، ئاچقالدۇق. بىر يىلدىن ئاشتى، بىر چىشلەم گۆش ئېلىپ يېيىشكە قادىر بولالمىدۇق. خوتۇن-بالىلىرىم گۆش دەپ يىغلاشتى. تۈنۈگۈن ئاخشام يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام، ئىككى كىشى ھارام بولۇپ قالغان بىر قوينى يول بويىدىكى بىر جايغا كۆمگىلى

www.uyghurkitap.com





تۇرغانىكەن. ئۇلار قوينى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قوينى ئۇ يەردىن ئېچىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ پىشۇرۇپ ئەمدى يېگىلى تۇردۇق. شۇڭا بۇ گۆشنى سىزنىڭ ئايالىڭىزغا بېرىشنى راۋا كۆرمىدۇق. بۇ گۆش بىزگە ھالال، ئەمما سىلەرگە ھارام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېلى موزدۇز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپتۇ. ئۆز ئىچىدە: «بۇ يىل ھەج قىلىشقا بارمىسامۇ بارماي، ئاۋۋال قوشنامنى بۇ قىيىن تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇراي» دەپ ئويلاپتۇ. ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرھال ئۆيىگە بېرىپ، ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېلىپ قوشنىسىغا بېرىپتۇ. قوشنىسى پۇلنى ئېلىپ ئېلى موزدۇزغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەرەمدىكى مىسىرلىق ھاجىدىن ئاڭلايلى.

مىسىرلىق ھارۇن دېگەن بىر كىشى، مىسىردىن ھەج قىلغىلى كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولۇپتۇ. بۇ ھاجى بىر كۈنى كەبە مەسچىتىگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇغىلى كىرگەنىكەن، نامازدىن كېيىن ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرسا، غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بىرىنچى ئاۋاز:

— بۇ يىل ھەج قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ھەجى ئاللانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولدى، — دەپتۇ.

ئىككىنچى ئاۋاز:

— ياق، ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ھەجى تولۇق قوبۇل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ھەج قىلىشقا كەلگەنلەر ھەر خىل نىيەت بىلەن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ نىيەت بىلەن ھەج قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلسىمۇ، يەنە بەزىلىرى ساپ نىيەت بىلەن كەلمەيدۇ. بەزىلىرى «ھاجى» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ ئابروي قازىنىش ئۈچۈن كېلىدۇ. بەزىسى دورامچىلىق قىلىپ كېلىدۇ. يەنە بەزىلىرى ساياھەت قىلىشقا كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى سودىگەرچىلىك

قىلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ. بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئىگىلىۋېلىپ شۇنىڭ بەدىلىگە ھەج قىلغىلى كېلىدۇ. شۇڭا مۇنداقلارنىڭ قىلغان ھەجى تەڭرى دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ، — دەپتۇ.

بىرىنچىسى:

— بۇ يىلقى ھەج ئۆتكەن يىللارغا ئوخشىمايدۇ. مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلى بىلەن قوشنىسىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن، تەڭرى تائالا بۇ يىلقى ھەجنى تامامەن قوبۇل قىلدى، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

— بۇ ساۋابلىق قانداق ۋەقە ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ.

بىرىنچىسى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باغداد شەھىرىدە ئېلى موزدۇز دېگەن بىر ياماقچى بولۇپ، ئۇ قوشنىسىنىڭ قىيىن تۇرمۇشتا قىينالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلىنى قوشنىسىغا بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇلدۇردى. قوشنىسى ئاللا تائالادىن مىننەتدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلى موزدۇز گەرچە ھەج قىلىشقا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەج قىلىش نىيىتى تەڭرى تەرىپىدىن ھاجىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىندى. ھەجى مەقبۇل بولدى. ھەممە ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇ يىل ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەجنى قوبۇل قىلىۋەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاۋاز توختاپتۇ. بۇ سۆزلەشكەنلەر پەرىشتىلەر ئىكەن.

مىسىرلىق ھاجى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن باغداد شەھىرىگە كەپتۇ. كىشىلەردىن سورا-سورا، ئېلى موزدۇزنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئېلى موزدۇز بۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلىنى قىيىن كۈنگە قالغان قوشنىسىغا بېرىۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

مىسىرلىق ھاجى تەڭرىنىڭ ئىككى پەرىشتىسىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئېلى موزدۇزغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئېلى موزدۇزنىڭ ھاجى بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— تەڭرى ھەجگىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، سېنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلۇڭنى قىيىنچىلىقتا قالغان قوشناڭغا بېرىۋەتكەنلىكىڭنىڭ شاراپىتىدىن بۇ يىل كەبىگە ھەج قىلىشقا بارغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەجنى قوبۇل قىلدى، — دەپتۇ.

ئېلى موزدۇز مىسىرلىق ھاجىدىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۆمىن ئاخۇن

رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن

# جازانىخورنىڭ ۋاپاسىزلىقى

مەلۇم بىر شەھەردە قاسىم دېگەن بىر جازانىخور بار ئىكەن. يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىدىكەن. قەرزنى دېگەن قەرەلدە تاپشۇرمىسا، ئۆسۈم ئۈستىگە قوشۇپ تۇرىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ، يەر-زېمىن، ئۆي-ۋاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ. قاسىم ئۆزى ھېچبىر ئەمگەك قىلماي تىرىكتاپلىق بىلەن جازانىخورلۇق قىلىپ تاپقان كىرىم بىلەن ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا بىلەن پەيز سۈرىدىكەن. بۇنىڭدا قىلچە رەھىمدىللىك يوق ئىكەن. بۇ جازانىخور يامان ئىشلارنى تولا قىلغاچقا، خەلقنىڭ قىساسى تۇتۇپ، ئاخىر ۋەيران بوپتۇ. ھەتتا نەچچە كۈنلۈك ئاچ قاپتۇ. ئەمگەك قىلاي دېسە، ئەمگەك ئېغىر كەپتۇ، ئەمگەك قىلىشتىن نومۇس قىپتۇ. ئاخىر ئاچلىققا چىدىيالماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. دەريا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا دەريا بويىغا كەپتۇ. قارىسا دەريا سۈيى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان. جازانىخور دەريانىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى دەرياغا ئاتاي دېسە قورقۇپتۇ. جان بەرمەك ئۇنىڭغا تەس كەپتۇ. دەريا بويىدا ئىككى خىيالدا قاپتۇ. دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش كېرەكمۇ ياكى باشقا يول تۇتۇش كېرەكمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىردەم ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇپ دەرياغا دېۋەيلەپتۇ. بىردەم ئارقىغا داجىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سەككىز-ئون قېتىم تەكرارلاپتۇ. دەريا ياقىسىدا بىر قومۇشلۇق كۆل بولۇپ، بۇ كۆل بىر توپ ياۋا غازلارنىڭ ماكانى ئىكەن. بىر ياۋا غاز ئۇنىڭ نورمالسىز ھەرىكىتىنى كۆرۈپ دىققەت نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپتۇ. ئەركەك غاز چىشى غازغا:

— مەن ئاستا سۇ ئاستى بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلەي، ئۇ نېمە ئادەمكىن؟ — دەپتۇ.

چىشى غاز ئەركىكىگە:

— بارما، ئەگەر ئۇ يامان نىيەتلىك ئادەم بولسا ھاياتىڭغا خەۋپ يېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئەركەك غاز چىشى غازنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، سۇ ئاستى بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

غاز:

— ھەي ئىنسان، نېمانداق بىردەم سۇغا سەكرىمەكچى بولىسىز، بىردەم ئارقىغا

داجىپ كېتەمسىز، يا قايتىپ كەتمەيسىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

جازانىخور:

— بىرنەچچە كۈن بولدى، يەي دېسەم يوق، ئىچەي دېسەم يوق. ھالىمغا ۋاي. ئاخىر جېنىمدىن تويۇپ، دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالاي دەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، غازنىڭ بۇ ئادەمگە رەھمى كەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— نېمىشقا ئاسانلا جاندىن تويدىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالماڭ. مەن سىزگە ياردەم بېرەي، دەپلا سۇ ئاستىغا چۆمۈپ كىرىپ كېتىپتۇ. جازانىخور بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن غاز ئاغزىدا بىر دانە گۆھەرنى چىشلەپ چىقىپتۇ. بۇ گۆھەر جازانىخورنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ. غاز بېشىنى بىر سىلكىگەن ئىكەن، گۆھەر جازانىخورنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن جازانىخورنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ. كاپ قىلىپلا گۆھەرنى ئالغىنىچە ھېچ نەرسىگە قارىماي شەھەرگە چېپىپتۇ. جازانىخور بۇ گۆھەرنى گۆھەرپۈرۈشقا سېتىپ باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە خەيرىخاھلىق قىلغان غازنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ.

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇ ياندىن ئاڭلايلى.

بىر كۈنى شەھەردە بىر گەپ تارقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ساقايماس يامان كېسەللىككە گىرىپتار بوپتۇ. بىر دانا ھۆكۈما مەلىكىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ:

— بۇ كېسەللىكە ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ياۋا غازنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ئىسسىقىدىلا يېگۈزۈپ، غازنىڭ قېنىنى مەلىكىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئېقىتسا شىپا تاپىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھۆكۈمادىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەلگە ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. كىمكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئەركەك غازنى تىرىك تۇتۇپ ئەكىلىپ بەرسە يۈز تىللا ئىنئام قىلىدىكەن، يەنە ئۇنىڭغا ئوردىدىن كاتتا ئەمەل بېرىدىكەن.

جازانىخور بۇ گەپنى ئاڭلاپلا دەريا تەرەپكە قاراپ چېپىپتۇ. غازنىڭ ماكانى قومۇشلۇق كۆلگە كەپتۇ:

— ئەي مېنىڭ ئالىيجاناب مېھرى-شەپقەتچىم. سەن قەيەردە. بېشىمغا كۈن چۈشتى. مېنى پالاكەت باستى. قاتتىق ئازابقا قالدىم. سەندىن ياردەم تىلەيمەن، — دەپ غازنى چىللاپتۇ.

غاز جازانىخورنىڭ ئاھ-زارىنى ئاڭلاپ جازانىخورنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

— بېشىڭغا يەنە نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەدنىيەت جازانىخور ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە:

— مەن نېمە دېگەن بىتەلەي. يەنە بېشىمغا كۈن چۈشتى. قېشىمغا يېقىنراق كېلىپ گېپىمنى ئاڭلىساڭ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— غاز سۇدىن چىقىپ جازانىخورنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىشى، بىلەن كاپ قىلىپلا غازنى

تۇتۇۋېلىپ ئالدى-كەينىگە قارىماستىن شەھەرگە قاراپ چېپىپتۇ.
غاز جازانىخورنىڭ پەيلىنى بىلىپ قورقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:
— مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن،— دەپ سوراپتۇ.
— سېنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ نۇرغۇن ئالتۇنغا ۋە كاتتا مەنسەپكە ئېرىشىمەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غاز قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە جازانىخورغا يېلىنىپ تۇرۇپ:
— مېنى قويۇۋەتكىن، يەنە بىردانە گۆھەر ئاچىقىپ بېرەي. ھېلىگەر جازانىخور مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:
— سېنىڭ گۆھىرىڭنى كىم كۆرمىگەن. ئەمدى ئۇنداق گۆھىرىڭنىڭ كېرىكى يوق. پادىشاھنىڭ مەلىكىسى سېنىڭ يۈرىكىڭنى يېمەكچى. ئۇ چاغدا مەن پادىشاھ ئوردىسىدا چوڭ ئەمەلگە ئېرىشىمەن. ئابروييوم ئاشىدۇ. دۆلەتمەن بولىمەن. نۇرغۇن ئالتۇن-تىللاغا ئىگە بولىمەن. نۇرغۇن خىزمەتكارلار مېنىڭ خىزمىتىمدە بولىدۇ. ھا...ھا...
غاز جازانىخوردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ نامەرد جازانىخور تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە «ۋاپاغا جاپا» دېگەن مانا شۇ— دەپ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپتۇ، غازنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياش يەرگە چۈشۈپلا مەرۋايىت بولۇپ پارقىراپ تۇرۇپتۇ. ئاچكۆز جازانىخور مەرۋايىتنى كۆرۈپ كۆزلىرى قىزىرىپ، دەرھال ئوڭ قولى بىلەن غازنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سول قولى بىلەن يەردىكى مەرۋايىتنى تېرىپتۇ. مەرۋايىت سول قولىغا پاتماي غازنى يەرگە قويۇپ ئوڭ قولى بىلەن مەرۋايىتنى تەرگىلى تۇرۇپتۇ. غا



ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ، قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ. غاز ئۇچۇش بىلەن تەڭ جازانىخورنىڭ پۇت-قولى سەزمەس پالەچ بولۇپ قاپتۇ. بەدەنىيەت جازانىخور ھېچ نەرىپكە ماڭالماي شۇ جايدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. يېمەكلىك تېپىپ يېيەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ. ۋاپاغا جاپا قىلغان نائەھلى جازانىخورنىڭ تەقدىرى ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ.

كىمكى قىلسا كىشىگە ۋابالىق،
ئاخىر ئۆزىگە تاپار زاۋاللىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۆمىن ئاخۇن
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن

# ساندۇقتىن چىققان ۋەسىيەتنامە

بۇرۇنقى زاماندا مال-دۇنيالىرى كۆپ، تۇرمۇشى غەمسىز ئۆتىدىغان بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ئوغۇللىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بوۋاي بالىلىرىغا ئۆزى يېمىگەننى يېدۈرۈپ، كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ تولىمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئاخىرى بالىلىرىنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ: «بالىلىرىم مەندىن كېيىن قالغاندا، مېنىڭدىن قالغان مال-دۇنيانى بۆلۈشەلمەي، بىر-بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ يۈرمىسۇن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا پۈتكۈل مال-دۇنيالىرىمنى بالىلىرىمغا تەقسىملەپ بېرىۋېتەي» دەپ ئويلاپ، ئۆيىدىكى مال-مۈلۈك، قولىدىكى دەپى-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىملەپ بېرىپتۇ. ھەمدە يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرتىپ كەلتۈرۈپ خەت-چەك قىلدۇرۇپ پۈتۈن ۋەجلىرىنى بالىلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىپتۇ. بىراق بوۋاي كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېسەلدىن ساقىيىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ھەممە مال-مۈلۈك، پۇل-دۇنيالىرىنى بالىلىرىغا ئۆلمەي تۇرۇپ تەقسىملەپ بېرىۋەتكەچكە بالىلىرى ئۇنى ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇپ كېتىپتۇ. دادىسى ياتقان ئۆي بىساتسىز قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بوۋاي تاماقتا قىسىلىپتۇ. بالىلىرى دادىسىنى بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بىر-بىرلىرىگە ئىتتىرىشىپ بوۋاي بىلەن كارى بولماپتۇ. بوۋاي ھەر كۈنى ئاچ قالىدىغان، ئىشىكتىن بىرەر بالىسىنىڭ ئاش-نان ئېلىپ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي پۈتۈن بىر كۈن ئۆيدە ئاچ قورساق يېتىپتۇ. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپتۇ. ئاخىرى بالىلىرىغا مىراس قالدۇرغاندا ئوتتۇرىدا گۇۋاھ بولۇپ مىراس قالدۇرۇش خېتىگە مۆھۈر باسقان يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. يۇرت چوڭى بوۋاينى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ياخشى تائاملار بىلەن غىزالاندۇرۇپتۇ. قورسىقى قانغۇچە تويغان بوۋاي كۆزىگە ياش ئېلىپ يۇرت چوڭىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن يۇرت چوڭىغا شىكايەت قىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۇرت چوڭى بوۋاينىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپتۇ-دە، مەسلىھەت بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئىشنى ئوڭشاشنىڭ چارە-ئامالى بار. سىز ئەتە كەچقۇرۇن ئوغۇللىرىڭىزنى مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىڭ. نەتىجىسىنى كېيىن كۆرىسىز.

بوۋاي قايتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى كەچقۇرۇن بوۋاي ئۈچ ئوغلىنى باشلاپ يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چايغا تەكلىپ قىپتۇ. دۇئادىن كېيىن ئۇ كىشى بوۋايغا:

— ئۆزلىرى ماڭا: «قېرىغىنىمدا لازىم بولار» دەپ بۇ ساندۇقتىكى ئىككى مىڭ

تىللانى ئامانەت قويغان ئىدىلە، مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم. بۈگۈن ئۆزلىرى ئوغۇللىرى بىلەن بىللە بىر داستىخاندا تۇرۇشۇپلا، ئامانەتلىرىنى ئېلىۋالسىلا ئىكەن، — دەپ ساندۇقتىكى قۇلۇپنى ئېچىپ 2 مىڭ تىللا پۇلنى بوۋايغا ساناپ بېرىپتۇ.

بوۋاي پۇللارنى ساناپ ئالغاندىن كېيىن يەنە ساندۇققا سېپتۇ. بۇ پۇللارنى ئوغۇللىرى تولۇق كۆرۈپتۇ. بوۋاي ساندۇقنى ئوغۇللىرىغا كۆتەرتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كۆز باغلانغاندا بالىلىرى بوۋاينى چوڭ ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. شۇ كېچىسى بوۋاي ساندۇقتىكى 2 مىڭ تىللا پۇلنى يۇرت ئاقساقىلىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. قۇرۇق ساندۇقنى ئۆز يېنىدا قويۇپتۇ. «دادىمىزنىڭ يېنىدا تۇرغان ساندۇقتا 2 مىڭ تىللا بار.» دەپ تونۇغان ئۈچ ئوغۇل دادىسىنى كۆڭلۈكى پولۇ، مانتۇ، ھالۋا، ئېسىل مېۋە-چېۋىلەر بىلەن بېقىشىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئايلار ئۆتۈپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى دادىسىدىن ساندۇقتىكى 2 مىڭ تىللا پۇلنى ئۆزلىرىگە تەقسىملەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ دادىسىنى قىستاپتۇ. بوۋاي:

— بالىلىرىم، ھازىر مەن تېخى ھايات، كۆزۈم يۇمۇلغىنى يوق، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساندۇقتىكى پۇلنى ئۆزۈڭلار تەقسىملەپ ئېلىڭلار! مەن بۇ ھەقتە ۋەسىيەتنامە يېزىپ، ساندۇققا سېلىپ قويىمەن، — دەپ ساندۇقنى ھەرگىز ئاچماپتۇ.



ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. بوۋاي قايتا كېسەل بولۇپ يېتىپتۇ. شۇ ياتقانچە ساقىيالماي ۋاپات بولۇپتۇ.

دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىغانىكەن. ساندۇقتىن پۇل ئەمەس، بەلكى بىر پارچە ۋەسىيەتنامە چىقىپتۇ. ۋەسىيەتنامىدە مۇنداق يېزىلغانىكەن: «كىمكى ھايات ۋاقتىدا ئۆزىدىكى مال-مۈلۈكلىرىنى ئۆزىگە قالدۇرماي، بالىلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىۋەتسە، شۇ كىشى ئاخىر خارلىققا قالغاي.» دەپ يېزىلغانىكەن. ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ساندۇقتىكى تىللانى بۆلۈشۈپ ئالىمىز دەپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان ئوغۇللار ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن ئاتىسىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ.

/ ئېيتىپ بەرگۈچى: يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتتىن — ھاجى قۇربان

رەتلىگۈچى: يۇنۇس سەھەت

# لەتىپىلەر

## گەپ بەرمەس لەتىپىلىرىدىن

### دۆت هايۋان

بىر كۈنى موللىسى گەپ بەرمەستىن
تۇيۇقسىزلا سوراپتۇ:
— گەپ بەرمەس ئېشەك، قانداق
هايۋان؟ گەپىنىڭ ئۇرامىنى پەملىگەن
گەپ بەرمەس دەرهال جاۋاب بېرىپتۇ:
— موللام ئېشەك، دۆت هايۋان.
تېزراق ماڭسىمۇ بارغىلى بولىدۇ.
گەپ بەرمەس ئىشەك ئالدىدا ئوي-
ناپ ئولتۇرغىنىدا بىر بىكار تەلەت يولۇ-
چى ئۇنى كولدۇرلاتماقچى بولۇپ:
— گەپ بەرمەس، سېنى هەممە
ياقنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلىدۇ
دەيدۇ. هالال باغقا مۇشۇنداق ماڭسا،
بارغىلى بولامدۇ، — دەپ سوراپتۇ.
ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن گەپ
بەرمەس بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:
— بۇنىڭدىن تېزرەك ماڭسىمۇ بار-
غىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### يالماۋۇز بولۇپ كېتەتتىلە

بىر كۈنى يۇرتنىڭ قازىسى كۆرەڭ-
لىگەن پېتى كېلىپ گەپ بەرمەستىن
سوراپتۇ:
— يولۋاسنى ئىنتايىن كۈچتۈڭگۈر
دەيدۇ. مەنمۇ يولۋاسقا ئوخشايمەنمۇ
قانداق؟
— تازا ئوخشايلا، — دەپتۇ گەپ
بەرمەس، —
ئەگەر كاللىلىرىدىكى سەللىلىرىنى ئېلىـ
ۋەتسىلا يولۋاستىن ئېشىپ يالماۋۇز بو-
لۇپ كېتەتتىلە.

### يالاقلىرى بىكار بولسۇن دەپ

گەپ بەرمەس بىر زالىم باينىڭ
ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بىرىدە هويلىدىكى سۇپىدا
ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان باي غەزەپ
بىلەن ۋارقىراپتۇ.
— ساڭا شۇنچە گەپ قىلىپمۇ هېچ-
بىر ئاڭلىتالمىدىم. ئاڭلىمىغان قۇلاقنى
كۆتۈرۈپ يۈرگىچە كېسىپ ئىتقا تاشلاپ
بەرسەڭ بولمامدۇ.
— خېلىلا بۇرۇن شۇنداق قىلماقچىد-
دىم، — دەپتۇ گەپ بەرمەس، — ئالدىلىرى-
دىكى يالاقلىرى بىكار بولسۇن دەپ
ساقلاپ تۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## تەستىق

يۇرتقا يېڭىدىن كەلگەن ئامبال جامائەت يىغىلغان بىر سورۇندا ماختىنىپ:

— پەقىر كەلگەندىن بېرى ھەممىلا يەردە باياشاتچىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار، يۇرتىمىزدا قويىنىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— توغرا ئېيتتىلا، — دەپتۇ گەپ بەرمەس ئامبالنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئىلگىرىلاردا تورغاي چوقۇغىدەك دان تاپالمىغاچقا قويلارنىڭ دۇمبىسىدىكى قۇرتلارنى يېيىش ئۈچۈن شۇ يەرگە ئۇۋا ياساشتى.

## ئۆزلىرىنىڭ كۈچۈكلىرى

گەپ بەرمەسنىڭ لەقىمى «ئۆچكە» ئىكەن. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ «ئىت» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغان بىر قوشنىسى بار ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ قوشنىسى نامازشام ۋاقتى بىلەن گەپ بەرمەس بىلەن بىرگە كېتىۋېتىپ، ئۆينىڭ يېنىغا كەلگەندە خالتا كوچىدىن تۈكلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر كۈچۈكنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپ بەرمەسنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ:

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان سىلىنىڭ ئوغلاقلىرىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ گەپ بەرمەس قوشنىسىغا قاراپ، — ئۇ سىلىنىڭ كۈچۈكلىرى.

## قازىلىقنى ساقال بەرسىچۇ

يۇرتنىڭ قازىسى كوسا ئادەم بولۇپ، دائىم ساقىلىنىڭ يوقلۇقىدىن ۋايساپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كوچىدا گەپ بەرمەسنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى ماختاشقا باشلاپتۇ:

— سىزنىڭ ھەقىقەتەن بەختىڭىز بار ئىكەن. خۇدا ساڭا ئەجەب كېلىشكەن ساقال بېرىپتۇ:

— ھەي شۇ خۇدا بۇ ساقالنى سىزگە بېرىپ، قازىلىقنى ماڭا بەرسىچۇ، — دەپتۇ گەپ بەرمەس.

## ئوغرى يوق

ھەر كۈنى «يوقالغان نەرسىلەرنى تاپىمەن» — دەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى خالىغانچە ئاختۇرۇپ مالىماتاڭ قىلىدىغان مىرشاپ بىر كۈنى بازارغا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ خۇرجۇن - قاچىلىرىدىكى نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇپ، كۆزى چۈشكەنلىكى نەرسىلەرنى قوينىغا سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۆۋەت گەپ بەرمەسكە كەلگەندە مىرشاپ ئۇنىڭ سېۋىتىدىكى ئەنجۈرلەرنى مالتىلىغاچ بىرنى ئاغزىغا سېلىشقا تەمشەلگەنىكەن. بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن گەپ بەرمەس دەرھال مىرشاپنىڭ قولىدىكى ئەنجۈرنى تارتىۋېلىپ:

— خاپا بولمىسىلا تەخسىر، ئەنجۈرنىڭ ئىچىدە ئوغرى يوق، — دەپتو.

— قويلىرىم يازدىن بېرى يېشىل ئوت يەپ ئۆگىنىپ قېلىپ ئەمدى سامان قويۇپ بەرسەم زادىلا يېمەيۋاتىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ — دېگەنىكەن، گەپ بەرمەس دەرھاللا:

— سامانىنى يېشىل رەڭدە بوياپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

### بېلىق باقىمەن

گەپ بەرمەسنىڭ قوشنىسى چوقۇر ئادەم بولۇپ ھە دېسىلا گەپ بەرمەسنى گەپتە سۇندۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرىدىكەن. بىر كۈنى گەپ بەرمەسنىڭ دۇمبىسىگە ئازراق يارا چىقىپ تېڭىۋالغانلىقىنى كۆرگەن قوشنىسى خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۇنى بىر مات قىلماقچى بولۇپ:

— گەپ بەرمەس، سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما، بولمىسا ھېلى دۇمبەڭدىكى كۆتەكتە ئوتتۇن يارىمەن جۇمۇ، — دەپتىكەن، گەپ بەرمەس قىلچە ھودۇقماستىن:

— سەنمۇ تولا ھەددىڭدىن ئاشما، بولمىسا يۈزۈڭدىكى كۆلچەكتە بېلىق باقىمەن، — دەپتۇ.

### ھەر ئىككىسى

بىر كۈنى بىرسى گەپ بەرمەستىن:

— ئاغىنە، جان تاتلىقمۇ پۇلمۇ؟— دەپ سورىغانىكەن، گەپ بەرمەس دەرھال:

— پۇلى بارغا جان تاتلىق، جېنى بارغا پۇل تاتلىق، ھەر ئىككىلىسى ئاچچىق ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ئاچچىق ۋە تاتلىق

گەپ بەرمەستىن بىرسى سوراپتۇ:

— دۇنيادا ھەممىدىن نېمە ئاچچىق؟

— ھەسەتخورنىڭ تۆھمىتى ئاچچىق.

— دۇنيادا ھەممىدىن نېمە تاتلىق؟

— يارانلارنىڭ سۆھبىتى تاتلىق.

— دۇنيادا ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟

— لاۋزا ئادەمنىڭ سوئالى قاتتىق.

### ئۇنىڭغىمۇ ئۇتىدۇ

قازىنىڭ بىر ئەركە بالىسى بولۇپ داۋاملىق ئۇششاق باللارنى ئۇرۇپ ئارام بەرمەيدىكەن، كىشىلەر قازىغا ئەرز-دات قىلسا قىلچە پەسەنت قىلمايدىكەن. بالا بارا-بارا چوڭ ئادەملەرنىمۇ ئۇرىدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى بۇ بالا قولىدا بىر چۆپنى ئات قىلىپ ئويناۋېتىپ گەپ بەرمەسنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، سېنى مۇشۇ قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇۋېلىپ قامچىنى ساڭا بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇنىڭسىزمۇ تاياق يېيىشكە كۆزى يەتكەن گەپ بەرمەس «ماقۇل» دېيىشىگە، قازىنىڭ بالىسى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ، ئاندىن مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان گەپ بەرمەسكە قامچىسىنى تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ. گەپ بەرمەس نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرسا، يىراقتىن قازىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ تەييار تۇرۇپ، قازى ئالدىغا كېلىشىگە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قازىنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ. ئاندىن:

— تاپىقىمنى قايتۇرۇپ بېرىپ،

### خاتىرجەم بولسىلا

گەپ بەرمەس بىر كۈنى مېھماندار-چىلىقتا بىرىدىپتۇ. ئۇ يەرگە قازىمۇ ئۆز-نىڭ ئەركە ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ كەل-گەنىكەن. بالا سۈيۈنىڭ لېۋىدە ئول-تۇرۇپ ئاچكۆزلۈك بىلەن داستىخاندىكى نەرسىلەرنى بۇزۇپ چاچقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن سەل ئوڭايسىزلانغان قازى بالىسىغا تەنبىھ بېرىپ قويۇش نىيىتىدە:

— بالام جىم ئولتۇر، ئارقاڭغا يىقى-لىپ چۈشمىگىن يەنە، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا تەخسىر، — دەپتۇ گەپ بەرمەس، — بەگزادە شۇ تاپتا ئالدىغا يىقىلىپ چۈشسە-چۈشىدۇكى، ھەرگىز ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشمەيدۇ.

### قويۇندىكىنى قوشۇپ...

گەپ بەرمەس بىر ئاشپۇزۇلدا شا-گىرت بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، بىر خېرىدار كىرىپ بىر تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتۇپتۇ، ئۇ خېرىدار ئاشنى يەپ بولۇپ تەخسە بىلەن پىيالىنى قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئاندىن يەم بىلەن كېلىپ، — ئاشنىڭ باھاسى نەچچە سوم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون سوم، — دەپ جاۋاب بېرىپ-تۇ گەپ بەرمەس.

— نېمانچە قىممەت؟

— قورساقتىكى بىلەن قويۇندىكىنى قوشۇپ ھېسابلىدىم.

### ئەزان توۋلاپ ئالدىم

بىر كۈنى گەپ بەرمەسنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. گەپ بەرمەس ماللىرىنى ئىزدەپ بازار ئارىلاپ يۈرسە ھېلىقى ئوغرى ماللارنى يېيىپ قويۇپ ئۈنىنىڭ بارىچە «ئەرزانغا بېرىۋېتىمەن، ئەرزاد-غا...» دەپ ۋارقىراۋاتقىدەك.

گەپ بەرمەس ماللارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىر تاغارغا قاچىلاپتۇ-دە، «ئاللا-ھۇئەكبەر، ئەللاھۇئەكبەر...» دەپ ئۈنلۈك ئەزان توۋلاپ قويۇپ تاغارنى يۈدۈپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغرى ھەيران بولۇپ:

— ھوي، بۇ نېمە قىلغانلىرى، — دەپ سورىغانىكەن، گەپ بەرمەس:

— ھالال ماللىرىمنى ئەزان توۋلاپ قايتۇرۇۋالدىم دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

### ئاندىن ئوقۇسىلا

بىر كۈنى بىر كىشى گەپ بەرمەس-نىڭ ئالدىنى توسۇپ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئاپتۇ-دە، يىراقتىكى تاغ-نى كۆرسىتىپ:

— مەنغۇ ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە بىر تال قارا چېكىت بولسا شۇنى كۆرەلەي-مەن، ئەمما يېقىندىكىنى كۆرەلمەيمەن. مۇشۇ خەتنى بىر ئوقۇپ بەرسىلە، دېگەنى-كەن، گەپ بەرمەس دەرھاللا:

— ئۇنداق بولسا بۇ خەتنى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ ئاندىن ئوقۇسىلا، — دەپتۇ-دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

### يېشىل بوياپ بەرسىلە

بىر كۈنى بىرسى گەپ بەرمەسنى كولدۇرلاتماقچى بولۇپ:


بالىلىرىنىڭ قامچىسىنى ئېلىۋالسىلا، —
دەپ قامچىنى تاشلاپ بېرىپتۇ.
ئېشىنىڭ تېگى - تەكتىگە چۈشەنگەن
قازى:
— ھەي ئەخمەق، ئېشەككە كۆچۈك
يەتمىسە ئۇر توقۇمنى قىلامسەن؟ — دەپ -
تىكەن. گەپ بەرمەس دەرھاللا:
— توقۇمنىڭ ئاستىدا ئېشەكنى بولـ-
غاندىكىن ئۇنىڭغىمۇ ئۆتىدۇ، — دەپتۇ.

## ئالدىن خەۋەر قىلغاچ تۇراي

گەپ بەرمەستىن ئىنتىقام ئېلىشنى
كۆزلەپ يۈرگەن قازى يازنىڭ پەيزىرىم
ئاپتاپلىق بىر كۈنى گەپ بەرمەسنى
چاقىرىپ:
— مەن قومباغ مەھەللىسىگە بىرسى-
نىڭكىگە مېھماندارچىلىققا بارىمەن. سەن
پىيادە ئالدىن بېرىپ ئۆي ئىگىسىگە
خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغىن، — دەپتۇ.
ئۇ مەھەللىگە بارغىچە ئارىلىقتا ناھا-
يىتى چوڭ بىر قۇملۇق بار ئىكەن. گەپ
بەرمەس پەيزىرىم ئاپتاپتا قۇملۇقنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ھالىدىن كېتەي
دەپ قاپتۇ. شۇ چاغدا قازى ئېتىنى چاپ-
تۇرۇپ كەپتۇ. قازى ئۇنى كۆرۈپ ئېتىد-
دىن چۈشكەندىكەن، گەپ بەرمەس
چاچراپ ئورنىدىن قوپقىنىچە قازىنىڭ
ئېتىغا مىنىپتۇ. ئاندىن:
— قازىكا، مەن ئالدىدىراق بېرىپ
خەۋەر قىلغاچ تۇراي، بولمىسا ئۆي ئىگىـ
سى ئالدىلىرىغا چىقالماي قالمىسۇن، —
دەپتۇ - دە، ئاتقا قامچا ئۇرۇپ ئۇچقاندەك
كېتىپ قاپتۇ.

## ئالىمقاچان تاشلىۋەتتىم

گەپ بەرمەسنىڭ موللىسىنىڭ ئايالى
ئىنتايىن سەت ئايال بولۇشىغا باقماي،
داۋاملىق باشقىلار بىلەن چىراي تالىـ
شىپ مەنمەنلىكنى قويمايدىكەن. ئۇ ئايال
بىر كۈنى گەپ بەرمەسكە زارلىنىپ:
— چىراي دېگەنمۇ ئادەمگە دۈشمە
نەرسىكەن، خەقلەر كەينىمدىن ھەرخىل
گەپلەرنى تېپىپ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈر-
گىسىز قىلىۋەتتى، — دەپتۇ.
گەپ بەرمەس دەرھاللا:
— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئەگەر سىلـ
نىڭ يۈزلىرى مەندە بولىدىغان بولسا
ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرمەي، ئالىمقاچان تاش-
لىۋەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ.
توپلاپ رەتلىگۈچى: لېتىپ رازاق



# ھېكمەتلەر

كىمكى ئىلىم-ھېكمەتلەرنى ئۆگەنمەن دېسە، ئۇنى ياشلىق چاغلىرىدىن باشلىسۇن، تەن سالامەتلىكى ياخشى بولسۇن، ئەدەب-ئەخلاقلىق بولسۇن، سۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسۇن، يامان ئىشلاردىن ساقلىنالايدىغان بولسۇن، خىيانەت ۋە ھىيلە-مىكىردىن يىراق لسۇن، دىيانەتلىك بولسۇن، بارلىق ئىدە-قانۇنلارنى بىلسۇن، بىلىمدان ناتىق بولسۇن، بىلىملىك ۋە دانا كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلسۇن؛ بىلىم ۋە بىلىم ئەھلىدىن مال-دۇنياسىنى ئايىمىسۇن، بارلىق رىسال ۋە ماددىي نەرسىلەر توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولسۇن.

* *

ئىلمىي مەسىلىلەر بىلەن يېتەرلىك شۇغۇللانمايدىغان ھەمدە تۆمەن-تۆرلۈك ئىشلارغا بېرىلگەن ئادەملەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا تەرتىپمۇ، سىستېمىمۇ بولمايدۇ.

* *

نەزەرىيىۋى بىلىملەردىن ھاسىل قىلىنىدىغان چۈشەنچىلەر ئۇزاق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش، تەكشۈرۈش، ئىجاد ۋە كەشپ قىلىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقىلارغا تەلىم بېرىش يولى بىلەن قولغا كېلىدۇ.

— ئەبۇنەسىر فارابى.

ئەگەر تىلىڭنى يىغمىساڭ، تىزگىنىڭنى شەيتانغا تۇتقۇزۇپ قويىسەن.

— زەمەخشەرى.

ئىنسان تىل ئارقىلىق باشقا ھايۋانلاردىن ئىمتىيازلىق ۋە ئۇ ئارقىلىق باشقىلارغا نىسبەتەن ئەۋزەلرەك بولىدۇ.

* *

كىشىنىڭ قەلبى تىل خەنجىرىدىن جاراھەتلەنسە، يۇمشاق سۆز ۋە شېرىن تىل ئۇنىڭغا مەلھەم بولىدۇ ھەم راھەت بېغىشلايدۇ.

* *

تىلى يامان كىشى خەلق كۆڭلىگە جاراھەت ئېلىپ كەلگىنىدەك، ئۆز بېشىغىمۇ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

* *

كۆڭلۈڭدە نېمىكى بولسا تىلىڭغا كەلتۈرۈۋەرمە.

* *

تىلىڭنى ساقلاش گەرچە دىلىڭغا ئېغىر كەلسىمۇ، ئەمما سۆزنى چېچىۋەتمەك بېشىڭغا ئاپەتتۇر.

— ئەلىشىر نەۋائى

* *

سۆز ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ، تىرىكنى ئۆلتۈرىدۇ.

— ئەھمەد يۈكنەكى.

* *

سۆزنىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر، يالغاندىن يامانراق تۈرى يوقتۇر.

* *

بىراۋ كەم ئېرۇر راستلىقتىن يىراق،
ئانىڭدەك كىشى بولمىغان ياخشىراق.

* *

سۆز ئەگەر گۈزەللىك بېزىكى بىلەن بېزەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا چىنلىق بېزىكىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

* *

يالغانچىنىڭ سۆزى ھەرقانچە چىرايلىق بولغىنى بىلەن قەبىھدۇر.

— ئەلىشىر نەۋائى.

* *

بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى گۈمبەز ئاستىدا ياخشى سۆزنىڭ ساداسىدىن يېقىملىقراق بىرەر يادىكارلىقنى تاپالمىدىم.

— ئەبدۇرەززاق سەمەرقەندى.

* *

ئەقىل ئىگىلىرى، ۋىجدان ساھىبلىرى ھەرۋاقىت بىلگەن ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە توغرىسىنى سۆزلەيدۇ... سۆزدىكى توغرىلىق: ھەرقانداق ۋاقىتتا راست سۆزلەشتۇر.

— ئەبدۇللا ئەۋلانى.

* *

مۇلايىم سۆز — ۋەھشىيلەرنىمۇ دوستقا ئايلاندۇرىدۇ.

* *

سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن سۆزلە. ۋاقتىدا ئېيتىلمىدىغان سۆزنى ئايىما، ئېيتمايدىغان سۆزنىڭ ئەتراپىغا يولىما.

* *

پايدىسىز سۆزنى كۆپ سۆزلىمە، پايدىلىق سۆزنى ئاڭلاشتىن يانما.

* *

ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش نادانىنىڭ ئىشى.

— ئەلىشىر نەۋائى.


* *

ئەخلاق ئىگىسى، ئىپپەت ساھىبى قەلبىنى، ۋىجدانىنى پاك ۋە تىلىنى يالغان، غەيۋەت، بوھتانغا ئوخشاش يامان سۆزلەردىن ساقلىتىدۇ... بېشىمىزغا كېلىدىغان يامان كۈلپەت ۋە زەخمەتلەرنىڭ تولىسى يامان تىلىمىزدىندۇر، ئۇ كۆپىنچە ئەندىزىدىن ئارتۇق سۆزلىگىنىمىزدىن كېلىدۇ.

— ئابدۇللا ئەۋلانى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھېرىنگۈل تۇرسۇن.
«ھېكمەتلەر گۈلدەستىسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




# لوپنۇر قوشاقلىرىدىن

تۆۋەندىكى توققۇز كۇپلېت قوشاق، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئاشلىق ئالۋىڭى يىغقىلى چىققان مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا قارىتىپ كۆزلەكلىك① تېپىلدى دېگەن كىشى تەرىپىدىن توقۇلغانىكەن.

ئاگىزنى چارلاپ چىقتى،
داگزا② تۇتۇپ قولۇغا،
بىزگە ئۇۋۋال قىلغانغا
يولبارس تۇرسۇن يولۇغا.
تىل تۇتار تۇمارىنى
ئاسۋالسۇن بوينۇغا.
كېچەسى ئۇخلاغاندا،
ئازرائىل كىر قوينۇغا.
ئازرائىل كىر قوينۇغا،
كېسەل سالىپ باشىغا.
ئۆزۈمنۇ تېۋىپ قىلىپ
يۈگۈرۈپ باراي قاشىغا.
بۇ ئۇۋالچى چاچلىقنىڭ③
كۈچۈل④ سالاي ئاشىغا.

كۈچۈلادىن قورقساڭلار،
جادۇ قىلىڭلار ياستىققا.⑤
ئىسلامدا ھەر نېمە بار،⑥
ئاخىر ئۇلسۇن چاچلىققا.
مۇنۇ ئۇۋال بولماس دەپ،
ئاتلىق كىرىپ ئاشلىققا.

ئىككى مىڭ كۆرە ئاشلىقنى
خەتلەۋاپتۇ داگزىغا.
قاراپ قالدى كۆزلەكچى،
سەركار بەگنى ئاغزىغا.
بىزگە زار، ئۇۋال قىلىپ،
باسىپ ئۇرار باگزىغا.⑦

---

① كۆزلەك — جاي ئىسمى. ② داگزا — ھۆكۈمەت ئالاقىسى ياكى بىرەر خەت پۈتۈلگەن قەغەز.
③ چاچلىق — مانجۇ (چىن سۇلالىسى) ئەمەلدارلىرى. ④ كۈچۈل — كۈچۈلا، ئوغا، زەھەر.
⑤ ياستىق — يادتۇق. بۇ مىسرادا «ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرىگە ئۇنى جايلىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار» دېمەكچى. ⑥ ئىسلامدا ھەر نېمە بار — ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ ھەتتاۋالىرى چىق، دېگەن مەنىدە.
⑦ باگزا — كالتەك

ئالىم ئاخۇنۇم بولسا
كەپكە توغرا تۇرار ئىدى.
كۆچۈلا بېرۇر بولساڭ
ئۆمۈرلۈك قۇرار ئىدى.
چاچلىقنىڭ زورلۇقىدىن،
يۇرتىمىز قۇتۇلار ئىدى.

كەتتى ئاتىمىزنى چۆرۈلۈپ،
غۇدۇرانى① قويما سۇغا.
قارالاشىپ يۇرۇسەڭ،
يۇرت قالار قايغۇسىغا
هالالى يوق جانىنىڭ،
هارام قوش ئۇيقۇسىغا.

كەلگەلى بىر ئاي بولىدۇ،
كۆنگە ئۈچ قوي يېدى.
ئاچ قالغانىمىز ئۆيىدە،
بىرچە② تويدۇم دېمەدى.

بالاسى بولۇر بىزگە،
ئۇگالىنى بىلمەدى.

نەدىن پۈتۈپ ئالغاندۇ،
كۆزلەكنى يايلاقىنى.
لوپنۇڭ③ ئۇشۇراسىغا④
مىنىپ كەلگەن نايلاقىنى.
ئىچكىرىدىن ياساپ كېلۇر،
لوپقا ئاتاپ تاياقىنى.
ئورنۇنۇ ئوبدان ياساپ،⑤
مازارغا قىل ئاياغىنى،

سەركار بەگىم ئۇسادى،
قاۋۇن پىچەكلار ئاسىغداپ.⑥
پىچىكلار تاتىتقىنى،
ئىچىگە ئاغۇ چالىقاپ.⑦
چوكتۇر كۆمۈپ ئېتىكلار،
كەتمەسۇن ساسىق تاراپ.

× ×

تۆۋەندىكى ئۈچ كۇپلېت قوشاق بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى بىر قانچە ئون ئىشچىسى بار كۆن-چەم كارخانىسىدا بىر پارچە كۆن يوقاپ كەتكەندە، كارخانا خوجايىنى ياۋاش، ياش بىر ئىشچىنى «كۆننى سەن ئېلىۋالدىڭ»، دەپ تۆهمەت قىلىپ ئازار بەرگەندە تۆهمەتلەنگەن هېلىقى ئىشچى تەرىپىدىن توقۇلغان.

مەن جانىمنى ئاياماي،
تۆكسەم بۇندا قانىمنى.
پەچاقتا بوغۇزلا گىلار،
قىيناماڭلار جانىمنى.
جانىم چىقار ئوخشايدۇ،
كىم ئاڭلايدۇ هالىمنى.

① غۇدۇرا — جاي ئىسمى. ② بىرچە — بىرەر قېتىم
③ لوپ — لوپنۇر. ④ ئۇشۇراسى — ئۆشرە — زاكات؛ ئالۋاڭ — ياساق. ⑤ بۇ مىسرا ئۇنى كۆمۈلىدىغان يەرنى ئوبدان تاللاڭلار، دېمەكچى. ⑥ ئاسىغداپ — ئاسىغ — مېهمان. ئاسىغداپ — مېهمان قىلىپ. ⑦ ئىچىگە ئاغۇ چالقاپ — قوغۇننىڭ ئىچىگە ئوغا — زەهەر سېلىپ چايقاپ. دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلتاڭنى ئالدى دېمە،
خالايىق قىلۇر جەمە.①
پىچاق كەسمەگەن كۆننى.
ئادەمنى يەيدۇ دېمە.
بارار يېرىم بولماسا،
مەن كۆننى قىلاي نېمە؟

باي ئاتامقۇ ئۇناماي،
بېرىپسىلەر چوقا پوشكال.②
بىر ئۇتلام سوق سۇ بەرمەي،
ماڭا قىلدىڭلار ئۇكال.
بوغۇزۇم قۇرۇپ قالدى،
بولماسۇن ماڭا زۇكال.

ئۇزۇن مەمەت قوشاقلىرىدىن:

ئۇزۇن مەمەت (ئۇ قامەتلىك، ئېگىز ئادەم بولغاچقا شۇ لەقەم بىلەن ئاتالغان) پۈتۈن لوپنۇر خەلقىگە تونۇشلۇق دەل جاۋابلىق، تونۇق قوشاقچى بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇغان قوشاقلىرى لوپنۇرنىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى دەل جاۋابلىق، يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىن باشقا، يەنە بىر ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ ئۆز قوشاقلىرىدا باي-بەگلەرنى، ئۇلارنىڭ بېخىل، ئاچكۆز-نەپسانىيەتلىكلىكىنى روشەن، ئۆتكۈر ھەجۋىي تىللار بىلەن قاتتىق قامچىلىغان. ئۇزۇن مەمەتنىڭ ئاچچىق تىل قامچىسىدا ساۋىدالغان باي-بەگ، شاڭيۇلار ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولۇش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانى، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ تېخىمۇ بەتتەر قامچىلىنىشتىن ھەزەر ئەيلەشكەن. بۇ توغرۇلۇق لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا نۇرغۇن ھېكايە بار. شۇ ھېكايىلاردىن بىرنى مىسالغا ئالساق، ئۇزۇن مەمەت بىر مەزگىل ئىشلەپ بەرگەن بىر باي ئۇنى ئازراقلا بىر نەرسىنى بېرىپ يولغا سالماقچى بولغان. ئۇزۇن مەمەت شۇ يەردىلا باينىڭ بېخىل، ئاچكۆز، نامەردلىكىنى سۆكۈپ قوشاق توقۇپ، باينىڭ بەرگەن نەرسىسىنى تاشلىۋېتىپ ماڭغان. گەپكە چىدىمىغان باي، ئادەملىرى ئارقىلىق ئۇزۇن مەمەتنى ئەدەبلىمەكچى بولغان. شۇ مەيداندا بىر شاڭيۇ: «ئۇنىڭغا چېقىلىپلا قويساڭ، ئۇنىڭ تىلىدىن قۇتۇلالمايسەن، تېخىمۇ رەسۋالىشىسەن. ياخشىسى، ئۇنى رازى قىلىپ يولغا سال، دېگەن.

ئۇزۇن مەمەت ئۆزى توقۇغان قوشاقنىلا ئېيتقان، باشقىلار تەرىپىدىن توقۇلغان قوشاقلارنى تەكرارلاپ يۈرمىگەن. ئۇ بىر ئۆمۈر قوشاقچىلىق بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن ۋاقتىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاز، بىر قىسىم قوشاقلىرىنىلا يىغالىدىم.

ئۇزۇن مەمەت 1983-يىلى 99 يېشىدا ۋاپات بولغان.

— رەتلىگۈچىدىن.

① جەمە — كەپ-سۆز. ② چوقا پوشكال — كۆمەچ (چوغ-ئوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان نان.

## يېزىت بايلىرىنىڭ ئادىتى

«يېزىت لەقەملىك جەمەت ئىچىدىكى بىر باي ئوغلىنىڭ تويىدا بايلارنىلا كۈتۈش بىلەن بولۇپ، كەڭ يۇرت جاماتتىگە قارايدىغان كىشى چىقمىغان. بۇ تازا قارا- قىش مەزگىلى بولۇپ، ئۇلارغا ئاش تارتىلمىغاچقا، يۇرت پۇقرالىرى قايتىپ كېتە- شەلمەي، تالا-تۈزدە توڭلاپ تۇرۇپ قالغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئۇزۇن مەممەت: «تۇرغانلارغا ئاش ئۇسمامسىلەر» دېسە، غوجىدار: لېگەن بولمىسا نېمىگە ئۇسىمىز، تۇمىقىڭنى ئەكەل، ئاش ئۇسۇپ بېرەيلى دېگەن. ئۇزۇن مەممەت چاقچاق ئورنىدا «مانا» دەپ تۇمىقىنى ئۇتسا، راست دېگەندەك غوجىدار ئۇنىڭ تۇمىقىغا بىر كەپكۈر ئاش تۆكۈپ بەرگەن. بۇ، ئۇزۇن مەمەتكە چوڭ ئاساس بولغان-دە، تۇماقتىكى ئاشنى كۆتۈرگىنىچە ئادەملەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

بۇ جاماتنىڭ ① ئادەتى،
ئۆز ئىچىدىن چام② ئالىپ.
يېزىت بايلار توپلاشتى،
باخىللاردىن ③ قىز تاپىپ.
تويغا ئاتاپ ئاش ئېتىپ،
ئاشى پىشماي خام قالىپ.

پىشماي قاتتى خام قاپتۇ،
قازان كىچىك ئوخشايدۇ.
باخىل يېزىت بايلادى،
يەيدۇ، يەيدۇ تويمايدۇ.
يېگەن ئاشى هارامدىن،
خۇدايىمدىن قورقمايدۇ.

هالى قالماي ئاسىغداپ ④،
باي-بەگلەرگە قوي سويۇپ.
ئۆزلۈرۈ يەپ كۆشۈنۈ،
بىزگە سۆڭەكنى قويۇپ.

قارا قىشتا ساقلاتىپ،
بىزنى قويدى توڭلۇتۇپ.

ئاش ئېتىشنى ئۆگىنىپ،
ئۇستا تۇتۇپ شاگىرتكە.
توينى داڭقى ئاڭلاندى،
يىراقتىكى مەكىتكە.
قىز تاپساڭلار چۆكۈتۈپ،
پۇلغا ساتقىن يېزىتكە.

كېرەم ئىگەم خۇدايا،
ئەقىل بەرمەي ئەخمەققە.
توي ئاشىدا لېگەن يوق،
ئۇسۇپ بەردى تۇماققا.
تۆكۈپ بېرەي ئىتىمگە،
چېكىپ كېتىپ بەلباغقا.

هەي يېزىتلار، يېزىتلار،
خام ئاشىڭنى ئىت يېمەي.

① جامات — جامائەت. ② چام — خۇي، مىجەز. ③«يېزىت» جەمەتى ئىچىدىكى «بېخىل» لەقەملىك يەنە بىر بايغا قارىتىلدى.

① قارۇنا — كۆشى ئىنتايىن ئاچچىق بىر خىل قۇش.

www.uyghurkitap.com

ئەپسىڭنىڭ ياماشلىقى،
يەۋىرىپسەن خام دېمەي.
قارۇنامۇ ① كېلىڭدىن،
ئۆتۈپ كېتەر بىلىنمەي.

كۆركۆدەيسەن ماختانىپ،
يۇرتقا قازان ئاستىم، دەپ.
كۆز كۆرمەگەن كۆشۈگىنى،
پۇتلاپ-پۇتلاپ باستىم دەپ.
پىشماغان خام ئاشىڭنى،
يىلىغا چىققىن ئۆزۈڭ يەپ.

قىش بويى يەپ ئۆتەرسەن،
قازان بىلەن توكلۇتۇپ.
بۇزۇلمايدۇ يازدېمۇ،
سوقۇۋالساڭ قورۇتۇپ.
نەزىر-چىراغىڭ پۈتتى،
بىر يىللىق ياغ پۇرۇتۇپ.

يېگىلى ئاش-تاماق يوق،
چىرايلىرىمىز ئارۇق ②.
ماڭماققا ھېچ چارە يوق،
پۇتنى قىستادى چارۇق ③.
بۇ يېزىتىنىڭ بايلارى،
باخىللىقتا بەك تانۇق ④.

ھاجى خوجامغا يىغلاپ،
ئالىپ چىققتى پەتىۋا.
بەگلەر بېگى ئالاي دەپ،
سېنى قىزىڭ ئەتىۋا(ر).
تۇڭگۇز تۇمشۇق بايىچەم ⑤،
ئەمدى بولدى شاتىۋا.

مەن قارغىسام تېگەدۇ،
تېگەن دېگەن يالغۇزغا.
بىرەر يىلچە قوي باقتىم،
يېزىت دېگەن تۇڭگۇزغا.
ھەممە ئادەم كۆز سالار،
بېگىم ئالغان قوڭغۇزغا.

باي قىزىنى ماختايدۇ،
مەن پۈتمەدىم يالغانغا.
بەگكە شايى كۆرۈندى،
پەتىۋاغا ئالغانغا.
قوي گۆشىنى ئۆزى يەپ،
كالا گۆشى مېھمانغا.

× × ×

قويلارىنى باقىشقا،
مېنى ئالسۇن يىللىققا.
ھەجگە بارساڭ يول بولغاي،
كىرىپ قالغىن جىنلىققا.
جانىڭ چىققسۇن ئىلاھىم،
يارىماي بىر تىنىققا.

× ×

تۆت ھوشۇقنىڭ ئىرىسىقى، ⑥
ئۇنى ئازدۇردى يولدۇن.
قىمار ئوينەپ ئۇتتۇرۇپ،
بىرمۇ قالمادى قويدۇن.
كۆن ئالماقى تەس بولدى،
بىرنى ساتتى ئوغۇلدۇن.

باللارى تىلەپ يەپ
ئۆزى قالدى پەس بولۇپ.
ئايالىنى تاشلادى،

---

② ئارۇق — ئورۇق. ③ چارۇق — چورۇق. ④ تانۇق — تونۇلغان، مەشھۇر، نامدار. ⑤ بايىچەم—باي قىزى.
⑥ ئىرىسىق — ھەۋەس.

كۈن ئالماقى تەس بولۇپ،
يۇرت - خالايىق ئىچىدە،
قارغىش ئالدى نەس بولۇپ.

ئىرسىق قىلما ھۇشۇققا،
بالالارغا قويۇدۇ.
پۇل - مالىڭدىن ئايرىلىپ،
قاناتلارىڭ سۇنۇدۇ.
ئاغىر كېلىپ ھەسرىتى،
كىشى جاندىن تويۇدۇ.

* *

مەندۇرمەن ئۇزۇن مەمەت،
شاڭيۇ بەككە ئەرزىم بار.
باخىلغا چاكار بولۇپ،
قۇرۇق قالغان دەردىم بار.
ئوتتۇز تەڭگە سورايمەن،
ئاتمىش تەڭگە قەرزىم بار.

كىشى قويۇپ ئويناي‌مەن ئارالىقتا،
يارىم قالدى مۇڭلانىپ قاغىلىقتا. ①
ساڭا ئوخشاپ يۈزۈمنى قارا قىلسام،
بەش ئوغلۇڭ تەڭ كەلمەيدۇ يامانلىقتا.

ھاسان قازى ئۇرۇپتۇ تورغايىمنى،
ئەرزىم خۇداغا، جانىمنى ئالسۇن.
تاغى② كېلىپ كەتسۇن دەپتۇلا،
بارمايمەن، بۇغدايىمنى ئورۇۋالسۇن.

ئۆزى ئورسۇن بۇغدايىمنى بارمايمەن،
ئەمدى ھاسان قازىغا قۇل بولمايمەن.
ئەل - خالايىق مېنى نامەرد دېمەڭلار،
مەن يارىمنى ئالىپ قاچماي قويمايمەن.

ئۆز مەلەمدىن بىر يار تۇتسام بولمادى،
بەش كۈن ئۆتمەي بەگچە بىلەن ئويىنادى.

ئاخىرەتتە سوراغى بار ئەي خانىم،
باي پۇلىدا كۆڭلۈڭىزنى بۇلغادى.

كۆڭلۈڭىزنى باي بۇلغادى پۇلىدا،
قوتان - قوتان قوي بولغاچ قولىدا.
بىلىپ قويۇڭ بىر ئۆمۈرلۈك يار تاپتىم،
يارىم كۆتەر مېنى تارىم بويىدا.

پۇل - بايلىقتا بەگچەڭىزگە يەتمەيمەن،
كۆپالىقتا ئۆزەمگە تەڭ ئەتمەيمەن.
ئۇلۇغ تارىم گۇۋا بولسۇن سۆزۈمگە،
سىز خانىمدەك ياردىن تانىپ كەتمەيمەن.

خېنىم، تېگەي دەپسىز لەنجا③ ئىمىنگە،
كۆڭلۈڭىزنى بېرىپ بولۇپ تېۋىنگە④.
مەن بولسام تۈكۈرەردىم قارالاپ،
شۇنداق يالغان ۋەدە بەرگەن لېۋىڭگە.

تېگەي دەپسىز يەنە ھاجى توختىغا،
نەرق - بايىگىز⑤ توختاپ بىر قاپ پاختىغا
ئۆرلەپ قالار يەنە نەرقى - بايىگىز،
چىقىۋېلىڭ ئېگىز يەردە تاختىغا.

* *

ئالتە شەگە داڭ كەتتى،
قاغىلىقتا تارىلغا.
ياناي دېسەم يۇرتۇمغا،
چىدامايمەن يارىمغا.
كۆڭلۈم يەنە تارتىدۇ،
ئويناپ ئۆسكەن تارىمغا.

ئېرىنىڭ مىڭ تىلى بار،
مەن ئۇچۇن يەيدۇ تاياق.
گۇيا قىلىپ ۋەدەمگە،
مېنمۇ كېلىمەن ياياق.

① قاغىلىق — كورلىنىڭ يۇخۇي يېزىسىدىكى بىر جاي ئىسمى. ② تاغى — تېغى.
③ لەنجا — لەقەمنىڭ بىر تۈرى. ④ تېۋىس — ئادەم ئىسمى. ⑤ بايىگىز — باياھىڭىز.

www.uyghurkitap.com

ئۆمۈرلۈككە تۇتۇشقان،
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق.

باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
يوللۇرۇمغا قارايدۇ.
تۆۋەن يانچى يامان خەق،
ئاڭلاسا قاۋالايدۇ①،
دۈشمەنلەرىم سىغدۇرماي،
باياۋانغا پالايدۇ.

بىزنىڭ ئۆيلەر سۇ باشى،
غوداي ② يولى ئارالدا.
تۈگۈرمەنلەر بوشاپتۇ،
كەلمەيدۇ سەن قارالدا ③.
ئېغاڭلايدۇ تورغايىم،
ياغلىقلارىڭ شامالدا.

ساڭا خالتا ئېبەردىم،
ئېرىپ قويغىن بەختەككە.
ئالەمدە كىم تەڭ كېلەر،
مەلەڭدىكى پوستەككە.
سالدامچى ④ يامان ئەرلەر،
يۈكلەپ قويدى ئېشەككە⑤.

يۈكلەپ قويدى ئېشەككە،
تۇرغۇزمايدۇ يۇرتۇدا.
تالا-تۈزگە چىقمايدۇ،
تانا بارمۇ پۇتۇدا ⑨.
مەن ئەمدى قانداق چىداي،
كالتە ⑦ يازنىڭ ئوتۇدا.

ياز بويى بوشامايدۇ،
غوداي مەلە سەيلەسى.

ئارامىزنى بۇزۇپتۇ،
قاغىلىقنى دەللەسى.
چاخچاق قىلسام چىلىق كەتتى،
كالتە خوتۇن غەلۋەسى.

دادلانىپتۇ شاگيۇغا،
بۇ مەلەدىن كەتسۇن، دەپ.
يارىم مېنى تاشلاپتۇ،
يالغۇز يۈرۈپ ئۆلسۇن، دەپ.
يارىم مېنى قاغاپتۇ،
جانى يەرگە كىرسۇن، دەپ.

گۆر-گۆرۈڭدىن ئۆتەلمەي،
ئاران كەلدىم مەلىگە.
سىدىق تۈلۈم بېرىپتۇ،
ئون مىڭ سەرنى ئۆتنىگە.
سىدىق تۇلۇم كەلمەيدۇ،
قويۇپ بەرسۇن مەيلىگە.

مەيلى قويۇپ بېرىڭلار،
تەڭ بولماڭلار پەيلىگە.
بەدكۆپانى قوغلاشما،
كىرمە ئۇنىڭ كەيىنىگە.
نېسىپ بولسا ئوينايمەن،
قارا پاچاق لەيلىگە.

ئېگىز بولغاچ بوي-بويۇم،
ئۇزۇن مەممەت دەيدۇلا.
مېنى بوزەك ئەتكەن باي،
ئۆز پوقىنى يەيدۇلا.
ئۆمۈر بەرمەس پۇل مالى،
جان ئوقىنى يەيدۇلا.

---

① قاۋالايدۇ- غودۇرايدۇ، ۋالاقشىيدۇ.
② غوداي- لۇپنۇردىكى بىر جاي ئىسمى. ③ قارال- قەرەل.
④ سالدام- لۇپنۇردىكى بىر جايىنىڭ ئىسمى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى لېكسىكىلىق مەنىسى؛ لوپنۇلۇقلار دەرەخ ئۇستىگە ياسىلىدىغان ساتىما ياكى چەللىنى سالدام دەيدۇ. ⑤ مەنىسى ئېشەككە مىندۇرۇپ باغلاپ قويدى، دېگەن بولىدۇ. ⑥ پۇتى چۈشەكلىكمۇ. دېگەن مەنىدە.
⑦ كالتە- پاكار.

## خادا دۆلڭ هاشار قوشىقى

خادا دۆلڭ هاشار قوشىقى، شىلڭ شىسەي دەۋرىدە غوداي (لوپنۇردىكى بىر جاينىڭ ئىسمى) نىڭ يۇقىرىسى، شايار توقىيىنىڭ ئارىلىقىدىكى كۆك يۇلغۇن — ساۋۇت سالتاڭ كېمىسى دېيىلىدىغان يەردە قېيىقى دەرياسىنى چېپىش هاشىرىغا قاتناشقان چوڭ كۆللۈك يۇنۇس دېگەن كىشى تەرىپىدىن توقۇلغان. ئېيتىپ بەرگۈچى قوشاقنىڭ توقۇلغان كونكرېت ۋاقتىنى ئەسلىيەلمىگەن بولسىمۇ، بەزى سۆز ئىبارىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ قوشاقنىڭ شىلڭ شىسەينىڭ تېخى «ئىلغار» لىق نىقابىدا يۈرگەن چېغىدا توقۇلغانلىقى ئېنىق.

ئەجەپمۇ يىراق ئىكەن،
بىزنىڭ يۇرتىمىز سالدام.
ئەجەپ ئادىل سورادى،
لوپنوردا بىزنى شەنجاڭ.
ۋاڭ كېجاڭنىڭ قۇدىسى،
غۇپۇر ئەپەندى دۇيجاڭ.
بىز بارالى چوڭ يولغا،
باشچى بولدى ھېيت سۇڭجاڭ.

جانىمىزنى ئاز قويدى،
يېگەن تاياق، دەردىمىزە
يۇرتىمىزغا قايتۇرسۇن،
باش دۆبېنگى، ئەرزىمىزە
ئوتتۇز كويدىن توختاپتۇ،
نان يېگەنگە قەرزىمىز.
تۇردى بەنجاڭ تىللاما،
ئايۇپ دۇيجاڭ باغلاسۇن.
مېنىڭدە گۇناھ بولسا،
ۋاڭ كېجاڭغا بىڭلاسۇن①.
هاشار دەردىنى،
شىلڭ دۇبەننى ئاڭلاسۇن.

ئۇچۇپ كەلگەن قاغىلار،
قونادىكەن تېرەككە.
لەڭچى باللا يىغلايدۇ،
ئۆلۈپ قالغان ئىشەككە.
كالتەك، قامچىسى تەگدى،
گۆشتىن ئۆتۈپ يۈرەككە.
ئامان قارىم ئېلىپتۇ،
شايالىقنى لەڭنى②.
ئىشەك هايداغان باللا،
يەپ كېتىپتۇ تېڭنى.
هۆججەت قىلىپ بەرمەپتۇ،
چار قىلىقنى شۇڭنى

ئەجەپ ئوبدان سالىپتۇ،
ئوتتۇز ئېغىزلىق دەننى.
كىشى يۇرتتا مۇساپىر،
سالامەت قىلسۇن تەننى.
باشلىقلارىمىز ئادىل،
تاسقاپ بېرەدۇ لەڭنى.

ئاياغقا چامغا چۈشتۈم،
قاپىرىپ كەتتى قولۇم.
ئىتتىك چاپ دەپ تىللايدۇ،
باشىمدا بۇللا تۇلۇم.
ئالتە پۇلدىن چىقىپتۇ،
مۇكاپاتى سەي پۇلۇم.

---

① بىڭلاسۇن — مەلۇم قىلسۇن.

② لەڭ — ئاشلىق.

هاشارچىدىن هال سوراپ،
غۇپۇر ئەپەندى كەلدى.
«ئادالەتلىك ھۆكۈمەت،
ئىككى جىڭدىن لەڭ بەردى.
چىدىغىلى بولمايدۇ،
يىيرىلغان قولنى دەردى.

بىر ىنچىلىككە ئۆتتى،
لوپنۇرلۇقلار چاپقان يەر.
ئىنجۇ①، باشلىقلار ماختاپ،
بىزنى ياخشى، باتۇر دەر.
قىنى ئىنجۇ، باشلىقلار،
بىزگە مۇكاپاتنى بەر.

كۆردۈڭلارمۇ بۆگۈرلۈك،
كەتمەن چاپقان قوللارنى.
لەڭ يىمەي كەلدىڭلارمۇ،
چالا تاشلاپ سوللارنى.
قاراڭلار بىز تۆكەتتۇق،
چامدىن باشقا يوللارنى.

ئىنجۇلارمۇ ئۇچۇرۇپ،
ئىمىننى پەرىسىنى.
ئاخمۇناقما② كىيىپتۇ،
ئىشەكنى تىرىسىنى.
ئەرز - دەرد يىزىپ بارالى،
هاشارنى نامىسىنى.
بايراغىنى كۆتەردى،
بىر - بىرىگە كۆرسەتىپ.
كۆزلەرىگە كۆرۈنگەن،
دۆڭ بولسىلا ئۆزگەرتىپ.
هايداپ ماڭدى تىكەنگە③،
يۈكۈمىزنى كۆتەرتىپ.

يۈكۈمىزنى كۆتەرتىپ،
ئاغرىپ كەتتى پۇتىمىز.
رەھمە قىلغىن ھۆكۈمەت،
نەدە قالدى يۇرتىمىز.
يىغلاماڭلار باللار،
نىسىپ بولسا يانۇرمىز.

× ×

ئوسمان چۈيجاڭ باش بولدى،
خەلقى ئالەم ئاڭلىسۇن.
كىچىكى - چوڭ ھەممەسى
تال باشلامدا④قالماسۇن.
ھۆكۈمەتنى ئىنئامى،
بىزگە ئازاپ سالماسۇن.

ھۆكۈمەتنى ئىنئامى
دىيەنخۇا سوقۇپ ماڭۇرمۇ.
داۋۇتقىچە باش بولۇپ،
تىكە ساقال قالۇرمۇ.
تۇرپانغا ئىشەك ھايداپ،
پاسا سەپەر سالۇرمۇ.

پاسا توكۇر بەگ بولۇپ،
ئالۋاڭنى قويۇپ ئىغىر.
يالاڭ دۈمبىگە ئارتىپ،

---

① ئىنجۇ — ئىنژىنىر.
② ئاخمۇناق — ئادەم ئىسمى. ③ تىكەن — تىكەنلىك (جاي ئىسمى)
④ تال باشلام — جاي ئىسمى

ئېشەكلەر ساپلا يېغىر،
يالاڭ ئاياق ماڭامىز،
كاۋاپ بولىدۇ بېغىر.

پۇتلار كۆيۈپ ماڭالماي،
چاچاق①بىلەن ئورايمىز.
ئالغان سۇلار تۆكەيدۇ،
باشقىلاردىن سورايمىز.
بىر چىنە ئاچچىق سۇنى،
باھا قويۇپ تالايمىز. ②

كىرادىن تاپقان پۇلۇم،
يەتمىدى سۇ ئالغىلى.
مېنى ئېشەكتىن قويدى،
يوقسۇزلۇقنى زارلىقى.
كۈن ئالماقىم تەس بولدى،
بۇ، زامانىنىڭ تارلىقى.

شەنجاڭ دارىن يۈرۈيدۇ،
ئېرىقنى ئېچى بىلەن.
بۇللا شائيۇ يۈرگۈدەك،
كارى يوق كىشى بىلەن.
ئاياغچىغا③ سۇ تاتتۇق،
دىلدىرام④ ئىزى بىلەن.

ئاياغچىغا سۇ تاتتۇق،
دىلدىرامدا بارسۇن دەپ.
بىر كۈن تۇرۇپ خوي⑤ ئاچتى،
ئەر خەقلەرنى كەلسۇن دەپ.

خاندىن كەلگەن گۈگىسدا⑥
دەريانى چات⑦ كۆمسۇن دەپ.
كەتمەننى تېز چېپىڭلار،
يىلنى ۋاقتى يېتىپتۇ.
ما شەنجاڭما⑧ بىلمەپتۇ،
لايسۇلۇقلار⑨ كېتىپتۇ.
تۇردى مازما باش بولۇپ،
ئۇزۇن ياسىق⑩ ئېتىپتۇ.

ياندۇرىدۇ، چاپتۇرىدۇ،
تۇردى مازما ياراتماي.
ئۆيگە يانىپ بارغاندا،
ما شەنجاڭغا قاراتماي.
قاچقانلارنى قويمايدۇ،
زىندانىغا سولاتماي.

ئېرىقنى ئېچى بىلەن
مارايدۇ ئۇننى تىڭلاپ.
بىر كۈن ئاچ قېلىپ ياتتۇق،
شايار لىڭىنى جىڭلاپ،
شايار لىڭى بەردۇق دەپ،
كەتتىمۇ خانغا بىڭلاپ.

شايار لىڭى كەپتۇ دەپ،
بۇللا شائيۇ گوللاپتۇ.
ئاياغچى دېگەن يەردە
توختى تازما ئۇنلەپتۇ.
ئاجىزلار چارىسىنى
توختى مىراب كۆرمەپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇيىدىن سايىت

①چاچاق ـ ستويا قۇمۇش. ②تالايمىز ـ تالىشىمىز.
③،④ جاي ئىسىملىرى. ⑤ خوي (خەنزۇچە) ـ يىغىن. ⑥ كۈگىس (خەنزۇچە ـ ئالاقە.
⑦ چات ـ توغرىسىغا.
⑧ ماشەنجاڭ ـ مايۇت شەنجاڭ. ⑨ لايسۇلوق ـ دۆڭكتوتانلىقلارنى كەمسىتىپ ئېيتىلغان
سۆز. ⑩ ياسىق ـ دەريا تېشىپ كېتىدىغان جاي.

يېڭى خەۋەرلەر

# پېشقەدەم يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 60 يىللىقى تەبرىكلەندى

26-دېكابىر بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ ئۆزبېك تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن پېشقەدەم يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 60 يىللىقى تەبرىكلەندى.

تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىكى بىر قىسىم مەسئۇل يولداشلار، پېشقەدەم ئەربابلار، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، ئاخباراتچىلار ۋە شۈكۈر يالقىننىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىدىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، ھازىرقى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم قاتارلىق يولداشلار سۆزگە چىقىپ، پېشقەدەم يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىننىڭ 75 ياشقا تولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇنىڭ ئىجادىي مېھنەت ۋە ئىلمىي پائالىيەت بىلەن ئۆتكەن 60 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ، ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

بىر قىسىم شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلار شۈكۈر يالقىننىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۆزبېك تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار شۈكۈر يالقىنغا تون ياپتى ۋە بادام دوپپا سوۋغا قىلدى. «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى شۈكۈر يالقىنغا رادىئولۇق ئۈنئالغۇ تەقدىم قىلدى. ئۇندىن باشقا بىر قانچە ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئارقا-ئارقىدىن ھەرخىل ماددىي بويۇملارنى ۋە گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلدى.

يىغىن ئەھلى پېشقەدەم يازغۇچى، ئەدەبىياتشۇناس شۈكۈر يالقىننىڭ كېيىنكى ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيىتىگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلىدى.

خاسىيەت روزى خەۋىرى







www.uyghurkitap.com








源　泉（布拉克）（维吾尔文）　总 43 期

MAGAZINE OF BULAK

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路 54 号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

国内统一刊号：CN 65—1063/I
本刊代号：58—108　定价：2.60 元
国外代号：Q 1118

بۇلاق (ئومۇمي 43-سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجوڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108—56　باھاسى: 2.60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118